ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئىككىنچى توم)

# 维吾尔医生药学

（中册）



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئىككىنچى توم)

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىدرىس باقى
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەتتۇرسۇن غوپۇر

**维吾尔医高等专科学校教材** | **ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى**

| | |
|---|---|
| 1. 维吾尔医基础理论学 | 1. ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئىلمى |
| 2. 维吾尔医病理学 | 2. ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش قانۇنىيىتى ئىلمى |
| 3. 维吾尔医诊断学 | 3. ئۇيغۇر تېبابىتى دىئاگنوستىكا ئىلمى |
| 4. 维吾尔医治疗枝术学 | 4. ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى |
| 5. 维吾尔医保健学 | 5. ئۇيغۇر تېبابىتى ساقلىقنى ساقلاش ئىلمى |
| 6. 维吾尔医医德医风 | 6. ئۇيغۇر تېبابىتى ئەخلاق ئىلمى |
| 7. 维吾尔医心理学 | 7. ئۇيغۇر تېبابىتى پسىخولوگىيە ئىلمى |
| 8. 基础乌尔都语 | 8. ئوردۇ تىلىدىن ئاساس |
| 9. 医用乌尔都语 | 9. تېببىي ئوردۇ تىلى |
| 10. 维吾尔医经典著作选 | 10. ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر |
| 11. 维吾尔医内科学 | 11. ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 12. 维吾尔医外科学 | 12. ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 13. 维吾尔医骨科学 | 13. ئۇيغۇر تېبابىتى سۆڭەك كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 14. 维吾尔医皮肤病学 | 14. ئۇيغۇر تېبابىتى تېرە كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 15. 维吾尔医儿科学 | 15. ئۇيغۇر تېبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 16. 维吾尔医传染病学 | 16. ئۇيغۇر تېبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 17. 维吾尔医妇产科学 | 17. ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇت ـ ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 18. 维吾尔医五官科学 | 18. ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى |
| 19. 维吾尔医精神病学 | 19. ئۇيغۇر تېبابىتى روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى |
| 20. 急救学 | 20. جىددى قۇتقۇزۇش ئىلمى |
| 21. 维吾尔医营养学 | 21. ئۇيغۇر تېبابىتى ئوزۇقلۇق ئىلمى |
| 22. 维吾尔医药用植物学 | 22. ئۇيغۇر تېبابىتى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمى |
| 23. 维吾尔医生药学 | 23. ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى |
| 24. 维吾尔医药品鉴定鉴别学 | 24. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىلمى |
| 25. 维吾尔医药炮制学 | 25. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى |
| 26. 维吾尔医处方学 | 26. ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپلار ئىلمى |
| 27. 维吾尔医成药学 | 27. ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلار ئىلمى |
| 28. 维吾尔医药制学 | 28. ئۇيغۇر تېبابىتى دوراسازلىق ئىلمى |
| 29. 维吾尔医药物化学 | 29. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى |

ISBN 7-5372-4065-5
总定价（全三册）：198.00元

ISBN 7-5372-4065-5

维吾尔医高等专科学校教材

# 维吾尔医生药学

## （中册）

主　编：吐尔洪・吾买尔

副主编：阿尔甫・买买提尼牙孜
艾力・肉孜

编　者：（按维文字母排列）
阿不力克木・努尔买买提阿吉
阿不都拉・阿不都热西提
艾力阿吉・库尔班尼牙孜艾米琪
艾尔肯・卡斯木
吐尔洪・吾买尔
吐尼莎古丽・买提卡斯木
茹克娅・沙地克
扎合达・托合提
阿力甫・吐尔地
穆塔力甫・艾力阿吉艾米琪
吾布力卡斯木・买提斯迪克
吾不力・吐尔地

新疆人民卫生出版社

ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئىككىنچى توم)


باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن تۆمەر

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز
ئەلى روزى

تۈزگۈچىلار: (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى
ئابدۇللا ئابدۇرېشىت
ئەلى ھاجى قۇربانىنىياز ئەمچى
ئەركىن قاسىم
تۇرغۇن تۆمەر
تۇنساگۈل مەتقاسىم
روقىيە سادىق
زاھىدە توختى
غالىپ تۇردى
مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى
ئوبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق
ئوبۇل تۇردى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔医生药学/阿不力克木等编．—乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2006.3
ISBN 7-5372-4065-5

Ⅰ.维… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族—民族医学—生药学—高等学校—教材—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.R291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 017548 号

责任编辑：伊德力斯·巴克
阿不力克木·努尔买买提阿吉

责任校对：热依汗·努尔

# 维吾尔医生药学

(中册)

(按维文字母排列)

阿不力克木·努尔买买提阿吉、阿不都拉·阿不都热西提
艾力阿吉·库尔班尼牙孜艾米琪、艾尔肯·卡斯木、吐尔洪·吾买尔
吐尼莎古丽·买提卡斯木、茹克娅·沙地克、扎合达·托合提、阿力甫·吐尔地
穆塔力甫·艾力阿吉艾米琪、吾布力卡斯木·买提斯迪克、吾不力·吐尔地 编

*

新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号　邮编 830001)
新疆新华印刷厂印刷
新疆新华书店发行

*

787×1092 毫米　16 开本　102 印张　103 插页
2006 年 3 月第 1 版　2006 年 3 月第 1 次印刷
印数:1－3500　总定价(全三册):198.00 元

# ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى

مۇدىرى: خېشىڭدۇڭ (دۆلەتلىك جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پەن ـ تېخنىكا مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور)

مەمتىمىن ياسىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ جىڭ (دۆلەت جۇڭيى تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پەن ـ تېخنىكا مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوكتور، پروفېسسور)

ۋاڭ شاۋيەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)

تۇرغۇن ئۆمەر (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)

خالمۇرات غوپۇر (شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوكتور، پروفېسسور)

جاۋ مىڭ (دۆلەتلىك جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پەن ـ تېخنىكا مائارىپ مەھكىمىسى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى)

ئارىپ مۇھەممەتنىياز (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى ـ مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى)

ئىدرىس باقى (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، ئالىي مۇھەررىر)

ئەلى روزى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور)

ئابدۇرېھىم قادىر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك يازما يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقاتچى)

ھەيئەتلىرى: ھەبىبۇللا يۈسۈپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر پراۋىزور)

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)

مەغپىرەت ئابدۇۋەلى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئۇبۇل ھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەممەتقاسىم ئۇبۇلھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

جۈرئەت تۇختى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئۇبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئەركىن يۈسۈپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)

ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)

تۇرغۇن تۇرسۇن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)

مۇختەر تۇرمۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)

يارمۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى ـ مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىن، مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى)

ئىسرايىل ئەبەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، مۇدىر پراۋىزور)

ئېھسان ئىمىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ئابلىكىم تۇرمۇھەممەت ھاجى (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىدىن، مۇھەررىر)

باقى يۇسۇپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
مۇھەممەتقاسىم سىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
خالىدە ھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
ھەبىبۇللا ئەلى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
نۇرسۇن غوپۇر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مەسئۇل ۋراچ)
ئۇبۇل قادىر (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
ئېزىز كەنجى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
مۇھەممەتئېلى مەھمۇدى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
رۇقىيە سادىق (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر پىراۋىزور)
نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا (يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
ئەلى ھاجى قۇربانىنىياز ئەمچى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
باقى ئالىم (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
ئابدۇخالىق ئىسمائىل (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)
مۇھىددىن غاپپار (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدىن، مۇدىر ۋراچ)

## ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

ئىشخانا مۇدىرى: **تۇرغۇن ئۆمەر** (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: **ئارىپ مۇھەممەتنىياز** (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى - مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى)
ئەلى روزى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پىروفېسسور)
ئەزالىرى: **مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى** (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)
ئۇبۇل ھەسەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)
ئۇبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، دوتسېنت)
ئابدۇكېرىم نۇرسۇنتوختى (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئەكبەر مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئەلى زىيا (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئابدۇقەييۇم مەنشىرىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
ئەنۋەر دولقۇن (شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدىن، لېكتور)
يار مۇھەممەت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى جۇڭيى - مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىن، مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى)
ئېھسان ئىمىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىدىن، مۇھەررىر)

# 维吾尔医药学教材编写委员会人员名单

| | | |
|---|---|---|
| 主　任: | 贺兴东 | (国家中医药管理局科技教育司司长,教授) |
| | 买买提明·牙生 | (新疆维吾尔自治区卫生厅厅长) |
| 副主任: | 洪　净 | (国家中医药管理局科技教育司副司长,博士,教授) |
| | 王小燕 | (新疆维吾尔自治区卫生厅副厅长) |
| | 吐尔洪·吾买尔 | (新疆维吾尔医学高等专科学校校长,副主任医师) |
| | 哈木拉提·吾甫尔 | (新疆医科大学副校长,博士,教授) |
| | 赵　明 | (国家中医药管理局科技教育司教育处处长,副研究员) |
| | 阿尔甫·买买提尼牙孜 | (新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处处长,特聘研究员) |
| | 伊德力斯·巴克 | (新疆人民卫生出版社社长,编审) |
| | 艾力·肉孜 | (新疆维吾尔医学高等专科学校副校长,教授) |
| | 阿不都热依木·卡地尔 | (新疆维吾尔自治区维吾尔医药文献整理工作领导小组办公室主任,研究员) |
| 委　员: | 艾比布拉·玉素甫 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副主任药师) |
| | 穆塔力甫·艾力阿吉艾米琪 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副主任医师) |
| | 买合皮热提·阿布都外力 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副教授) |
| | 吾布力艾山 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副教授) |
| | 阿布都卡地尔·阿布都瓦依提 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副编审) |
| | 买提卡斯木·吾布力艾山 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副教授) |
| | 居来提·托合提 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副教授) |
| | 吾布力卡斯木·买提斯迪克 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副教授) |
| | 艾尔肯·玉逊 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,副教授) |
| | 阿布都克热木·吐尔逊托合提 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,讲师) |
| | 吐尔洪·吐尔逊 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,讲师) |
| | 木合塔尔·努尔买买提 | (新疆维吾尔医学高等专科学校,讲师) |
| | 亚尔买买提 | (新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处主任科员) |
| | 斯拉甫·艾拜 | (新疆维吾尔自治区维吾尔医医院院长,新疆维吾尔自治区维吾尔医研究所所长,主任药师) |
| | 伊河山·伊明 | (新疆维吾尔自治区维吾尔医研究所副所长,副编审) |
| | 阿不力克木·努尔买买提阿吉 | (新疆人民卫生出版社,编辑) |

巴克·玉素甫　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
买提卡斯木·斯地克　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
哈丽达·艾山　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
艾比布拉·艾力　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主任医师）
吐尔逊·吾甫尔　（新疆维吾尔自治区维吾尔医医院，主治医师）
吾布力·卡德尔　（喀什地区维吾尔医医院副院长，副主任医师）
艾则孜·坎吉　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
买买提艾力·麻合木提　（喀什地区维吾尔医医院，主任医师）
茹克娅·莎地克　（喀什地区维吾尔医医院，主任药师）
尼木吐拉·艾拜都拉　（莎车县维吾尔医医院，副主任医师）
艾力阿吉·库尔班尼牙孜艾米琪　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
巴克·阿力木　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
阿布都合力克·斯马义　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）
木依丁·阿巴尔　（和田地区维吾尔医医院，主任医师）

## 维吾尔医药学教材编写委员会办公室成员名单

办公室主任：吐尔洪·吾买尔　（新疆维吾尔医学高等专科学校校长，副主任医师）
办公室副主任：阿尔甫·买买提尼牙孜　（新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处处长，特聘研究员）
艾力·肉孜　（新疆维吾尔医学高等专科学校副校长，教授）
成　　员：穆塔力甫·艾力阿吉艾米琪　（新疆维吾尔医学高等专科学校，副主任医师）
吾布力艾山　（新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授）
吾布力卡斯木·买提斯迪克　（新疆维吾尔医学高等专科学校，副教授）
阿布都克热木·吐尔逊托合提　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
艾克拜尔·买买提　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师））
艾力·孜瓦　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
阿布都克优木·买提西热甫　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
安瓦尔·杜力坤　（新疆维吾尔医学高等专科学校，讲师）
亚尔买买提　（新疆维吾尔自治区卫生厅中医民族医药管理处主任科员）
伊河山·伊明　（新疆维吾尔自治区维吾尔医研究所副所长，副编审）
阿不力克木·努尔买买提阿吉　（新疆人民卫生出版社，编辑）

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تىبابىتى — ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان تۇرلۇك كېسەللىكلەر بىلەن ئىزچىل كۇرەش قىلىشى جەريانىدا يەكۇنلىگەن تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۇنى.

ئۇيغۇر تىبابىتى — قەدىمدىن بۇيان 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاپ، كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇپ، ساغلام ئۆسۈپ كۆپىيىشىگە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر تىبابەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس نەزەرىيە سىستېمىسىغا ۋە بىر يۈرۈش داۋالاش ئۇسۇللىرىغا، مول دورا بايلىقلىرىغا ئىگە.

ئۇيغۇر تىبابىتى تارىختىن بۇيان ئۇستاز - شاگىرت تەربىيىلەش شەكلى ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىدى. 1983 - يىلى كۆكخوتتا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك مىللىي تىبابەتچىلىك خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنى خوتەندە قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە مەكتىپىمىز 1987 - يىلى تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىدى. مەكتىپىمىزنى 1989 - يىلى 9 - ئايدا دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى رەسمىي تەستىقلاپ ئەنگە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرى ھازىرقى زامان مائارىپى دەۋرىگە قەدەم قويدى.

1986 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى مەرھۇم ئىسھاقجان مەھمۇدىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى، سابىق نازىر رەقىپ ئاباسنىڭ رەھبەرلىكى، مۇئاۋىن نازىر مۇھەممەتئىمىن سابىرنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكى، جۇڭيى - مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئارىپ مۇھەممەت نىيازنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر تىبابىتى مۇتەخەسسىسلىرى مەكتىپىمىزنىڭ تۇنجى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈشنى باشلاپ، 1992 - يىلى بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تولۇق ئاخىرلاشتۇردى. بۇ دەرسلىكلەرنى باشتىن - ئاخىر ئالىي مۇھەررىر مەرھۇم ئىنايىتۇللا ھېلىمى، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، تىلشۇناس مەرھۇم ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇفى قاتارلىقلار بېكىتىپ، تەھرىرلەپ ۋە ئىش قوشۇپ، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى ئىلگىرى - كېيىن نەشر قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك مائارىپىغا تۇنجى ئاساس سالغان ئىدى. مەكتىپىمىز ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەتئىمىن ياسىن، سابىق مۇئاۋىن نازىر گۈلبوستان سابىت قاتارلىقلارنىڭ

رەھبەرلىكى بىلەن مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىزباسارلىرىنى ئەتراپلىق، سەۋىيىلىك، سۈپەتلىك تەربىيىلەش ئۈچۈن، 10 نەچچە يىللىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىمىزنى يەكۈنلەش ئاساسىدا مەكتىپىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈشنى 2002 - يىلى باشلىغانىدۇق. مەكتىپىمىز بىر نەچچە يىلدىن «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» نامىدىكى بۇ كونسپېكتنى نەشرگە تاپشۇرغىنىمىزدىن كېيىن، قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقى بايقىلىپ، مەزكۇر كونسپېكتقا مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى قاتارلىقلار كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلما جەھەتتە باشتىن - ئاخىر قايتىدىن رەتلەپ، تېمىغا مۇناسىۋەتسىز، ئىلمىيلىكى يوق دەپ قارالغان مەزمۇنلارنى قالدۇرۇۋېتىپ، «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، كونسپېكتقا كىرگۈزۈلمەي قالغان زور بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ۋە دورىلارنى يېڭىدىن يېزىپ چىقىپ، دورىلارنىڭ ھەر قايسى تىللاردىكى ناملىرىنى تولۇقلاپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ بېكىتىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، «ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى» دەرسلىكىنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پايدىلىنىش قىممىتىنى ئاشۇردى.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنىڭ سىستېمىلىق، مۇكەممەل، سۈپەتلىك، تەلەپكە لايىق نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى دەرسلىك
ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتى ئىشخانىسى
2006 - يىلى 1 - مارت

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى — ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلار ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى؛ ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۇلارنى يىغىۋېلىش، ساقلاش ۋە ئۇنۇمىنىڭ تۇرۇش مۇددىتى؛ ئۇيغۇر تېبابىتىدە خام دورىلارنى تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى؛ ئۇيغۇر تېبابىتىدە، خام دورىلارغا تەبىئەت بەلگىلەش ۋە ئۇلارنى خۇسۇسىيەتكە ئايرىش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلدى.

مەخسۇس قىسمى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ خام دورىلارنى خۇسۇسىيەتكە ئايرىش پرىنسىپى بويىچە خىلىتسىز غەيرىي تەبىئىي كەيپىياتنى تەڭشىگۈچى دورىلار، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى پىشۇرغۇچى دورىلار، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرگۈچى دورىلار، قان تازىلىغۇچى دورىلار، قان كۆپەيتكۈچى دورىلار قاتارلىق 45 بابقا بۆلۈندى، ھەر بىر بابى بىر نەچچە خىل دورىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خىل دورىنىڭ تونۇشى، خىمىيىلىك تەركىبى، فارماكولوگىيىلىك تەسىرى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىش مىقدارى، زىيانلىق تەسىرى، تۈزەتكۈچىسى، ئورۇنباسارى، چىقىش ئورنى، پىششىق دورا ياسالمىسى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلدى خۇسۇسىيىتى ئورتاق بولغان بىر قىسىم دورىلار مۇناسىۋەتلىك بابلاردا تەكرارلاندى. ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خام دورىلارنى پەرقلەندۈرۈشكە ياردىمى بولۇش ئۈچۈن، شۇ خىل دورىنىڭ رەڭلىك سۈرىتى كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىندى.

ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسلىكنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابىتى خام دورىلىرىغا ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ئاساس سالالايدۇ.

بۇ دەرسلىك، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئوقۇغۇچىلىرىدىن سىرت، ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىدىكى تېۋىپ، دورىگەرلەرنىڭ ۋە دورا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
2006 ـ يىلى 1 ـ مارت
ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە

ئون بىرىنچى باب ئىششىق ياندۇرغۇچى دورىلار ........ 1
قارادان ........ 2
جانجاقئوت ........ 3
جامكا ........ 4
پەربۇن ........ 5
ئاق موم ........ 6
تىكەنلىك لېپەكگۈل ........ 8
سېغىنچېچىكى ........ 9
چىغىرتماق گۈلى ........ 11
يانتاق ........ 12
تۇخۇم ئېقى ........ 14
ماھۇدان ........ 15
ئىكلىلمىلىك ........ 17
قىزىلگۈل يېغى ........ 18
سۆگەتگۈل ........ 20
مامچەمەك ........ 22
ئۇستقۇدىرىيۇن ........ 24
ئون ئىككىنچى باب قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار ........ 37
ئانېمارربنا ........ 38
قاغىتىرنقى ........ 39
شاقايىقۇننۇئمان ........ 41
تالك ........ 43
مودەنگۈل يىلتىز پوستى ........ 44
گاۋزبان چىنى ........ 46
لوكات ........ 48
لوپنۇر كەندىرى ........ 50
قېرىقىز ........ 51
سۆگەت ........ 53
تاشئوت ........ 55

سىركە ........................................ 56
ئاق لەيلى ئۆرۈقى ........................................ 59
**ئون ئۈچىنچى باب سۇيدۇك ھەيدىگۈچى دورىلار ........................................ 71**
تاۋۇز ئۆرۈقى ........................................ 71
كۆك كاۋا شاپىقى ........................................ 73
كاللەكبەسەي ........................................ 74
كۆممىقوناق ساقىلى ........................................ 75
تۇرۇپ ........................................ 77
چىنىگۇل ........................................ 79
ياۋا كەشمىر ........................................ 80
پىلىكئوت ........................................ 81
پالما مەرىزى ........................................ 83
ئاپتاپپەرەس يىلتىزى ........................................ 84
كەرەپشە ئۆرۈقى ........................................ 85
تەرخەمەك ئۆرۈقى ........................................ 87
ئەتىرگۇل ........................................ 88
تاۋۇزەك ........................................ 89
پالەك ئۆرۈقى ........................................ 91
**ئون تۆتىنچى باب تاش پارچىلىغۇچى دورىلار ........................................ 99**
تىللا ئوت ........................................ 100
ياۋا سەۋزە ئۆرۈقى ........................................ 101
ماگنىت تېشى ........................................ 103
ئوغرىتىكەن ........................................ 104
ھەجرۇليەھۇد ........................................ 106
بېلىق مېڭە تېشى ........................................ 107
قوغۇن ئۆرۈقى ........................................ 108
قوغۇن ساپىقى ........................................ 110
**ئون بەشىنچى باب چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار ........................................ 115**
پىيزەك ........................................ 116
بانان ........................................ 117
سەۋزە ........................................ 118
زەيتۇن مېۋىسى ........................................ 120

ئۆرۈك مېغىزى يېغى ........ 122
ئۆرۈك ........ 123
كۆك داۋا ........ 124
كۈدە ........ 126
بېدە ........ 128
پالەك ........ 129
**ئون ئالتىنچى باب يەل ھەيدىگۈچى دورىلار ........ 137**
كەپە ........ 138
يەرلىك توغرىغا ........ 139
تاشتۈز ........ 140
كېلەر ........ 142
شاكال بەدىيان ........ 143
مۈشكىتارامىش ........ 145
زاراڭزا مېغىزى ........ 146
زەرچىۋە ........ 147
سۈزاپ ئۇرۇقى ........ 149
تۆگىقۇشى ........ 151
كۈدە ئۇرۇقى ........ 152
كەسلەنچۈك ........ 153
كەرۋىيا ........ 155
ئۆشەق ........ 156
تاغ سامىسىقى ........ 158
زىرە ........ 159
**ئون يەتتىنچى باب مەددە قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلار ........ 169**
ھەببۇلمۇلۇك ........ 169
ھەببۇلمۇلۇك يېغى ........ 172
نەرگىس ........ 173
گۈلەمبەر ........ 175
بەرەنگى كابىلى ........ 176
كاۋا ئۇرۇقى ........ 178
قەنبىل ........ 179
فۇپەل ........ 181

ئەدەس ........ 183
باقىلە ........ 185
تورموس ........ 186
ئاچچىق بادام ........ 187
**ئون سەككىزىنچى باب  ھەيز راۋان قىلغۇچى دورىلار ........ 191**
ھەببۇلبان ........ 191
ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى ........ 193
جۇزنەك ........ 194
دەرمەنە تۇركى ........ 195
ئەنجۇدان ئۇرۇقى ........ 197
ئاغىچە ........ 199
زاراڭزا چېچىكى ........ 201
ئارچا مېۋىسى ........ 202
ئاپتاپپەرەس گۈلى ........ 205
**ئون توققۇزىنچى باب  قەي قىلدۇرغۇچى دورىلار ........ 209**
ئاق خەربەق ........ 209
تۇرۇپ ئۇرۇقى ........ 211
ئارا كۆز بەدىيان مايىسى ........ 213
**يىگىرمىنچى باب  تەرلەتكۈچى دورىلار ........ 217**
ياۋا پۇرچاق ........ 217
قىزىلمۇچ ........ 219
چاكاندا ........ 221
**يىگىرمە بىرىنچى باب  ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار ........ 227**
تۆگىتاپان ........ 228
دىبىق ........ 229
ئەزپارەتتىپ ........ 230
يالپۇز ........ 231
كۆكنار پوستى ........ 233
سۆرۈنجان ........ 235
ئىنەكپىتى ئۇرۇقى ........ 238
ئىتياڭىقى ئۇرۇقى ........ 240
زاراڭزا يېغى ........ 242

قارا كۆز بەدىيان ........ 243
مۇشكىدانە ........ 245
بالدىرغان ........ 247
پىلە قۇرتى مايىقى ........ 248
يالپۇز جەۋھىرى ........ 250
**يىگىرمە ئىككىنچى باب تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ........ 261**
ياۋا زاغۇن ........ 261
بوزتىكەن ........ 263
تېزەكچى قوڭغۇز ........ 264
قۇنۇن ........ 265
شەۋكىران ........ 267
كاپۇر ........ 268
لوفاھ ........ 271
ئۇسرۇل ........ 274
قەھۋە ........ 276
تاماكا يوپۇرمىقى ........ 278
ئۆزبەر ........ 280
ئۇسۇك ئۇرۇقى ........ 281
بالەنگۇ چۆپى ........ 283
شازاندىرا ........ 284
**يىگىرمە ئۈچىنچى باب مەست قىلغۇچى دورىلار ........ 289**
ئەپيۇن ........ 289
بەزرۇلبەنجى ........ 293
كەندىر ئۇرۇقى ........ 295
ئىتياڭىقى گۇلى ........ 297
ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى ........ 299
**يىگىرمە تۆتىنچى باب قابىز دورىلار ........ 301**
يۇلغۇن ........ 302
قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى ........ 303
چۇلۇك دەرىخى قوۋزىقى ........ 304
ئاتقۇلاق ئۇرۇقى ........ 305
مامىسا ........ 307

بەللۇت ........ 309
جىگدە ........ 310
كۈندۈر ........ 312
ئانار ئۇرۇقى ........ 314
ئازغان مېۋىسى ........ 315
سېمىزئوت ئۇرۇقى ........ 317
پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ........ 319
يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ........ 320
تاجىگۇل ........ 322
كۆكمارال ........ 323
قاندالا ........ 324
كەھرىۋا ........ 326
ئاقاقىيا ........ 328
تاباشىر ........ 329
سالاجىت ........ 331
ئوچاق چالمىسى ........ 332
تازىلانغان شور ........ 333
سىماقۇلئەبغەيىن ........ 335
غاز تۇخۇم شاكىلى ........ 336
ياچىۋەك تۇخۇمى ........ 337
تاشقا ئايلانغان سۆڭەك ........ 338
**يىگىرمە بەشىنچى باب جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار** ........ 345
گىلى مەختۇم ........ 346
مەدەستان ........ 347
ھەببۇلئاس ........ 349
كەتىراچىنى ........ 350
كەركىدان مۈڭگۈزى ........ 352
كۆكتاش ........ 353
سەرتان نەھرى ........ 355
سەرتان بەھرى ........ 357
چارپاقا ........ 358
گەج ........ 360

سەنگى جاراھەت ...... 361
رال ...... 363
قەلەي ...... 364
زەرنىخ ...... 366
ئەنزىرۇت ...... 369
ئانار پوستى ...... 370
ئابنۇس ...... 371
قەشقەر ئۇپىسى ...... 373
تەبىئىي مىس ...... 374
تەلق ...... 376
تۇخۇم ئىچقى پەردىسى ...... 377
**يىگىرمە ئالتىنچى باب زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار ...... 385**
چاكا مۇخ ...... 385
پاقا شىرىسى ...... 386
غاز قىنى ...... 388
ھەرە كۆنىكى ...... 389
شەھدان ...... 390
بالىلار سۆيدۈكى ...... 391
كاكتۇس ...... 393
روشەنگۈل ...... 394
فىروزە ...... 396
كالا ئۆتى ...... 398
ئات يادا تىشى ...... 400
چايان ...... 401
زەھرەموھرە ...... 403
سانجىقئوت يىلتىزى ...... 405
چىنار ئۇرۇقى ...... 406
قىرىقئاياغ ...... 407
**يىگىرمە يەتتىنچى باب تەبىئەتنى قۇۋۇەتلىگۈچى دورىلار ...... 415**
تاشپاقا قېپى ...... 415
توخۇ گۆشى ...... 416
تۆگە گۆشى ...... 418

ئۆلار گۆشى ........ 419
قوي سۆتى ........ 420
قوي يېغى ........ 421
قوي گۆشى ........ 422
ئادەمگىياھ ........ 424
كەكلىك گۆشى ........ 428
كەپتەر گۆشى ........ 430
ئۆچكە گۆشى ........ 431
پاختەك گۆشى ........ 433
ئات گۆشى ........ 434
بۇغداي ........ 436
كىرپە ........ 437
يەرمەدىكى ........ 439
زەپەر ........ 441
يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ........ 443
گاسترودىيە ئوتى ........ 445
بۆدۈنە ........ 446
**يىگىرمە سەككىزىنچى باب مېغىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار** ........ 453
قوي مېڭىسى ........ 454
بۇغئوت يىلتىزى ........ 455
جەزبۇزار ........ 456
ياڭاق ........ 457
ئالتۇن ۋاراق ........ 459
كۈمۈش ۋاراق ........ 460
ئەنبەر ........ 461
قۇندۇز قەھرى ........ 463
ئىپار ........ 464
قۇشقاچ مېڭىسى ........ 466
لاچىندانە ھىندى ........ 467
بالەنگو ئۇرۇقى ........ 469
كەرمان ........ 470
چاي ........ 471

# ئون بىرىنچى باب  ئىششىق ياندۇرغۇچى دورىلار

ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ ئىششىق ياندۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن خىلىتلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى، سىرتقى زەخىملەر، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، يۇرەك، بۆرەك ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىنىڭ ئاسارىتى؛ تۈرلۈك ياللۇغلىنىشلار، ئەزا، قان ـ تومۇر ۋە توقۇلمىلاردىكى توسۇلۇش قاتارلىقلاردىن ئورگانىزمدا ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، قورساق ۋە توقۇلمىلارغا سۇ چۈشۈش، ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى، مۆچىلەر ئىششىش، كۆز ۋە قاپاقلار ئىششىش، توقۇلما ۋە ئەزالار ئىششىش، تال ۋە جىگەر چوڭىيىش ... دەك تۈرلۈك ئىششىقلار پەيدا بولىدۇ.

بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئىششىق ياندۇرغۇچى دورىلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، كېسەللەرگە ئىشلەتكەندە، كېسەل پەيدا قىلغان سەۋەپكە ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار ئىششىق ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم چىقىرىش، قان تازىلاشتەك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاپ ئىششىق ياندۇرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار ئىششىق ياندۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قارادان، جاغجاقئوت، جامكا، پەربۇن، ئاق موم، تىكەنلىك لېپەكگۈل، سېغىنچېچەكى، چىغىرتماق گۈلى، يانتاق، تۇخۇم ئېقى، ماھۇدانە، ئىكلىلمىلىك، قىزىلگۈل يېغى، سۆگەتگۈل، مامچەمەك، ئۇستقۇدىرىيۇن.

كېۋەز ئانىسى، بابۇنە، ئابدىمىلىك يېغى، سەبرى، سازاڭ، يالغان ئادەمگىياھ، موزايېبىشى، بەنگىرا، جۆئىد، نەغەز گۈلى يىلتىزى، شاتارى، ئاق لەيلى يىلتىزى، ئاق لەيلى گۈلى، كۆكاۋا شاپىقى، كۆمەقوناق ساقىلى، يۆگىمەچ ئوت، كۈدە، زەرچۇۋە، ئارپىبەدىيان، تازىلانغان شور، مامىسا، كۆك مارال، پاقا شىرىسى، كاكتۇس، تاغ سۇمبۇلى، زۇپا، شۇمشا ئۇرۇقى، تاغ پىيىزى، زىغىر ئۇرۇقى، جۇڭگو ماگدارى، يۆگىمەچ ئوت، چاققاق ئوت ئۇرۇقى، ياۋا كەشمىر، جۆزنەك.

# قارادان

(连翘 lian qiao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Forsythiae Suspensae

[ئىنگلىزچە نامى] Weeping Forsytia Fruit

[تونۇش]

ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى يۇپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال قۇشقاناتنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «قارادان» ياكى «قۇشقانات» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] forsythin، phillygenin، destro pinoresinol، dextro pinoresinol glucoside قاتارلىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مىكرو ئورگانىزملارغا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

2. قۇسۇشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

3. ياللۇغقا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

4. جىگەرنىڭ زەخىملىنىشىگە قارشى تۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما پەسەيتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قانتىقلىقنى يۇمشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زۇكام ۋە نەزلە، ھەر خىل ئەسۋە، ئېغىز يارىسى، گال ئاغرىقى، يۆتەل، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، تولغاق، ئۈچەي ياللۇغى، كاالا تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇشقانات ئالتە گرام، سەرپىستان، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار-نىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قايىنتىپ ئىچىپ بەرسە، زۇكام ۋە نەزلىگە مەنپەئەت

قىلىدۇ.

2. قۇشقانات ئالتە گرام، يەرلىك شوخلا بەش گرام، ئوغرىتىكەن بەش گرام، كاكىنەچىتىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ، يەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە، ھەر خىل ئەسۋىلەرگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~6 گرامغىچە ئىچىشكە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، زىرە.

[ئورۇنباسارى] ئاينۇلا.

[چىقىش ئورنى] دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىر يۇقىرى بولغان تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ، ھازىر شەھەرلەردىمۇ ئۆستۈرۈلىۋاتىدۇ، دۇڭبېي، خېبېي، گەنسۇ ۋە شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىم جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قارادان دەملىمىسى.

## جاغجاقئوت

(漏芦 lou lu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix stemma camtac uniflovi

[ئىنگلىزچە نامى] Rhapontici Root

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك «تاغ خوخىسى» نىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «جاغجاقئوت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھارارەت پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، يىرىڭ تازىلاش، گۆش ئۇندۇرۇش، سۈت كۆپەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تارقىلىشچان قۇلاق ئاستى بەز ياللۇغى، سۈت بېزى ياللۇغى، چىيقان، غەلۋىرەك

قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 15 گرامدىن، جاغجاقئوت 10 گرام، گۈل يېغى 60 گرام، دورىلاردىن مەلھەم تەييارلاپ چاپسا، سۈت بېزى ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. جاغجاقئوت، سەرسىبىل، ئاق لەيلىگۈلى، شاھتەررە 10 گرامدىن، دورىلاردىن يۇيۇلما تەييارلاپ، چيقان، غەلۋىرەكنى سىرتتىن يۇيۇپ بەرسە پايدا قىلىدۇ.

3. جاغجاقئوت 10 گرام، چۆپچىن يەتتە گرام، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، شاھتەررەدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايناتىلما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، چيقان، غەلۋىرەككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان ھۆللۈكىنى ئاشۇرىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەديان.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە.

[چىقىش ئورنى] پەس، قۇرۇق تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدۇ، رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## جامكا

(浮萍 fu ping )

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Spirodelae Polyrrhizae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Duck smeat Herb

[تونۇش]

جامكا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆلچەكلەردە ئۆسىدۇ، گۈلى ئاق رەڭدە كېلىدۇ، تېبابەتچىلىكتە ئۇنىڭ پۈتۈن چۆپى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ (3.11 ـ رەسىم).

[تەبئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ماددىلارنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش ھەم ھامىلىدارلىقتىن ساقلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، يەلتاشما، قىزىل، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جامگا 35 گرام، قىزىلچا 70 گرام، زاراڭزا چېچىكىدىن 12 گرام ئېلىپ سوقۇپ، چەككىلەنگەن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ 4 گرامدىن كۆمىلاچ ياساپ، ھەيزدىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە كۈنگە ئىككى قېتىمدىن، ھەر قېتىمدا ئىككى كۆمىلاچنى قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، تۇغۇتتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۈچ ئاي (ئۈچ قېتىملىق ھەيزدىن كېيىن) ئۇدا ئىچىلسە، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تۇغۇتتىن ساقلىنىشقا بولىدۇ.

2. جامگا 4 گرام، بەدىيان، تەرخەمەك ئۇرۇقى 10 گرامدىن، بۇ دورىلارنى قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بەلغەم مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ناۋات، زىرە.

[ئورۇنباسارى] سىركە.

[چىقىش ئورنى] كۆل، شاللىق، سازلىقلاردا ئۆسىدۇ، رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## پەربۇن

(柴胡 chai hu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhadix bupleuri chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] chinese thoro wax

[تونۇش]

بۇ كۆنلۈكسمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تار يوپۇرماقلىق پەربۇننىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت (11 .4 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پەربۇن سوپۇنلۇق گلۇكوزىدىدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يالللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، پەي - مۇسكۇلنى چىڭىتىش، تۇتۇش، ئىششىقنى قايتۇرۇش، ھەيز قېنىنى توختىتىش، مىزاجنى تەڭشەش، تال ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى كۈچەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، جىگەر يالللۇغى، ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئۆتكۈر يالللۇغى، كۆكرەك پەردە يالللۇغى، ئىغىزى قۇرۇش، كۆكرەك ئاغرىش، ئاشقازان تۆۋەنلەپ كېتىش، مەقئەت چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقۇقى، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەتىراچىنى 10 گرام، قانتېپەر بەش گرام، پەربۇن يەتتە گرام، دورىلارنى قاينىتىپ ئىچسە، سوغى چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقىپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ.

2. ئاق تېرەك يوپۇرمىقى 10 گرام، پەربۇن 7 گرام، قارىئۆرۈك 10 گرام، دورىلارنى قاينىتىپ ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز.

[چىقىش ئورنى] ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ تاغ باغرىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پەربۇن دەملەنمىسى.

## ئاق موم

(蜂蜡 feng la)

[ئەرەبچە نامى] شمع

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] موم

[لاتىنچە نامى] Cera Flava
[ئىنگلىزچە نامى] Beewax
[تونۇش]
بۇ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل يىغىدىغان كۆنىكى بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ، 1 ـ خىلى، ھەسەل ھەرىسى قۇسۇپ تۈپلىغىنى، بۇنىڭ رەڭگى قىزىل، سېرىققا مايىل، يۇمشاق، ياغلىشاڭغۇ، خۇشبۇي بولۇپ، ھەسەل پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، 2 ـ خىلى، ھەسەل ھەرىلىرى ئورۇن قىلغان، ئەمما ھەسەل قوشمىغىنىدۇر، بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھېسابلىنىدۇ، 3 ـ خىلى بىر خىل قارا رەڭلىك نەرسە بولۇپ، ھەسەل ھەرىلىرى ئۆزىنىڭ كۆنەكلىرىگە سۈركەيدۇ، بۇ «تەسلىت» دېيىلىدۇ، بۇ خىلى ناچار ھېسابلىنىدۇ، دورىغا ئاساسەن بىرىنچى خىلى ئىشلىتىلىدۇ (11 . 5 ـ رەسىم) .
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاتسىدۇم تىسروتىكوم ترولىنىن، مورىتىن، ياغ كىسلاتاسى، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ھېپتاتوزانى قاتارلىق ماددىلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] چىرىشكە قارشى تۇرۇش رولى بار.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئىششىق قايتۇرۇش، يەيلەرنى بوشىتىش، ئاغرىق توختىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
كونا ئىچ سۈرۈش، يۆتەل، سىل، گال ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىق نېرۋا كېسەللىرى، يىرىڭلىق جاراھەت، قىچىشقاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. گۆل يېغى ياكى تاتلىق سۇ بىلەن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ ئېرىتىپ ھومۇل قىلسا، ئۈچەي، ئېچىشىش كېسىلىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. بىر گرام مومنى مۇناسىپ ياغلار بىلەن، بولۇپمۇ بىنەپشە يېغى بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، كۆكرەك ۋە باشقا ئەزالارنىڭ يىرىڭلىكىنى يوقىتىدۇ، ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ، قىچىشقاقنى پەسەيتىدۇ، جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.
3. 0.5 گرام مومنى سەۋسەن يېغى بىلەن قوشۇپ چاپسا، سەپكۈننى يوقىتىدۇ، پەيلەرنىڭ قاتتىقلىقىنى بوشىتىدۇ، مومنى پارچىلاپ قۇرۇق زەنجىۋىل بىلەن بىرگە ئېزىپ، كىچىك خالتىغا ئېلىپ كۈنجۈت يېغىدا قىزىتىپ ئىششىقلارغا ئىسسىق ئۆتكۈزسە، ئىششىقلا-

رنى تارقىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ئۆزىنى ئىچكۈزسە، قان تولغاقنى داۋالايدۇ، ھەر خىل مەلھەملەرنىڭ ياردەمچىلىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

4. 20 گرام مومنى ئىككى گرام سەدەپ سۇپۇپى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن كۆمىلاچ تەييارلاپ، بىر تال كۆمىلاچنى يېگۈزۈپ، ئارقىدىن سۇت ئىچكۈزۈلسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گرام

[زىيانلىق تەسىرى] ئىشتىھانى تۇتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، باديان.

[ئورۇنباسارى] ماش ئۇنى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى ۋەرەم.

[ئىزاھات] بەزى چاغلاردا ساپ مومغا نېفىت ۋە باشقا ھايۋانلاردىن ئېلىنغان مومسىمان ماددىلارنى قوشۇپ قويىدۇ، بۇنى ئالاھىدە پەرق ئېتىش لازىم.

## تىكەنلىك لىپەكگۈل

(倒扣草 dao kou cao)

[پارسچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Achyranthis Asperae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Achyranthes Herb

[تونۇش]

بۇ تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق تۈز ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تىكەنلىك لىپەكگۈلنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت بولۇپ، «چىرچىتە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. شاخلىرى تارقاق سىلىندىر شەكىللىك، سۆسۈنگە مايىل قىزىل رەڭلىك كېلىدۇ (6.11 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۆستۈن چۆپىدە ناھايىتى كۆپ كالتسىي بار، ئۇنىڭدىن باشقا

رۇز، پولات، گۈڭگۈرت ۋە باشقىلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، بەلغەم چىقىرىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، يۆتەل، زىققە، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تىكەنلىك لېپەكگۈلنىڭ يىلتىز، يوپۇرماق ۋە شاخلىرىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ.

2. تىكەنلىك لېپەكگۈل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يىلان، چايان چاققان يەرگە سۈركىسە، زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. تىكەنلىك لېپەكگۈلنىڭ يوپۇرماقلىرىنى قۇرۇتۇپ، ئاندىن كۆيدۈرۈپ كۈلىنى بىر گرامغىچە ئىچسە، سۇلۇق ئىششىق، يۆتەل ۋە قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىشتىھانى تۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئاق لەيلى گۈلى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان، پاكىستاندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تىكەنلىك لېپەكگۈل قايناتمىسى.

## سىغىنچىچىكى

(喉咙草 hou long cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى] غاروازگونہ

[ئوردۇچە نامى] چرچٹ-چرچرا

[لاتىنچە نامى] Herba Seu Fructus Androsaces Umbellatae

[ئىنگلىزچە نامى] Umbellate Rockjasmine Herb

[تونۇش]

بۇ باھارگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىمال سېغىنچېچەكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن قىسمى «سېغىنچېچەكى» ياكى «تاغ سەرسىبىلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى 15 ~ 25 سانتىمېتىر بولۇپ، يوپۇرمىقى تۈۋىدىن ئۆسىدۇ، سېپى قىسقا، يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن كۆپ ساندا گۈل شېخى ئۆسۈپ چىقىدۇ، ھەر بىر گۈل شېخىدا 6 ~ 20 تالغىچە كىچىك ئاق گۈللىرى بولىدۇ، غوزا مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، پىشقاندا بەشكە يېرىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] سوپۇنلۇق ھىدروكسىدلار، فىنوللار، قەنتلەر ۋە بىئولوگىيىلىك ئىشقارلارنىڭ چۆكمىسىدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۈرەكنى كۈچەيتىش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىقتىن بولغان كۆز قىزىرىپ قېلىش، ھەر خىل زەخىملىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، چىش ئاغرىقى، ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما گال ئىششىقى، بادامسىمان بەز ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىتياگىقى ئۇرۇقى 0.001 گرام، سېغىنچېچەكى 12 گرام، بەزرۇلبەنجى 2 گرام، بالدىرغان 2 گرام ئېلىپ سۇيۇپ قىلىپ ئىچسە ياكى ئاغرىغان ئورۇنغا چاپسا، ھەرخىل ئاغرىقلارنى توختىتىدۇ.

2. تەمرى ھىندى 10 گرام، يەرلىك شوخلا 15 گرام، گۈل بىنەپشە 15 گرام، سېغىنچېچەكى 12 گرام، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 15 گرامدىن ئېلىپ، دەملەپ ئىچىپ بەرسە، گال ئىششىقىنى قايتۇرۇپ، بادامسىمانبەز ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

3. سېغىنچېچەكى 12 گرام، نىلۇپەر 10 گرام، بىنەپشە، ئاق لەيلى 10 گرام، قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھارارەت پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 4~12 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] قەلەمپۇر، پىننە، زىرە.
[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.
[چىقىش ئورنى] تاغ - دەريا بويلىرىدىكى نەم جايلاردىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇپى سىغىنچىچىكى.

## چىغىرتماق گۈلى
(马蔺花 ma lin hua)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Flos Isidis Chinensis
[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Iris Flower
[تونۇش]
بۇ گۈلسەۋسەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك گۈلسەۋسەننىڭ گۈلى بولۇپ، «سەۋسەن»، «گۈلسەۋسەن» ياكى «چىغىرتماق گۈلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (11.8 - رەسىم).
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، قاننى تازىلاش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم سەۋدا ماددىسىنى پىشۇرۇش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، زەخمىلەرنى پۈتتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، بەلغەم بوشىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، بوۋاسىر، بويۇن بەز سىلى كېسەللىرىگە، بەھەق، بەرەس، يىرىڭلىق قىچىشقاق، ھۆل تەمرەتكە، چايان ۋە يىلان چېقىۋېلىش، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، زۇكام، نەزلە، ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى، قورساق ۋە توقۇلمىلارغا سۇ

چۇشۇش، شەقىقە، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەۋسەن گۈلىنى گۈل يېغى ۋە ئەرەقى گۈل بىلەن باشقا چاپسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. گۈلى سەۋسەننى سۇيۇپ قىلىپ، بۇرۇنغا تارتسا، شەقىقىگە پايدا قىلىدۇ.

3. زۇپا 10 گرام، زىغىر 15 گرام، سەۋسەن گۈلى 10 گرام، سەرپىستان يەتتە گرام، بادام مېغىزى 15 گرام ئېلىپ تالقانلاپ، كۈنىگە ئىككى ۋاخ 10~5 گرامغىچە ئىچسە، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

4. سەۋسەن گۈلىدە گۈلقەنت تەييارلاپ يەپ يەرسە، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەقىلنى زىيادە قىلىدۇ.

5. يەرلىك شوخلا، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك ۋە سەۋسەن گۈلى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ۋاننا قىلسا ياكى يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىپ چاپسا، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~3 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، سىركە، سۇماق.

[ئورۇنباسارى] چىغىرتماق يىلتىزى: زۇپا گۈلى.

[ چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] بۇ ئۆسۈملۈك ئىرىسا ئۆسۈملۈكى بىلەن بىر ئائىلىگە مەنسۇپ بولغاچقا، نۇرغۇن جەھەتلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] گۈلسەۋسەن گۈلقەنتى، سۇيۇپى گۈلسەۋسەن.

## يانتاق

(骆驼刺 luo tuo ci)

[ئەرەبچە نامى] سوس

[پارسچە نامى] سوس

[ئوردۇچە نامى] سوس

[لاتىنچە نامى] Herba Alhagi

[ئىنگلىزچە نامى] Camelthorn

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك يانتاق بولۇپ، «يانتاق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ناھايىتى ئۇششاق، شەكلى بۆرەك شەكىللىك، رەڭگى ئاق ياكى قارا بولىدۇ، سىرتقى يۈزىدە تورسىمان سىزىقچىلار بولىدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ (11.9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يەر ئۈستىدىكى قىسمىنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن C، كاروتىن، ۋىتامىن K، ئاز مىقداردا ۋىتامىن $B_1$، شاخ ۋە يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن C، كاروتىن قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبئىي سەپرا قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش، قىزىتما قايتۇرۇش، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سەپراۋى قىزىتما، تەپ، بوۋاسىر، كۆكرەك ئىششىقلىرى، باش ئاغرىقى، چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كونا يانتاقنى مۇۋاپىق مىقداردا دەملەپ ئىچسە ياكى كۆيدۈرۈپ ئىسلىسا، بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ.

2. يانتاقنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ.

3. يانتاق سۈيىدىن ئۈچ تامچىنى بۇرۇنغا تېمىتىپ، بىر سائەتتىن كېيىن بىنەپشە يېغىنى بۇرۇنغا ئالسا، كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

4. يانتاقنىڭ كۆك يوپۇرمىقىنى سىقىپ سۈيىنى زاراڭزا يېغى بىلەن قوشۇپ پۇت ـ قوللارنى ياغلىسا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

5. يانتاقنىڭ چېچىكىنى ئېزىپ بوۋاسىرغا چاپسا، بوۋاسىر ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10～1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] تەرەنجىبىن.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] يانتاق قايىنتىلمىسى.

## تۇخۇم ئېقى
## (鸡子白 ji zi bai)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى] سفیدی بیضہ مرغ
[ئوردۇچە نامى] مرغ کاانڈاکے سفیدی
[لاتىنچە نامى] Album Ovi Galli
[ئىنگلىزچە نامى] Hen's egg—albumen
[تونۇش]

بۇ قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ تۇخۇمىنىڭ ئېقىدىن ئىبارەت. گەرچە تۇخۇم ئېقىنىڭ ئاقسىلى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئوزۇقلۇق جەھەتتىن ئەلا سۈپەتلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تەركىبىدە سالامەتلىك ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىنو كىسلاتاسى بار (11 .10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 100 گرام تۇخۇم ئېقىدا 10 گرام ئاقسىل، ئاز مىقداردا ياغ، بىر گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كۈل ماددىسى، 10 مىللىگرام فوسفور، 19 مىللىگرام كالتسىي، تۆمۈر، رىبوفلاۋىن، نىكوتىن كىسلاتاسى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مىكرو ئېلېمېنتلار بار.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سۇ تەركىبى 87% نى، قاتتىق تەركىبى 13% نى تەشكىل قىلىدۇ. قاتتىق (قويۇق) تەركىبىنىڭ 90% نى ئاقسىللار ئىگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇخۇم ئاق ئاقسىلى (Oualbumi) 75% نى، تۇخۇمسىمان، يېپىشقاق ئاقسىل 15% (Ouomucaid) نى، تۇخۇم يېپىشقاق ئاقسىلى (Ouomucin) 7% نى تەشكىل قىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلسوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكىگە نەملىك يەتكۈزۈش، كېكىردەك خىزمىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچ ئۆستۈ- رۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

گال ئاغرىقى، كۆز قىزىرىش، يۆتەل، ئىچ سۈرۈش، بەزگەك، كۆيۈك يارىسى، ھەر خىل سۇنۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خام ھالەتتە كۆيدە تۇخۇمنىڭ ئېقىدىن ئىككى دانىنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچىپ بەرسە، گال ئاغرىقى ۋە يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تۇخۇمنىڭ ئېقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يەرلىك ئورۇنغا چىپىپ بەرسە، بەزگەك ھەم كۆيۈك يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تۇخۇمنىڭ ئېقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، داكىنى نەمدەپ سۇنۇق بار ئورۇننى تېڭىپ بەرسە، سۇنۇققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تۇخۇم سېرىقى، زەپەر.

[ئورۇنباسارى] غاز ياكى ئۆردەك تۇخۇمىنىڭ ئېقى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## ماھۇدانە

(千金子 qian jin zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى] ماھودانہ

[ئوردۇچە نامى] ماھودانہ

[لاتىنچە نامى] Semen Euphorbiae lathryridis

[ئىنگلىزچە نامى] Caper Euphorbia Seed

[تونۇش]

بۇ سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مايتاراننىڭ

پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، ئېللىپس شەكىللىك، سىرتقى يۈزى كۈل رەڭگە مايىل، تورسىمان قورۇقلار بار، پارقىراق، تەمى ئاچچىق، پۇراقسىز (11.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇق تەركىبىدە %50~10 كىچە ياغ بار، مايىنىڭ تەركىبىدە يەنە زەھەرلىك ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئىچى سۈرۈش تەسىرى: ئۇرۇقىدا تۇتقان ماي يېڭى ۋاقتىدا رەڭسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا سېسىق پۇراق ۋە ئاچچىق تەمگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى غىدىقلاپ ئىچىنى سۈرىدۇ.

2. ئۆسمىگە قارشى تەسىرى: دەسلەپكى تەجرىبە ئارقىلىق مەلۇم بولىدىكى، ھۆل ئۆسمىلىكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك لىمفا ھۈجەيرە ۋە دانىلىق ھۈجەيرە تىپى، خرورنىك دانىلىق ھۈجەيرە تىپى، ئۆتكۈر تاق يادرولۇق ھۈجەيرە تىپلىرىدىكى ئاق قان كېسەللىكىگە نىسبەتەن ئاق قان ھۈجەيرىسىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇلۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش، ئىچىنى سۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قەۋزىيەت، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بوغۇم ئاغرىقى، ھەر خىل سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

يەرلىك شوخلا، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك يەتتە گرامدىن، ماھۇدانىدىن بىر گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ۋاننا قىلسا ياكى زىمات قىلسا، ئىششىق تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكە ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] يېرىم مىقداردا دەند، تەڭ مىقداردا ئابدىمىلىك ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، جېجياڭ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

# ئىكىلىملىك

(野苜蓿 ye mu xu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Medicaginis Falcatae

[ئىنگلىزچە نامى] Sickle alfalfa herb

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سىېرىق گۈللۈك بىدىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، مېۋىسى ياپىلاق، ئەگمە شەكىللىك بولۇپ، خۇددى يېڭى ئاي شەكلىگە ياكى ئېلىنغۇچتەكەن تىرناققا ئوخشايدۇ، رەڭگى پور رەڭلىك، ئۇزى پارقىراق كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 2~1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىچىدىن 10~5 تالغىچە ئۇرۇقى چىقىدۇ. بۇ ئۇرۇقنىڭ شەكلى يۇمىلاق، كىچىك، رەڭگى خورمارەڭلىك تەمى بىلى ئاچچىق كېلىدۇ، ياز ۋە كۈز پەسلىدە ئۆسۈملۈكنى ئورۇۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ئۇرۇقىنى ئايرىپ ئېلىپ تەييارلىنىدۇ (11، 12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۇتۇن چۆپىدە ساپونىن (Saponins)، شانتوپىللوتىن (Xanthophill lutein)، گىلكوزىدى (glucoside)، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، ئارگانىنى (Arginine)، ئاسپارتىت كىسلاتاسى (aspartic acid)، گۇلتامىك كىسلاتا (glutamic acid)، مىكرو ئېلېمېنتلاردىن تۆمۈر (Fe)، سىنك (Sn)، مىس (Cn) ۋە كاروتىن ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش، سېرىقلىقنى قايتۇرۇش، قاندىكى ماينى پارچىلاش.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىشتىق قايتۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئىششىق تارقىتىش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر، تال، ئۈرۈقدان، خالتا ئىششىقلىرى، بالىياتقۇ ئىششىقى، پالەچ، سۆيدۈك - ھەيز توسۇلۇش.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئىكلىلمىلىكنى بابۇنە بىلەن سوقۇپ ئىششىغان ئورۇنغا زىمات قىلسا، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئىكلىلمىلىكنى كەرەپشە ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ، سۆيىنى ئىچسە، پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ، سۆيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئىكلىلمىلىكنى قىزىلگۈل بىلەن سوقۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلسا، ئىچكى ئەزالار ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈرۈقداننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ئەنجۈر.

[ئورۇنباسارى] بابۇنە.

[ پىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىششىق قايتۇرغۇچى شەربەت، مەلھەم ۋە زىماتلار تەركىبىگە چۈشىدۇ.

## قىزىلگۈل يېغى

(玫瑰花油 mei gui hua you)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Oleam Flos Rosae Rugosae

[ئىنگلىزچە نامى] oil of flower rugose rose

[تونۇش]
بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىگە تەۋە بولغان ھەممىگە تونۇشلۇق خۇش پۇراق، قىزىلگۈلنىڭ ياپرىقىدىن كۈنجۈت يېغى ئارقىلىق ئېلىنغان ياغ بولۇپ، ئۆزى سۇزۇك، قىزغۇچ سېرىق رەڭدە، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ.

گۈل يېغىنى تەييارلاش:

قىزىلگۈلنى كۈنجۈت يېغىغا سېلىپ ئازراق قىزدۇرۇپ، تەمىنى چىقىرىپ، گۈلنىڭ تىرىپلىرىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ تەييارلىنىدۇ، يەنە كۈنجۈت يېغىغا قىزىلگۈلنى چىلاپ تومۇز ئاپتاپتا ئۈچ ئاي قويۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ جەرياندا چوقۇم گۈل ياپرىقى 3～2 قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ (11 .13 ــ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇچۇچان ماي، مۇزا كىسلاتاسى، سىيانىن (Cyanin)، كارو- تىن (Carotene)، سېرىق پىگمېنت، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ۋىرۇسقا قارشى تەسىرى بار.

2. ئۆت ماددىسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تېزلىتىش تەسىرى بار ۋە زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق ۋە يالللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تېرىنىڭ ياللۇغى كېسەللىكلەر خاراكتېرلىك، باش ئاغرىقى، قۇلاق ياللۇغى، بوغۇم ئاغرىقى.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغىنى يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغىنى پېشانىسىگە سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغىغا تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا ئىششىق ۋە ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10～6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] زەيتۇن يېغى.
[ئورۇنباسارى] كۈنجۈت يېغى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.
[ئىشلىتىش دورا ياسالمىسى] زىماتى ۋەرەم.

## سۆگەتگۈل

(夹竹桃 jia zhu tao)

[ئەرەبچە نامى] سم الحمار
[پارسچە نامى] خرزهره
[ئوردۇچە نامى] كنير
[لاتىنچە نامى] Folium Seu Cortex Nerii Indiei
[ئىنگلىزچە نامى] Leaf or bark of sweetscented Oleander
[تونۇش]

بۇ تال گۈل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك سۆگەتگۈلى (Nerium indicum Mill) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى «سۆگەتگۈلى يوپۇرمىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق تېمىنە شەكىللىك بولۇپ، قېلىن، قاتتىق، سىلىق بولىدۇ، ئالدى يۈزى توق يېشىل رەڭلىك، ئارقا يۈزى سۇسراق يېشىل، تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر، پۇراقلىق بولىدۇ (14.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى گلۇكوزىدلارنى تۇتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئولېئاندرىن (Oleandrin)، ئۇلېئاندروزا (Oleandrose)، ئولئېندرىگېن (Oleandrigenin) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە نېرىئانتىن (Neriantin)، ئادىنېرىن (Adynerin) قاتارلىقلارمۇ بار، يوپۇرماق تەركىبىدىكى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدىغان، گلۇكوزىدنىڭ مىقدارى گۈل ئېچىلىش مەزگىلىدە ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ، يەنە رۇتىن (Rutin)، دامبونىتول (Dambonitol) قاتارلىقلارمۇ بار.

دەرەخ قوۋزىقىدا ئودوروزىدى (Odoroside) A، B، D، F، G، H، K قاتارلىقلار بار.

يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە فېنوللۇق كرىستال ماددىلار، ئۇچۇچان ياغ، پالمېتىك كىسلاتا،

قاتتىق ياغ كىسلاتاسى، ماي كىسلاتاسى، زىغىر يېغى كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

گۈلى گىتوكسىگېنىن (Gitoxigenin)، ستروسپىزىد (Strospeside)، سۆگەت گۈل گلۇكوزىدى H قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى تەسىرى: ① سۆگەتگۈلنىڭ ياسالمىسى: مەملىكىتىمىزنىڭ سۆگەتگۈلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا يۈرەكنى قوزغىتىش تەسىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى خېلى بۇرۇنلا ئىسپاتلانغان، مەيلى يوپۇرمىقى، غولى، قوۋزىقى، ياغاچ قىسمى ۋە گۈلى بولمىسۇن، ھەممىسىنىڭ يۈقىرىقىدەك ئۈنۈمى بار، يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، گۈلىنىڭ ئەڭ ئاجىز؛ ② ياۋروپا سۆگەت گۈلى تەركىبىدىكى نىرئولىن پىروپىل (Neriolin Propil)، ئەڭ دەسلەپ ياۋروپا سۆگەتگۈلى (Nerium olanderl) دىن ئېلىنغان. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ سۆگەت گۈلى ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق ئۈنۈملۈك تەركىب نرىئولىن فولنىرىن (Neriolin Folnerin) بارلىقى بايقالدى.

بۇ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش ماددا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى ۋە دېگىز چوشقىسى، توشقان، پاقا ۋە ئىتلارغا سىناپ ئىشلەتكەندە، يۈرەكنى قوزغاتقۇچى گلۇگوزىدى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى ھەم ئۈنۈمى تېز بولغان گلۇكوزىد خىللىرىغا مەنسۇپ ئىكەن. ئېچىلگەندە ئۇنىڭ سۈمۈرۈلۈشى دىگىتالىسقا قارىغاندا ئۈنۈمى يۇقىرى، بۇ ئاشقازان، ئۈچەيدە بۇزۇلمايدۇ.

2. باشقا تەسىرى: يوپۇرمىقى كىچىك چاشقاننىڭ، سۇلۇق راكىنى يەڭگىل دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىز پوستى بالىياتقۇنى قوزغىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق قايتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، پارقىرىتىش، قان تازىلاش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، باھنى كۈچلەندۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل ئىششىق ۋە ھەر خىل يارىلار، قىچىشقاق، قوتۇر، باھ ئاجىزلىقى، بوۋاسىر، يەل، يانپاش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆگەتگۈل يىلتىزىنى سۈت بىلەن قاينىتىپ، ئادەتتىكى قايماق ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە قايمىقىنى چىقىرىپ، باھنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ (يېيىشتە يۈرەككە تەسىر قىلماسلىقى ئۈچۈن مىقدارى ئاز بولۇشى زۆرۈر).

2. سۆگەتگۈلنىڭ يوپۇرمىقىنى ئەنجۈر ۋە شاراب سۈيىدىن 15 گرام مىقداردا ئېلىپ،

كالا قىتىقى بىلەن ئىچسە، زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى پەسەيتىدۇ، ھايۋانلارغىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

3. سۆگەتگۈلى يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپلاپ بەرسە، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىپ پارقىرىتىدۇ، كونا بەل ئاغرىقى ۋە يانپاش ئاغرىقىنى پەسەي-تىدۇ.

4. سۆگەتگۈلىنىڭ يىلتىزىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، يېڭى سېغىلغان سۇتتە قاينىتىپ ئېلىپ، ئاز - ئازدىن ئىچىپ بەرسە، باھنى كۆچلەندۈرىدۇ، مەنىينى تۇتىدۇ. لېكىن بۇ ئۆسۈملۈك زەھەرلىك بولغاچقا، ئىشلىتىشتە كۆپىنچە سىرتتىن ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] بۇ ئۆسۈملۈك زەھەرلىك بولغاچقا، كۆپىنچە سىرتتىن ئىشلىتى-لىدۇ. مىقدارى بىر گرامغىچە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتىپ كەتسە، ئادەم ۋە ھايۋانلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭە ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئوغۇز سۇتى، ھەسەل.

[ئورۇن باسارى] قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرۇشتا باراۋەر مىقداردا ئىكىلىلىلىك ياكى بابۇنە، ئۇچتىن بىر مىقداردا ئەنجۇر يوپۇرمىقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

## مامچەمەك

**(河西苣 he xi ju)**

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] polydichotoma (Ostenf)

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بويى 40~50 سانتىمېتىرغىچە ئېگىز ئۆسىدۇ، يەر ئاستى يىلتىزىسىمان غولىدىن سۇتكە

ئوخشاش سۇيۇقلۇق چىقىدۇ. غولىدا بويىغا سوزۇلغان سىزىقچىلىرى بولىدۇ. تۈۋى قىسمىدىن كۆپ شاخلىنىپ پومزەك ھالەتتى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «مامچەمەك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سىيزىمنى تۆۋەنلىتىش، ئېرىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل تارقىتىش، قاتتىق مونەكلەرنى يۇمشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەل - پۇت ئاغرىقلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەل چىم بولۇپ كېتىش، سوغۇق ئۆتۈشتىن بولغان قول - پۇت ھەرىكىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، پەي - مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، مۇپاسىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مامچەمەكتىن 100 گرام ئېلىپ 5000 مىللىلىتىر سۇدا يېرىم سائەت ئەتراپىدا قاينىتىپ، تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۇيىدە يەرلىك ئورۇننى يۇسا ياكى ۋاننا قىلسا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە ئىششىقى، پەي ۋە مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

2. مامچەمەك 60 گرام، چاكاندا 20 گرام، ئادراسمان ئۇرۇقى 20 گرام، سەبرى 45 گرام؛ قائىدە بويىچە سوقۇپ تالقان قىلىپ، تۇخۇم ئېقى ياكى تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چىپىپ بەرسە، بەل ۋە پۇت ئاغرىقى، تىز ۋە ئوشۇق بوغۇملىرىنىڭ ئىششىپ ئاغرىشى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] ئادراسمان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مامچەمەك دەملىمىسى.

# ئۇستقۇدىر يىۋن
(石蒜 shi suan)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Bulbus Lycoridis Radiatae
[ئىنگلىزچە نامى] Shorttube Lycoris Bulb
[تونۇش]

بۇ، قوناقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ سامىسقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسمان مېۋىسى «ئۇستقۇدىرىيۇن» ياكى «ياۋا سامساق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان تەڭگىسمان مېۋىسى ئېللىپس شەكىللىك ياكى شار شەكىللىك بولۇپ، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر، سامساق پۇرىقى بار.

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەڭگىسمان غولىدا كۆپ خىل ئالكالوئىدلار بولۇپ، مۇھىملىرى تاغ سامىسقى ئالكالوئىدى هومولىكورىن (Homdycorine) ، لىكورىنىن (Lycorinine) ، تازېتتىن (Tazettine) ، لىكورامىن (Lycoramine) ، لىكورىن (Lycorine) ، پسېۋدولىكورىن (Pseudolycorine) ۋە گالانتامىن (Galanthamine) لاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 20% كراخمال بار، يەنە ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدىغان ۋە راكقا قارشى تەسىرگە ئىگە ئىككى خىل تەركىب لىكورىسىدىنول (Lycoricidinol) ۋە لىكورىستىدىن (Lycoricidine) لار بار.

ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك سۆسۈن گۈللۈك تاغ سامساق (Lycorissquamigeramaxim) نىڭ تەڭگىسمان غولىنىڭ تەركىبىدىكى ئالكالوئىدلىق تەركىبلەر يۇقىرىقى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭدا يەنە سۆسۈن گۈللۈك تاش سامساق ئالكولوئىدى سىكۋامىگېرىن (Squamigerine) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. گالانتامىن (لىكورامىن) : بۇ ئەسلىگە قايتقۇچى ئۆت ئىشقارى ياغ فېرمېنتىنى تورمۇزلىغۇچى تەسىرگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ بۇ خىل تەسىرى نېئوستىگمىن (Neostigmine) بىلەن ئوخشايدۇ ھەمدە توغرا يوللۇق مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشىنى ئاشۇرۇپ، ھايۋاناتلارنىڭ ئۈچەي يوللىرىنى غىدىقلايدۇ، يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىنى تورمۇزلايدۇ ۋە كۆز قارىچۇقىنى كىچىكلىتىدۇ، نېئوستىگمىن بىلەن ئوخشايدىغان

يېرى ئۇ مېڭە قان توسۇقىدىن ئاسانلا ئۆتىدۇ ھەمدە، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر قىلىدۇ. بەزى مەركەز مەنبەلىك پالەچ كېسەللىكلىرىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمى بار. شۇڭا نېئوستىگمىنىدىن ياخشى، بەلكى زەھەرلىك تەسىرىمۇ ئاز.

2. يىرىك ياسالمىسى ۋە باشقا ئۈنۈملۈك تەسىرلىرى:

① مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كىچىك چاشقانغا قىلىنغان تەجرىبىدە تىنچلاندۇرۇش تەسىرى كۆرۈلگەن ھەمدە بۇ ھېكسوباربىتول ناترىي، ناترىي تىئوپېنتال، ناترىي پېنتوباربىتال، مىلتوۋىن ۋە خلورال ھىدرات قاتارلىقلارنىڭ ئۇخلىتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ، دىھىدرولىكورىنىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تىنچلاندۇرۇش رولى بار. لىكورىنىڭ ئۆزىدە ئاغرىق توختىتىش تەسىرى يوق ياكى ناھايىتى ئاجىز، لېكىن ئېترا ھىدروپالماتىن ۋە مورفىنىنىڭ ئاغرىق توختىتىش تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

② قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: لىكورىن ئىت، مۇشۇك ۋە توشقانغا ئوكۇل قىلىنغاندا قان بېسىمىنى يەڭگىل ھالدا تۆۋەنلەتكەن، ئۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرى ئاز.

③ قاندىكى قەنتكە نىسبەتەن تەسىرى: لىكورىنىنى توشقان ۋە چاشقانلارنىڭ تېرە ئاستىغا ئاز مىقداردا ئوكۇل قىلسا، قاندىكى قەنتنى تۆۋەنلىتىدۇ ھەمدە ئادرېنالىن پەيدا قىلغان يۇقىرى قان قەنتنى يەڭگىللىتىدۇ، لېكىن يۇقىرى دوزىسى قاندىكى قەنتنى ئۆرلىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق قايتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، قۇستۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ھۆللۈكلەرنى قورۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نەپەس سىقىلىش، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، قورساق پەردىسى ۋە بالىياتقۇدىكى سۇلۇق ئىششىقلار (ئىستىسقا)، تال توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

ئۇستقۇدىرىيۇن 10 گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، سەرپىستان 15 گرامدىن؛ قائىدە بويىچە قاينىتىپ سۈيىگە شېكەر قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، قورساقتا سۇ چۆشۈش، تال ۋە جىگەر ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5～6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بەدەننى ئاجىز كىشىلەردە ھۆ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بېھى سۈيى.

[ئورۇنباسارى] ھىندى تۇزى.

[چىقىش ئورنى] ئىلىمىزنىڭ خېنەن، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ رايونلىرىدىن ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوغانزىيا.

## كېۋەز ئانىسى[1]

(磨盘草 mo pan cao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاساسلىقى خىلتسىز ھۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يۆمشىتىش، چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش.

## بابۇنە[2]

(洋柑菊 yang gan ju)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، يەل ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاشقازان، مېڭە ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## ئىنەكپىتى يېغى[3]

(蓖麻油 bi ma you)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
غەيرىي تەبىئىي بەلغەم سەۋدا خىلتىنى سۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئۈچەي توسالغۇلىرىنى ئېچىش.

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 2 § غا قاراڭ
② تەپسىلاتى 3 ـ باب 2 § غا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

## سەبرى[1]
(芦荟 lu hui)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى سۈرۈش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، ئىچنى سۈرۈش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭە ۋە ئاشقازاننى تازىلاش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ھەيز ماڭدۇرۇش، سۈيدۈك كەلتۈرۈش، ئىششىق قايتۇرۇش، جاراھەتلەرنى تازىلاش، چاچ ئۆستۈرۈش.

## سازاڭ[2]
(地龙 di long)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق قايتۇرۇش، قىزىتما چۈشۈرۈش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش.

## يالغان ئادەمگىياھ[3]
(三七 san qi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان توختىتىش، ئاغرىقنى پەسەيتىپ، ئىششىقنى تارقىتىش.

---

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 8 ـ بابقا قاراڭ

## موزايۋېشى[1]

(地龙虎 di long hu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇيدۇك ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرۈش، يامان جاراھەتلەرنى يوقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## بەنگىرە[2]

(墨旱莲 mo han lian)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، قان تازىلاش، باھنى كۈچلەندۈرۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇ- رۇش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش.

## جۆئىدە[3]

金石蚕 jin shi can

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى تازىلاش، سۇيدۇك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، ئاغرىق پەسەي- تىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

---

[1] تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ
[2] تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ
[3] تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

## نەغەز گۈلى يىلتىزى①

(萱草根 xuan cao gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق

[خۇسۇسىيىتى]

هارارەت پەسەيتىش، يالىلۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە قان توختىتىش، سۈيدۈك هەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش.

## شاتارى②

(栀子 zhi zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق قايتۇرۇش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ئۆت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، يالىلۇغ قايتۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## ئاق لەيلى يىلتىزى③

(蜀葵子 shu kui zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالىلۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، يۇمشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتمىنى پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

## ئاق لەيلىگۇلى[①]

(药蜀葵花 yao shu kui hua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالـلـۇغ قايتۇرۇش، كۆكۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، كانايىنى سىلىقلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش.

## كۆك كاۋا شاپىقى[②]

冬瓜皮 dong gua pi

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك هەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يالـلـۇغ قايتۇرۇش، يىرىڭلىق ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش.

## كۆممىقوناق ساقىلى[③]

(玉米须 yu mi xu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش، ئىششىق ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يالـلـۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك هەيدەش، ئۆت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە قان بېسىمىنى چۈشۈ-رۈش.

---

① 10 - بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

② 13 - بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

③ 13 - بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

## كۇدە①

(韭菜 jiu cai)

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىچنى يۇمشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

## زەرچىۋە②

(姜黄 jiang huang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى قان تازىلاش، يەل ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يارىلارنى قۇرۇتۇش، بەلغەم بوشىتىش، تارتىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، رەڭگىرويىنى چىرايلىق قىلىش، پارقىرىتىش.

## ئارپىبەدىيان③

(小茴香 xiao hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، سۈت پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش.

① تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 2 ـ باب 2 § غا قاراڭ

## تازىلانغان شور[1]
(硝石 xiao shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
قورۇش، تۇتۇش، ئىچىنى توختىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ھارارەت پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۇمشىتىش.

## ماماسا[2]
(丽春花 li chun hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سوۋۇتۇش، قۇرۇتۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## كۆكمارال[3]
(景天 jing tian)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
قان توختىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، ئىششىق تارقىتىش.

## پاقا شىرىسى[4]
(蟾酥 chan su )

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
④ تەپسىلاتى 26 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
زەھەر ۋە ئىششىق قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، سىپازما بوشىتىش.

## كاكتۇس[①]

(仙人掌 xian ren zhang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
زەھەر قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## تاغ سۇنبۇلى[②]

(马蹄香 ma ti xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەك، پەي، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، يۈرەكنى قوزغىتىش، تارتىشىپ قېلىشنى قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش.

## زۇپا[③]

(神香草 shen xiang cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەپ، بەلغەم بوشىتىش؛ نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىقلارنى تارقىتىش، تەرلىتىش، يەل ھەيدەش، تېرىگە رەڭ بېرىش.

---

① تەپسىلاتى 26 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

## شۇمشا ئۇرۇقى[1]
(胡芦巴 hu lu ba)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش.

## تاغ پىيىزى[2]
(野葱 ye cong)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى تازىلاش، ئىششىق تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

## زىغىر ئۇرۇقى[3]
(亚麻子 ya ma zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ۋە كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىش؛ نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچنى بوشىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يىرىڭلىق چاقىنى قۇرۇتۇش.

① تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

## جۇڭگو ماخدارى[1]
(威灵仙 wei ling shan )

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش.

## يۆگىمەچئوت[2]
(田旋花 tian xuan hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## چاققاقئوت ئۇرۇقى[3]
(荨麻子 qian ma zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
تېرىنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تارقىتىش، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، سۈيدۈكنى، ھەيزنى ۋە سۈتنى راۋان قىلىش، ئۆپكىنى، ئاشقازاننى تازىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇ، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش.

---

① تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 43 ـ بابقا قاراڭ

## ياۋا كەشمىر[1]

(泽泻 ze xie)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

## جۇزنەك[2]

(泽兰 ze lan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

① تەپسىلاتى 13 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 18 ـ بابقا قاراڭ

# ئون ئىككىنچى باب  قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار

قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ، قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن، بەدەندە خىلتىسىز، خىلتلىق مىزاج بۇزۇلۇش يۈز بېرىپ ئورگانىزمنىڭ تەبىئى تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ «تەبىئەت» ئاجىزلاش، نەتىجىسىدە كېسەل پەيدا قىلغۇچى مىكرو ئورگانىزىم قانغا ئۆتۈپ، قاننى ئوفۇنەتلەندۇرۇشىدىن بەدەندە تېمپېراتۇرا تەڭشەش مەركىزىنىڭ خىزمىتى بۇزۇلۇپ، قىزىتما پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەدەن ھارارىتى نورمال چەكتىن يۇقىرى بولۇش، باش ئاغرىش، پۇت ـ قول ئاغرىش، ئومۇمىي بەدەن سىقىراپ ئاغرىش، كۆپ ئۇسساش، يۇتقۇنچاق قىزىرىپ ئىششىش، قىزىل، سىزلام، يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، ئۆپكە سىلى، گۆرەن بەز سىلى، ھەرخىل ئۆسمە، سۈت بېزى ياللۇغى، تېرە ياللۇغى، سۈيدۈك يولى ئۆتكۈر يۇقۇملىنىش ... دەك تۈرلۈك كېسەللىككە ئالاقىدار ئالامەتلەر بايقىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا، قىزىتما داۋاملىق ئۆرلەپ كېتىپ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولغاچقا، ئىشلەتكەندە، قىزىتمىنىڭ سەۋەبىگە قاراپ، تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىپ زەھەر قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇپ، قىزىتما پەسەيتىشتەك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق قىزىتما ياندۇرىدۇ. بۇنداق دورىلار قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئانېمارربنا، قاغىتىرنىقى، شاقايىقونئۇئمان، تالك، مودەنگۈل يىلتىز پوستى، گاۋزىبان چىنى، لوكات، لوپنۇر كەندىرى، قېرىقىز، سۆگەت، تاشئوت، سىركە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى.

يۇمغاقسۈت، ئوسۇك، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، بىنەپشە، نىلۇپەر، لىمون، ئۆچقات، ھەمىشىبار ئۇرۇقى، قارادان، پەربۇن، تۇخۇم ئېقى، قاغا تىرنىقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قونۇن، سېمىزئوت ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى، روشەنگۈل، بىدىمىش.

كى، كات ھىندى، تەرخەمەك، ئەرۋسە ياپرىقى، قومۇش يىلتىزى، سەپرائوت يىلتىزى پوستى، پىچانگۈل يىلتىزى، سۇ بۆلجۈرگىنى، يۆگىمەچ ئوت، كۆك ماش، ئوسما يىلتىزى، شاتۇت.

## ئانىماررېنا

(知母 zhi mu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Anemarrhenae

[ئىنگلىزچە نامى] Liliaceae

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئانىماررېنانىڭ يىلتىزى بولۇپ، توغراپ، شۇ پېتى ياكى تۇز بىلەن قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ (1.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭدا ئانىماررېنا ساپونىن ( Timosaponin )، (Anemarsaponiin)، (Smilagenin)، ئانىمارېنا كۆپ خىل قەنتى قوش قەنتى (Anemarin)، A، B، C، D لار، قاتتىق ماي كىسلاتاسى، پالما كىسلاتاسى، يوپۇرماق كىسلاتاسى، Smilagenin، Mangiferin.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] كېسەل قوزغاتقۇچى مىكرو جانلىقلارغا قارشى تۇرۇش تەسىرى، قىزىتما پەسەيتىش تەسىرى، قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى، قان ئۇيۇۋېلىشقا قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان قىزىپ، ئۇسساش، ئىچى تىتىلداش، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، كاناي ياللۇغى،

ئۆپكە سىلى، قەنت سىيىش كېسىلى، تال زەئىپلىكىدىن بولغان قەۋزىيەتلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تەمرى ھىندى 10 گرام، ئانىماررېنا بەش گرام، چىلان 10 گرام، چايلىق دەملەپ ئىچسە، يۇقىرى قىزىتمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئانىماررېنا، شۆمشا ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

3. سېمىز ئوت ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، تاباشىر، قىزىلگۈل، ئانىماررېنا ھەر بىرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ، سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، قەنت سىيىش كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالنى زەئىپلەشتۈرىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئىزخىر.

[ئورۇنباسارى] ئاق لەيلىگۈلى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېبېي، سەنشى، شەرقىي شىمال قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

## قاغىتىرنىقى

(光慈姑 guang ci gu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Bulbus Tulipae

[ئىنگلىزچە نامى] Edible Tulipbulb

[تونۇش]

بۇ پىياز ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 5 ~ 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان كۆپىنچە باش باھاردا ئۆسىدىغان ئۆزى كىچىك، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىلى قاغىتىر-

نقى (خەلقىمىز بۇ ئۆسۈملۈكنى «پىلپىلگۈل» ۋە «موندۇلاق» قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتايدۇ) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسىمان غولى «قاغىتىرنقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى ئاچچىقراق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (2.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كولخىتسىن (Colchicine) قاتارلىق كۆپ خىلى بىئولوگىيىلىك ئىشقار ۋە كراخماللاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاققان دانچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، ئۆسمىنى كونترول قىلىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

غەلۋىرەك، ھەر خىل ئىششىق، لىمفا سىلى، سېرىقلىق چۇشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقۋاشئوت 10 گرام، قاغىتىرنقى 7 گرام، زىرىق 10 گرام، قايىنتىپ ئىچسە، قىزىتما پەسەيتىدۇ.

2. قىزىل بۇغداي بىلەن قاغىتىرنقىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، يىلان چاققان زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىچكى تەرەپتىن سەككىز گرامغىچە، سىرتقى تەرەپتىن ئاچچىقسۇ بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ناۋات، پىلپىل.

[ئورۇنباسارى] سۇماق.

[چىقىش ئورنى] قۇرۇق تاغ باغىرلىرى ۋە دالىلاردا كۆپ ئۆسىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

# شاقايىقۇنۇئمان
## (白头翁 bai tou weng)

[ئەرەبچە نامى] شقائق النعمان

[پارسچە نامى] گل لالە، لالە كوهى

[ئوردۇچە نامى] لالە

[لاتىنچە نامى] Herba Pulsatilla

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese pulsatilla root

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 10～40 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى، يىلتىزى ۋە گۈلى دورىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇلار «شاقايىقۇلنئمان» ، «ئاقۋاشئۇت» ، «گۈل لالە» قاتارلىق ناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ شەكلى كۆكنار ئۆسۈملۈكى ۋە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى، ئۇرۇقى ۋە مېۋىسىمۇ ئوخشايدۇ، لېكىن كۆكنارنىڭكىدىن كىچىك، ئۇرۇقىمۇ ئۇششاقراق، گۈلى رەڭمۇرەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزى شاقايىقۇنۇئمان نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (3.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئانېمونىن (Anemonin) ، ۋەئانېمون (Anemon) كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار ھەم 9% لىك ساپونىنمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئامېوباغا قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

2. جىنسىي يول تامچە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

3. باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تەڭشەش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، بۇنىڭدىن ئېلىنغان ئەپيۇن، ئەزالارنى تۇيغۇسىز قىلىشتا ۋە مەست قىلىشتا كۆكنارنىڭ ئەپيۇندىن كۈچلۈك، شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستى كۆكنارنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستىدىن

كۆچلۈك كېلىدۇ.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تولغاق، سۈيدۈك، ھەيز تۇتۇلۇش، بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقۋاشئوت ۋە ئەرمۇدۇن قوۋزىقىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىچىپ بەرسە، تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. شاقايىقۇننوئمان گۈلىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، ئېزىپ ئىچسە ياكى بۇرۇنغا پۈركىسە، بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

3. شاقايىقۇننوئمان يوپۇرمىقى ۋە تېنىنى ئارپا سامىنى بىلەن قايىنتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

4. شاقايىقۇننوئماننىڭ ئۇسارىسىنى جاراھەتكە چاپسا، قان ـ يىرىڭلارنى تازىلايدۇ، تېرىنىڭ سۈيۈلۈپ چۈشۈپ كېتىشىنى يوقىتىدۇ، كۆزنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، كۆزگە ۋە بۇرۇنغا تېمىتسا، مېڭىدىن كېلىدىغان ھۆللۈكنى تازىلايدۇ، كۆزگە تېمىتسا، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ ھەمدە يوپۇرمىقى ۋە گۈلىنىڭ سىقىلغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا، ياكى سۈرمە قىلىپ تارتىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

5. شاقايىقۇننوئماننىڭ گۈلىنى ياغاقنىڭ كۆك پوستى بىلەن ئېزىپ خېمىر قىلىپ چاپسا، چاچنى قارايتىدۇ، قۇبا كېسىلىنى يوقىتىدۇ.

6. ئۇرۇقىدىن ھەر كۈنى، سوغۇق سۇ بىلەن ئۈچ گرامدىن ئىچىپ بەرسە، بەرەس كېسىلىنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىككى گرامغىچە، گۈلىدىن 0.01 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساققا زىيان قىلىدۇ، غوزىسىدىن ئۈچ گرامنى شاراب بىلەن ئىچسە، نېرۋىنى زەھەرلەپ، ساراڭلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، گاۋزىبان.

[ئورۇنباسارى] خەشخاش.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

# تالك

(滑石 hua shi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Talcum

[ئىنگلىزچە نامى] Talc

[تونۇش]

بۇ بىر خىل كرىمنىي كىسلاتا تۇزى تۈرىدىكى بىر خىل مەدەن «تالك» بولۇپ، رەڭگى ئاق مومغا ئوخشاش، ئاززاق پارقىراق، يۇمشاق، سىلىق بولۇپ، ئۇپىسمان ئۇنى تۆكۈلىدۇ.

[خىمىيلىك تەركىبى] كۆك سېغىز تەركىبىدە 31.7% ماگنىي ئوكسىد، 63.5% سىزى ئوكسىد، 4.8% سۇ ۋە باشقا ئارىلاشما ماددىلار بار (12.4 ـ رەسىم).

[فارماكولوگىيلىك تەسىرى] تېرىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ئاشۇرىدۇ، مىكروب ئۆلتۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئەۋۋىلىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، هارارەت پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىش، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولۇش، ئۈرۈقدان خالتىسى تەرلەش، قىزىتمىلىق بۆرە چاقىسى، پۇت بارماق ئارىلىقلىرى شەلۋەرەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆك سېغىز 24 گرام، خام چۈچۈكبۇيىدىن 35 گرام ئېلىپ، قوشۇپ يۇمشاق سوقۇپ، بىر كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 12 گرامدىن قايناق سۇ بىلەن بىلەن ئىچىپ بەرسە، يازدا ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ كۆپ ئۇسساش، سۈيدۈك قىزىرىپ ئاز ـ ئازدىن تېمىپ كېلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆك سېغىز 20 گرام، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، قۇشقاچتىلى (بىر خىل ئۆسۈمـ

لوك) ۋە چىنىگۈللەرنىڭ ھەر قايسىسىدىن 16 گرامدىن، چۈچۈكبۇينىڭ ئۇچىدىن 12 گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك راۋان بولماي تېمىپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىتىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۆك سېغىز 32 گرام، كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقىدىن 16 گرام قوشۇپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولۇپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ھىندى ئۇسمىسى، خام چۈچۈكبۇينىڭ ھەر قايسىسىدىن تۆت گرامدىن، كۆك سېغىز تالقىنىدىن 24 گرام ئېلىپ قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۆندە ئىككى قېتىم يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، قىزىتمىلىق بۆرە چاقىسى بولۇپ، سېرىق سۇ چىققانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كۆك سېغىز تالقىنى، پىششىق گەجنىڭ ھەر قايسىسىدىن 70 گرامدىن، سۇسىز زەمچىدىن سەككىز گرام ئېلىپ قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىدە ئىككى قېتىم سېپىپ بەرسە، ئۇرۇقدان خالتىسى تەرلەش، پۇت بارماقلىرى ئارىلىقى شەلۋەرەش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت قىلىپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] تەرخەمەك ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] بورچىن، قارا قوتان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تالك سۈپۈپى.

## مودەنگۈل يىلتىز پوستى

(牡丹皮 mu dan pi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Moutan Radicis

[ئىنگلىزچە نامى] root—bark of subshrubby peony

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك مودەنگۇل بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىز پوستى «مودەنگۇل يىلتىز پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. (5.12 ـ رەسىم)

[خىمىيىلىك تەركىبى] مودەنگۇل يىلتىزى پوستى تەركىبىدە مودەنگۇل فىنولى (Paeonol)، مودەنگۇل پونولىدى (Paeonolide)، مودەنگۇل فىنوسىدى (Paeonosidi)، چۈغلۇق فىنوسىدى، ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي ۋە فىتوستېرول (Phytosterol) بىئولوگىيىلىك ئىشقار قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ ئاغرىق توختىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، ھەر خىل دورىلار ۋە شوكنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان تارتىشىپ قېلىشنى توگىتىش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.

2. Ph قىممىتى 7.6 ~ 7.0 بولغان ئېرىتمىنىڭ ئاق رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، كېزىك باكتېرىيىسى، تولغاق باكتېرىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار. بولۇپمۇ كېزىك باكتېرىيىسى بىلەن تولغاق باكتېرىيىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى ئالاھىدە كۈچلۈك.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھارارەت پەسەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، يۇمشىتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، سۇيدۇك ھەيدەش، راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىقتىن بولغان قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناش، سەپكۇن، سىل، سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى، سەزگۈرلىكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان بۇرۇن ياللۇغى، ھەيز توختۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مودەنگۇل يىلتىزى پوستى 16 گرام، خام ئەگىرسۇناي 16 گرام، چۈقا 12 گرام، قىزىل چۈغلۇقتىن 12 گرام ئېلىپ قوشۇپ سۇدا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئىسسىقتىن بولغان قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2 . مودەنگۈل يىلتىزى پوستى، ئالقات يىلتىزى پوستى، كۆك ئەمەن، جىژمۇ قاتارلىق- لارنىڭ ھەر قايسىسىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ ھەممىسىنى قوشۇپ قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، سىلدىن بولغان تۆۋەن قىزىتمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3 . مودەنگۈل يىلتىزى پوستى 12 گرام، سۇسىز رەۋەن 12 گرام، كۆك كاۋا ئۇرۇقى 12 گرام، شاپتۇل مېغىزى 12 گرام، شور يېرىم گرام قاتارلىقلارنى قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، سوقۇر ئۈچەي ياللۇغىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (قەۋزىيەت بولغاندا) ياخشى مەنپە- ئەت قىلىدۇ.

4 . مودەن يىلتىزى پوستىدىن 16 گرام قايناتىپ ئىچسە، سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان بۇرۇن ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، 10 كۈن بىر داۋالاش مۇددىتى بولىدۇ.

5 . مودەنگۈل يىلتىزى پوستىدىن 12 گرام، چۈەنچۈڭ 12 گرام، داڭگۈي 12 گرام، ئەمەن يوپۇرمىقى 12 گرام، قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، ھەيز كەلمەي قورساق ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەپەر.

[ئورۇنباسارى] نېلۇپەر، بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مودەنگۈل يىلتىز پوستى قايناتىلمىسى.

## گاۋزىبان چىنى

(倒提壶 dao ti hu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Seu Herba Cynoglossi Amabilis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Forget menot Rootor Herb

[تونۇش]
بۇ بوتا كۆز ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك دورىلىق گاۋزىباننىڭ يىلتىزى بولۇپ، «دورىلىق گاۋزىبان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى كونۇس شەكىللىك، سىرتقى يۈزى قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك كېلىدۇ، قېرىغان ۋاقتىدا يېرىم ياغاچلانغان، ياش ۋاقتىدا كۆل رەڭ سارغۇچ بولىدۇ (12.6 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئالكالوئىد بار. بۇلار ھېلىئوسۇپىن (Heliosupine)، ۋىرىدىفلورىن (Viridiflorine)، لاسىو كارپىن (Lasiocarpine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خولىن (Choline)، ئاللانتوئىن (Allantion) ۋە تانىنلار بار.

يەر ئۈستى قىسمى گۈل ئېچىلغان مەزگىلدە تەركىبىدە تەخمىنەن بىر پىرسەنت ئالكالوئىد بار، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان سۇيۇقلۇقنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق ئېلىنغان ماددا ياكى ئومۇمىي ئالكالوئىدنىڭ تۇز كىسلاتالىق تۇزى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلاش ۋە قان بېسىمىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىش تەسىرىگە ئىگە.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تىنچلاندۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى، قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇرۇش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
جىگەر ياللۇغى، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش، قىزىتما، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، ھەر خىل قاناشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. دورىلىق گاۋزىبان، نىلۇپەر، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ قايناتماپ ئىچسە، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ.

2. بابۇنە، يەرلىك شوخلا، دورىلىق گاۋزىبان 10 گرامدىن، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن

سەككىز گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئىچكى ئەزالاردىكى ياللۇغنى قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9 ~ 15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] گاۋزىبان ھىندى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن، جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كۆپ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] گاۋزىبان شەربىتى.

[قوشۇمچە] بۇ دورا بىر مەزگىل شىپاخانىلاردا «يەرلىك گاۋزىبان» نامىدا ئىشلىتىلىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم بەرگەن، بۇ گاۋزىبان ھىندى بىلەن بىر ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈك بولغاچقا، بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا بۇ ئىككىسىنى ئايرىپ ئىشلىتىش لازىم.

## لوكات

(枇杷果 pí pa guo)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] لکوٹ، لکو

[لاتىنچە نامى] Fructus Eriobotryae

[ئىنگلىزچە نامى] Loquat fruit

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ چار تالنىڭ مېۋىسى (Eribotrya Japonica thunb Lind) بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «لوكات» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق ياكى يۇمىلاققا يېقىن بولۇپ، خۇددى ئامۇتقا ئوخشايدۇ ۋە شىرنىلىك بولىدۇ، رەڭگى سېرىق ياكى ئوچۇق سېرىق رەڭلىك كېلىدۇ، تەمى ئاچچىق- چۈچۈك بولىدۇ (7.12 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 90.26% سۇ، ئاز مىقداردا ئازوت، 67.3% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوكسىدسىزلانغان قەنت 71.31% نى ئىگىلەيدۇ. مېۋە ئېتىدە ماي، قەنت، ئاقسىل تالالىق ماددىلار، پېكتىن، تاننىن، كۈل ماددىسى (ناترىي، كالىي، تۆمۈر، فوسفور) ۋە ۋىتامىن $B_1$، C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەلنى توختىتىش، زىققىنى پەسەيتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، ئۆسمىسىنى تىزگىنلەش قاتارلىقلار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ھارارەت پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئاشقازاننى ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قىزىتما، قۇسۇش، كۆپ ئۇسساش، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك سىيلىش، ئىشتىھاسىزلىق، ئۈچەي ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لوكاتىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك سىيلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. لوكاتىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ، ئاپېلسىن سۈيى، شاپتۇل سۈيى بىلەن بىرگە ئىچسە، قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، كۆپ ئۇسساشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مېۋىسىدىن 5 ~ 10 گرام، ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان سۇدىن 60~80 مىللىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] چىلغوزا مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] ئاپېلسىن سۈيى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، جياڭشى، خۇبېي، سىچۈەن، خۇنەن ۋە ھىندىستان، ئەنگلىيە، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوكات دەملىمىسى.

# لوپنۇر كەندىرى
(罗布麻 luo bu ma)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Folium Apocyni Veneti

[ئىنگلىزچە نامى] Dogbaneleaf

[تونۇش]

بۇ سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك لوپنۇر كەندىرى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈك چېچەكلىگەندە يىغىۋېلىنىپ، سايىدا قۇرۇتۇلغان پۈتۈن چۆپى «لوپنۇر كەندىرى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پۈتۈن چۆپىدە شىلىمشىق ئاق سۈت بار، غولى تىك سىلىق بولۇپ، تېۋىتلىرى بولمايدۇ، مېۋىسىنىڭ ئىچىدە كۆپ مىقداردا قارامتۇل سېرىق رەڭلىك ئۇرۇقلىرى بولىدۇ (8.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گلۈكوزىدلار سىمارىن (Cymarin)، ستروپانىدىن (Stropkanthidin) قاتارلىقلار. يوپۇرمىقى بولسا كۋارستىن (Quercetin)، ئىسوكۋارستىدىن (Isoqueratrin)، نوناكوسىن (Nonacosene) ۋە ھەر خىل ئامىنو كىسلاتالىرىدىن تەركىبى تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۈرەكنى كۈچەيتىش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، قاندىكى ماينى ئېرىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان تەپ، ئۆتكۈر قىزىتما، جىگەر ياللۇغى، قورساق كۆپۈش، نېرۋا ئاجىزلىقى، باش قېيىش، مېڭە سىلكىنىش، يۈرەك چالاڭغۇراش،

ئۈيقۇسىزلىق، يۆتىلى قان بىسىم، جىگەر قىتىشتىن بولغان قورساقتا سۇ چۆشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لوپنۇر كەندىرى سەككىز گرام، قىزىلگۈل ئالتە گرام، تاغ دېنى سەككىز گرام، قەلەمپۇر تۆت گرام، قۇستە 12 گرام. بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ ئېزىپ، ھەر قېتىمدا ئىككى گرامدىن كۈندە ئىككى قېتىم، قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، جىگەر ئاجىزلىقى، قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

1. لوپنۇر كەندىرى، سەپرا ئوت يىلتىزىدىن ھەر بىرىدىن 3 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام، قايناق سۇغا دەملەپ چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ، قاينىتىشقا بولمايدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] سەپرا ئوت يىلتىزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا ئەڭ كۆپ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى گۈل.

## قېرىقىز

(牛蒡子 niu pang zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus Arctii

[ئىنگلىزچە نامى] Great Burdock Fruit

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىگىزلىكى 1~1.5 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان

ئىككى يىللىق سامان غولluق ئۆسۈملۈك قېرىقىز بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «قېرىقىز ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇق مېۋىسى سوقچىاق، ياپىلاق، تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى پوستى كۆل رەڭگە مايىل، ئۇرۇقى كۆل رەڭگە مايىل ئاق، مايلىق كېلىدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇراقسىز (9.12 ـ رەسىم).

〔خىمىيىلىك تەركىبى〕 مېۋىسىنىڭ تەركىبى قېرىقىز گلۇكوزىدى (Arctiin) بار، يەنە 25～30% گىچە ياغلىق ماي، ياغلىق ماي كىسلاتاسى، قاتتىق ماي كىسلاتاسى ۋە پالمىتىك كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

〔فارماكولوگىيىلىك تەسىرى〕 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: قېرىقىز ئۇرۇقىنىڭ سۇدىكى چىلانمىسى تەجرىبە نەيچىسىدە ھەر خىل كېسەل پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ.

2. قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى: ئېلىنغان ماددا چوڭ چاشقاننىڭ قاندىكى قەنتىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ۋە ئۇزۇنغىچە تۆۋەنلەتكەن، زەھەرلىك تەسىرى ئاز.

3. قېرىقىز گلۇكوزىدىنىڭ تەسىرى: پاقا، كىچىك چاشقان، توشقاندا تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ، نەپەس ئاجىزلايدۇ، ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىش يوقىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا پالەچ ھالەتكە كىرىدۇ، يەنە يەڭگىل دەرىجىدە سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچنى سۈرۈش رولىغا ئىگە.

〔تەبىئىتى〕 بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

〔خۇسۇسىيىتى〕

قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، قان تازىلاش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىلنى سىرتقا تەپكۈزۈش، گال ئاغرىقىنى پەسەيتىش (يۇتقۇنچاقتا)، زەھەر قايتۇرۇش.

〔ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر〕

زۇكام، يۆتەل، باش ئاغرىقى، گال ئاغرىقى، گۆرەن بەز ياللۇغى، باش ۋە يۈز ئىششىپ قىچىش، ھەر خىل يارا، مۇدۇر، چاقا، پۈت تەمرەتكىسى، سۈت بېزى ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ئىششىقى، قىزىل، ياشانغان كىشىلەردىكى ئۈستىخان ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

〔ئىشلىتىش ئۇسۇلى〕

1. قېرىقىز ٤ گرام، سۇدا قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، قىزىل باشلىنىشتىكى گال ئاغرىپ، ئۇنى يۇتۇپ قالغانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قېرىقىز ئۇرۇقى 10 گرام، قىرىقىز يوپۇرمىقى 13 گرام، سۇدا قايىنىتىپ ئىچىشكە

بېرىلسە، سۈت بېزى ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.

3. 10 گرام قېرىقىز يىلتىزىنى سۇدا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، باش، يۈز ئىششىپ قالغانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەديان.

[ئورۇنباسارى] قىزىلبۇغداش.

[چىقىش ئورنى] ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا، يول بويلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قىزىتما قايتۇرغۇچى شەربەتلەر تەركىبىگە چۈشىدۇ.

## سۆگەت

(柳枝 liu zhi)

[ئەرەبچە نامى] خلاف

[پارسچە نامى] ليلا مجنون، مجنون تال

[ئوردۇچە نامى] بيد سادہ

[لاتىنچە نامى] Ramulus Salicis Babylonicae

[ئىنگلىزچە نامى] branchlet of babylon weeping willow

[تونۇش]

بۇ تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ھەممىگە مەشھۇر بولغان دەرەخ سۆگەت بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ شېخى، يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە پوتلىسى قاتارلىقلار دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ياغاچ قىسمىنىڭ تەركىبىدە سالىتسىن (Salicin)، يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە %9.3~4 تاننىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سالىتسىن بىلەن تۇز كىسلاتاسى ياكى سۇلفات كىسلاتاسىنى بىللە قايناتسا، سۇدا پارچىلىنىپ سالگېنىن (Saligenin) ياكى سالىتسىل ئالكوھول (Calical alcohol) ۋە ئۇزۇم قەنتى ھاسىل قىلىدۇ، سالىتسىننىڭ ئاچچىق تەملىك ياسالمىسى

ئاشقازانغا تەسىر قىلىپ سوْمۇرۇلگەندىن كېيىن، بىر قىسمى سالىتسىتلىك كىسلاتاغا ئۆز-گىرىپ، قىزىتمىنى قايتۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىدۇ. سالىگىنىنىڭ توْت - ئون پىرسەنتلىك قويۇقلۇقىدىكى ئېرىتمىسى يەرلىك ئورۇننى مەست قىلىدۇ، ھېچقانداق زەھەرلىك تەسىرى يوق.

[تەبىئىتى] گۈلى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، يوپۇرمىقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما، ھارارەت پەسەيتىش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆتكۈر قىزىتما، باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، كۆپ ئۇسساش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، سەپراۋى تەپ، جىگەر مەنبەلىك سېرىقلىق چۈشۈش، قان سەپراۋى ئىسھال، يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆگەتنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى تېگىگە سېلىپ ئۇخلىسا، يۈرەك ۋە جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ.

2. سۆگەت دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن 10 گرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

3. سۆگەت يوپۇرمىقى 10 گرام، سەندەل 7 گرام، بىدمىشكى 10 گرام، چالا سوقۇپ، دەملەپ ئىچسە، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ، قىزىتما قايتۇرىدۇ.

4. سۆگەت دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن ئۈنۈپ چىققان پور (يەر مەدىكى) ئاشقازاننى قۇۋۋەت-لەيدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ.

5. سۆگەتنىڭ شېخى ۋە يىلتىزىنىڭ ئاق پوستى سوغۇق ۋە زەھەرسىز بولۇپ، سىزلام (سۆزنەك) كېسىلىدە قايىنىتىپ يۇيۇپ بەرسە، پايدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قايناتقان سۈيى بىلەن يەلدىن بولغان ئىششىقلارنى ۋە قىچىشقاقلارنى يۇيۇپ بەرسە، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كلاسسىك كىتابلاردا سۆگەت شېخى ۋە يىلتىزىنىڭ ئاق پوستىنى قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچكۈز-سە، سېرىقكېسەلنى داۋالايدۇ، ئاغرىق پەسەيتىپ، ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، ئۇنى قۇرۇتۇپ

تالقان قىلىپ ئىچكۈزسە، ئاشقازان ۋە ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قاتتىق تولغاق كېسەللىكىمۇ پايدا قىلىدۇ، سۆگەتنىڭ قورۇغان يوپۇرماقلىرىنى سوقۇپ ئىچكۈزسە، سىل كېسەللىكى قان تۈكۈرۈشنى داۋالايدۇ ھەم نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىپ، كۆكرەك چىڭقىلىشلارنى يوقىتىدۇ، سىرتتىن تېڭىلسا، ياردىن چىققان قاننى توختىتىدۇ ۋە ئىششىق قايتۇرىدۇ.

6. سۆگەت ئۇرۇقى (بۇ چېچەك چىقارغان شاخنىڭ ئۇچىدىكى قاتتىقراق چېچىكى) بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى سوغۇق، ئۆزى زەھەرسىز بولۇپ، جاراھەتلەرنى داۋالاش، يىرىڭ ۋە ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

7. سۆگەت چېچىكى (پوتلىسى) نى قاينىتىپ سۇيىدە ئېغىز چايقىسا، چىشنى چىڭىتىدۇ، ئىچىپ بەرسە، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~15 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ناۋات.

[ئورۇنباسارى] خېنىگۈلى، نىلۇپەر.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۆسىدۇ.

## تاشئوت

(银柴胡 yin chai hu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Padix Stellariaelan ceolata

[ئىنگلىزچە نامى] Lanceo late Dichotomovs Stariwortrvto

[تونۇش]

بۇ چىنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پۆپۈكلۈك تاشئوتنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاشئوت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (12.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] stellaria cyclopeptide I ، Stigmast−7−enol ، a−spinasterol ،

stigmasterol ، a—spinasterylglvcoside ، stigmast—7—enolglocoside قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى قىزىتما قايتۇرۇش، قان، سەپرا خىلىتلىرىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، ئۈندىن باشقا قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە سىلى، يۇقىرى قان بېسىمى، يۇقىرى قىزىتما قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىنتىيانا، ئالقات يىلتىز پوستى، شاقاقۇل، چۈچۈكبۇيا 10 گرامدىن، تاشئوت يەتتە گرام، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، ئۆپكە سىلىدىكى قىزىتمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئاقۋاشئوت، تاشئوتتىن سەككىز گرامدىن ئېلىپ، ئىچىپ بەرسە، يۇقىرى قىزىتما ۋە يۇقىرى قان بېسىمغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاشئوت، ئالقات، چىلان، ئەينۇلا قاتارلىق دورىلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، يۇقىرى قان بېسىمغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بەدىنى ئاجىز، ئىچى سۈرۈپ تۇرغان كىشىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] چىلان.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

## سىركە

(葡萄醋 pu tao cu)

[ئەرەبچە نامى] خل

[پارسچە نامى] سرکه

[ئوردۇچە نامى] سرکه

[لاتىنچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Acetum (Vinegar)

[تونۇش]

بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇيى بولۇپ، ئۈزۈم، خورما، ئەنجۈر، شېكەر قومۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شىرنىلىك، تاتلىق مېۋىلەرنى سىقىپ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەسەل، گۈرۈچ ۋە باشقا دانلىق زىرائەتلەردىنمۇ ئېلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ياخشىراقى ئۈزۈم سۈيىدىن ئېلىپ ئىشلەنگىنىدۇر (12. 12 ـ رەسىم).

1. ئۈزۈم شىرىسىنى ئىشلەش ئۇسۇلى: پۇنىڭدا ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈزۈپ ياكى سۈزمەستىن تىرىپلىرى بىلەن بىرگە، ساپال ئىدىش ياكى چىنە ئىدىشنىڭ ئىچىنى ياغلاپ، ئۈزۈم سۈيىنى قۇيۇپ، ئۈزۈم سۈيىگە 10 كىلوگرام يېڭى سىركە قوشۇپ، ئاغزىنى يېپىپ، ئۈستىنى لاي بىلەن چاپلاپ، ئاپتاپتا ياكى ئىسسىق جايدا مەلۇم مەزگىل قويۇپ تەييارلىنىدۇ.

2. خورما سىركىسىنى ياساش ئۇسۇلى: يېڭى قاچىنى ياغلاپ خورمىدىن 10 كىلوغا 40 كىلو قايناق سۇ قۇيۇپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، بىر ھەپتە قويۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ خورمىنى ياخشى مىجىپ ھەم خورمىنىڭ قوۋۋىتى سۇغا چىققاندىن كېيىن ئۇنى سۈزۈپ، ئىككى كىلو خورما سۈيىگە بىر كىلو يېڭى سىركە قوشۇپ 15 گرام تۇز سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە قاچىغا ئېلىپ ئاپتاپتا قويسا، ئاپتاپنىڭ قىزىقى بىلەن قايناپ سىركە بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، مېۋىلەر ۋە شېكەر قومۇشى قاتارلىقلاردىنمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە سىركە ياسىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] سىركىنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى كۆل ماددىسى، ئۇچۇچان كىسلاتا، ئۇچمايدىغان كىسلاتا (tyrosol) ، چۆپ كىسلاتاسى (oxalic acid) ، كەھرىۋا كىسلاتاسى (Suecinic acid) ، ئوكسىدسىزلانغان شېكەر ۋە ئىسپىرت قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قۇرت ئۆلتۈرۈش رولى بار.

تەن سىرتىدا تەجرىبە ئېلىپ بارغاندا، %0.25~0.125 لىك ئاتسىتىك كىسلاتا بىلەن ھاشارەت لىچىنكىسى ئۇچراشقاندىن كېيىن، 2~3 مىنۇت ئىچىدە تېرە قەۋىتىدە قاپارتما پەيدا بولىدۇ. تېرىدە غىدىقلىنىش تېرە تاشلاش، قۇرت تېنى ئېرىش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

2. باكتېرىيىگە، ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قىزىتما يالىلۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيـ تىش، ئىشتىھانى ئېچىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ھارارەت پەسەيتىش، تاماق سىڭدۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قان ۋە سەپرا مەنبەلىك ئىسھال، ئۆتكۈر قىزىتما، سەپرادىن بولغان تەپ، مېڭە پەردە ياللۇغى، قۇسۇش، كۆڭلى ئېلىشىش، ئىچى سۈرۈش، باش ئاغرىقى، توسۇلۇشلۇق ۋە قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سىركە، گۈلاب، لىمون قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ پۆت- قوللارنى يۇسا، سەپرادىن بولغان تەپكە پايدا قىلىدۇ.

2. يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، سەندەل تاباشىر قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۈپۈپ قىلىپ، سىركە بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، قۇرۇق ھۆل يوقىتىدۇ، سەپرالىق قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شاتۇت، شاھتەررە، سىركىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، غار - غار قىلسا، گال ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. گۈل يېغى، گۈلاب سىركە قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

5. يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنى داۋالاشتا خاسىڭ مېغىزىنىڭ پوستىنى سويماي سىركىگە چىلاپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن كۈنلۈكى ئۇخلاشتىن بۇرۇن تۆت دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 25 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ئاقىرقەرھا.

[ئورۇنباسارى] مۇسەللەس، لىمون سۈيى، تەمرى ھىندى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى سىركەنجۇبىل، شەربىتى بۇزۇرى.

# ئاق لەيلى ئۇرۇقى
(蜀葵子 shu kui zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالخطمی
[پارسچە نامى] تخم خطمی
[ئوردۇچە نامى] خطمی کے بیج
[لاتىنچە نامى] Semen Althaeae Roseae
[ئىنگلىزچە نامى] Holly Hock Root
[تونۇش]

بۇ لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى ھەمىشىباھار ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر خىلى بولغان ئاق لەيلى ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، خەلقىمىز بۇ ئۆسۈملۈكنى لەيلىقازاق دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ئاق لەيلى ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇقنىڭ شەكلى ياپىلاق، رەڭگى ئاق، قارا، چار رەڭدە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (12. 13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆسۈملۈك مېيى، مايدا تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى كۆپ، ئۇندىن باشقا يۇرەك كۈچەيتكۈچى گلۇكوزىدلار delphinidin، herbacin لار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

تاش پارچىلاش، ئۈچەينى تازىلاش تەسىرى بار.

ئۆتكۈر خاراكتېرلىك سۈيدۈك يولى ياللۇغىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن ئالتە تالنى ئېلىپ سوقۇپ، كۈندە ئىككى ۋاخ ئىچىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، تۇغۇتنى تېزلىتىش، بالا ھەمرىيىنى چۈشۈرۈش، سۇلۇق ئىششىقنى تارقىتىش، جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرۇش، يۈزدىكى دانىخورەكلەرنى يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە ئىششىقى، كۆكرەك پەردە ئىششىقى، تۇرلۇك جاراھەتلەر، يانپاش ئاغرىقى، مۇپاسىل، زۇكام، يۆتەل، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، قان تولغاق، سۈيدۈك يولى ياللۇغى،

سۇيدۇك يولىدا تاش تۇرۇپ قېلىش، چىيقان، دانىخورەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى، بەدىيان، كاسىنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ دەملەپ ئىچسە، سۇيدۇكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. چىلان، سەرپىستان 10 گرامدىن، گۈل بىنەپشە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى، تەرەنجىبىن ھەر بىرىدىن ئايرىم - ئايرىم 15 گرامدىن ئېلىپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ھەر خىل ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ.

3. سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، 200 گرام شېكەر بىلەن قائىدە بويىچە لوئوق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، زۇكام، يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كۆكنار ئۇرۇقى ئالتە گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 10 گرام، ئىسپىغۇل، بادام يېغىدىن تۆت گرامدىن ئېلىپ، بادام يېغىدىن باشقا دورىلارنى دەملەپ، تاتلىقىنى چىقىرىپ بادام يېغى بىلەن قوشۇپ يەپ بەرسە، قان تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىم قىلىشنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئارپىبەدىيان، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ھەمىشىباھار ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئۇقى سەرپىستان، ھەببى سۇئال، شەربىتى خەشخاش.

## يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى[1]

(芫荽实 yuan sui shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالقۇغ قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تەڭشەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، سۇيدۇك ھەيدەش، قىزىتما قايتۇرۇش، سۇلۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش، قان توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 24 - بابقا قاراڭ

## ئوسۇك[1]
(萵苣 wo ju)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى خىلىتسىز هۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، قىزىتما پەسەيتىش، ئۇندىن باشقا غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلىتىنىڭ هارارىتىنى پەسەيتىش، قاننى تازىلاش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، سپازما قايتۇرۇش.

## ئاق سەندەل[2]
(檀香 tan xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، خىلىتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى ۋە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، تىنچلاندۇرۇش، هارغىنلىقنى چىقىرىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، قاننى تازىلاش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش.

## قىزىل سەندەل[3]
(紫檀香 zi tan xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، خىلىتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش؛ قان توختىتىش، جاراهەت پۈتتۈرۈش، تەرلىتىش، قان تازىلاش.

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

## بىنەپشە①

(天山堇菜 Tian shan jin cai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، سۈرۈش، سەپرا ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، يالللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، كۆكرەكنى سىلىقلاشتۇرۇش.

## نىلۇپەر گۈلى②

(荷花 he hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، يۇمشىتىش.

## لىمون③

(柠檬 ning meng)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى خىلىتسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۇندىن باشقا سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكنى پەسەيتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 3 ـ باب 1 § غا قاراڭ
② تەپسىلاتى 3 ـ باب 1 § غا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 1 ـ باب 1 § غا قاراڭ

## ئۈچقات[1]

(金银花 jin yin hua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش.

## ھەمىشىباھار ئۈرۈقى[2]

(金盐化 jin yan hua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۇمشىتىش، قىزىتما پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى ۋە قاننى توختىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئۈچەينى تازىلاش، ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش.

## قارادان[3]

(连翘 lian qiao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما پەسەيتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، قاتتىقلىقنى يۇمشىتىش.

---

① 10 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

② 10 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

③ 11 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

## پەربۇن①
(柴胡 chai hu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، پەي - مۇسكۇلنى چىڭىتىش، تۇتۇش، ئىششىقنى قايتۇرۇش، ھەيز قېنىنى توختىتىش، مىزاجنى تەڭشەش، تال ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى كۈچەيتىش.

## تۇخۇم ئېقى②
(鸡子白 ji zi bai)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكىگە نەملىك يەتكۈزۈش، كېكىردەك خىزمىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچ ئۆستۇ-رۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

## قاغىتىرنىقى③
(光慈姑 guang ci gu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقى-تىش.

---

① تەپسىلاتى 11 - بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 11 - بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 12 - بابقا قاراڭ

## تەرخەمەك ئۇرۇقى①

(黄瓜子 huang gua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا قان، سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تاش پارچىلاش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋان قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

## قۇنۇن②

(钩藤 gou teng)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، تارتىشىشنى توختىتىش.

## سېمىزئوت ئۇرۇقى③

(马齿苋子 ma chi xian zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش، سەپرا ۋە قاننىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، چىرايىنى پارقىرىتىش، قان تازىلاش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، قان توختىتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

---

① تەپسىلاتى 13 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

## پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى[1]
(车前子 che qian zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۇرلۇكىنى پەسەيتىش، قورۇش، تۇتۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## روشەنگۇل[2]
(千里光 qian li guang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، چىرىشنى يوقىتىش، گۆش ئۇندۇرۇش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش.

## بىدمىشكى[3]
(黄花柳 huang hua liu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت ۋە ئۇسسۇلۇق پەسەيتىش، قان بىسىمىنى چۈشۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 26 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

## كات ھىندى[1]

(儿茶 er cha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۈتۈش، قان تازىلاش، قان توختىتىش، چىش مىلىكلىرىنى چىڭىتىش، قۇرۇتۇش، مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

## تەرخەمەك[2]

(黄瓜 huang gua )

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى، قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش؛ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قىزىتما چۈشۈرۈش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، تىردىگە جۇلا بېرىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش ۋە چۈشۈرۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش.

## ئەرۋسە ياپرىقى[3]

(大驳骨 da bo gu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، سپازما بوشىتىش، جاراسىملارنى يوقىتىش، قان توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 30 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

## قومۇش يىلتىزى[①]

(芦根 lu gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى ۋە قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇسۇشنى توختىتىش، جۇلا بېرىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، قان تازىلاش.

## سەپرائوت يىلتىز پوستى[②]

(白鲜皮 bai xian pi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، يەل تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش.

## ئالقات يىلتىزى پوستى[③]

(地骨皮 di gu pi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىنى تەڭشەش.

---

① تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

## پىچانگۇل يىلتىزى[1]
(射干 she gan)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئۇيۇپ قالغان ماددىلارنى تارقىتىش.

## سۇ بۆلجۈرگىنى[2]
(水杨梅 shui yang mei)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## يۆگىمەچئوت[3]
(田旋花 tian xuan hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

## كۆك ماش[1]
(绿豆 lu dou)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتما پەسەيتىش، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش.

## ئوسما يىلتىزى[2]
(板蓝根 ban lan gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى]

شىللىق پەردىلەردىكى ياللۇغلارغا قايتۇرۇش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

## شاتۇت[3]
(红果桑 hong guo sang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنى تەڭشەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، قان تازىلاش.

---

① تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

# ئون ئۈچىنچى باب  سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار

سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن (بەدەن مىزاج بۇزۇلۇش، سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرىدا تاش پەيدا بولۇش، دوۋساق راكى، بۆرەك ياللۇغى، مەزى بېزى چوڭىيىش، سىرتقى زەخىملىنىش، ئايااللار تاشقى جىنسىي ئەزاسى شەلۋەرەش قاتارلىقلار) دىن سۈيدۈك تۇتۇلۇش بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا دوۋساق چىڭقىلىپ ئاغرىش، بەدەن سۇلۇق ئىششىش، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش، ئاشقازان ئاجىزلاش، تاماق سىڭمەسلىك، ھەيز راۋان بولماسلىق، قورساق ۋە ئۈچەي ئېچىشىپ ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئالامەتلەر بايقالسا ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بارمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپ خىللىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئۇلارنى ئىشلەتكەندە كېسەللىك سەۋەبىگە قاراپ تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. بۇ خىل دورىلار سۈيدۈك ھەيدەپ، توسالغۇلارنى ئېچىش؛ ياللۇغ قايتۇرۇپ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇشتەك تەسىرلەرنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: تاۋۇز ئۇرۇقى، كۆك كاۋا شاپىقى، كاللەكبەسەي، كۆمىقوناق ساقىلى، تۇرۇپ، چىنىگۈل، ياۋا مەشمىر، پېلىكئوت، پالما مەرىزى، ئاپتاپپەرەس يىلتىزى، كـەرەپشە ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئەتىرگۈل، تاۋۇزەك، پالەك ئۇرۇقى.

كېۋەز ئانىسى، شاخ دارچىن، كۆك چاي، كەرەپشە، نەغمز گۈلى يىلتىزى، كاكىنەچ، لوپنۇر كەندىرى، ئوغرىتىكەن، بېلىق مېڭە تېشى، كۆك كاۋا، ئارپىبەدىيان، ئاپتاپپەرەس گۈلى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ياۋا پۇرچاق، قاراز كۆز بەدىيان، ئوسۇك ئۇرۇقى، گۈل ياسىمەن، ئادراسمان ئۇرۇقى.

## تاۋۇز ئۇرۇقى

(西瓜子 xi gua zi)

[ئەرەبچە نامى] بزر البطيخ

[پارسچە نامى] تخم تربزه

[ئوردۇچە نامى] هندوانه کی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Citrulli
[ئىنگلىزچە نامى] Watermelon Seed
[تونۇش]
بۇ قاپاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك تاۋۇزنىڭ قۇرۇتۇلغان يېتىلگەن ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۇرۇق ياپىلاق، كەڭ تۇخۇمسىمان، سىرتقى يۈزى قارا، قوڭۇر، قىزغۇچ، پارقىراق، ئۈستى ئۇچى ئۇچلۇقراق، ئاستى يۇمىلاق، ئۇرۇق پوستى قاتتىق، ئاق رەڭلىك بولىدۇ، تەمى سەل تاتلىق ھەم مەززىلىك، پۇرىقى ئ (1.13 ـ رەسىم)
[خىمىيىلىك تەركىبى] تاۋۇز ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ياغ، ئاقسىل ماددىسى، ۋىتامىن $B_2$، پېنتوزان (Pentosan)، كراخمال، يىرىك تالالار، ئۇرىئازا فېرمېنتى (Urease)، گالاكتوزا (α—galactosidasi)، β ـ گالاكتوزا (β—GAlactosidasi)، شېكەر، يەنە سوپۇن گلۇكوزىد (Cucurbocitrin) قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تەركىبىدە تۇتقان سوپۇن گلۇكوزىدنىڭ (cucur bocittin) قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش ھەمدە ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغىنىڭ جىددىي ئالامەتلىرىنى پەسەيتىش تەسىرى بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاساسلىقى سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۇندىن باشقا يۇمشىتىش، ھۆللەشتۈرۈش، سەمرىتىش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ تۈتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، تاش پارچىلاش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئۇرۇقلاپ كېتىش، سىل كېسىلى، جۇدەتكۈچى تەپ، يۇقىرى قان بېسىمى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى ۋە تاش كېسەللىكى، قان تومۇرلار قېتىشىش، سەپراۋى ئىسھال قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى بىلەن تاۋۇز ئۇرۇقىدىن سەككىز گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي قان، سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. ئاق لەيلى ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، ھەمىشباھار، كاكىنەچ، پىرسىياۋشان، تاۋۇز ئۇرۇقى، بابۇنە گۈلى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ كۆنگە ئىككى ۋاخ 30 گرامدىن قايناتما قىلىپ ئىچسە، بۆرەك، دوۋساق ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15 ~ 30 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.
[تۇزەتكۈچىسى] ھەسەل، ناۋات.
[ئورۇنباسارى] كاۋا ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] لوئۇقى تەربوز.

## كۆك كاۋا شاپىقى

冬瓜皮 dong gua pi

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى]
[ئىنگلىزچە نامى]
[تونۇش]
بۇ كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق پېلەكلىك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك كاۋىنىڭ پىشقان مېۋىسىنىڭ سىرتىدىكى شۆپۈكىدىن ئىبارەت (13.2 ـ رەسىم).

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۆرەك ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىششىقلارغا كۆك كاۋا شۆپۈكىنى قايىنىتىپ، 1000 مىللىلىتىر ئىچىپ بەرسە، ئىككى سائەتتىن كېيىن، بىماردا كۆپ مىقداردا كىچىك تەرەت كېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، يەنى كۆك كاۋا شۆپۈكىنى قايىنىتىپ ئىچىپ بەرگەندە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىششىقنى قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يىرىڭلىق ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
بۆرەك ياللۇغى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەر خىل يىرىڭلىق ئىششىق، يۆتەل قاتارلىقلارغا

ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆك كاۋا شۆپۈكى بىلەن كۆممىقوناق ساقىلىنىڭ ھەر بىرىدىن 50 گرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، بۆرەك ياللۇغىدىن بولغان سۇلۇق ئىششىق ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆك كاۋا شۆپۈكى بىلەن خام كەتىرانىڭ ھەر قايسىسىدىن 35 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى (سۇلۇق ئىششىق ۋە سۈيدۈكتە ئاقسىل كېلىش) غا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 20 ~ 70 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، دارچىن.

[ئورۇنباسارى] تەرخەمەك.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كۆك كاۋا شۆپۈكى قايناتمىسى.

## كاللەكبەسەي

(卷心菜,莲花白 juan xin cai, lan hua bai)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Brassica olercea. Var (capitita)

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ مەشھۇر كۆكتات بولۇپ، ياخشىسى يىپسىز ئۆسكىنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك «كاللەكبەسەي» ، «كاپۇستا» ۋە «كورنوپ» قاتارلىقناملاردا دورا ۋە كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ (3.13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 100 گرام كاللەكبەسەي تەركىبىدە 76 مىللىگرام ۋىتامىن C ، 0.15 مىللىگرام ۋىتامىن $B_1$ ، 0.07 گرام ۋىتامىن $B_2$ قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك، ھەيزنى راۋان قىلىش، يۇمشىتىش ۋە بەلغەم بوشىتىش، قىزىتما پەسەيتىش، تەشنالىقنى قاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش ئاغرىقى، كۆز قاراڭغۇلىشىش، قەۋزىيەت، كونا يۆتەل، سېرىقئەت ۋە ئىچكى ئەزالار ئىششىقى، بوغما، سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كاللەكبەسەينىڭ قاينىتىلغان سۈيىنى كۇنجۇت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلسا، گال بوغۇلۇشقا شىپا بولىدۇ.

2. كاللەكبەسەي، پالەك، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

3. كاللەكبەسەي، پالەك، سەۋزە، كۇدە، لويلا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 15 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ئىچنى يۇمشىتىدۇ.

4. زۇپا، زىخىر ئۇرۇقى، چامغۇر 10 گرامدىن، كاللەكبەسەيدىن 15 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، بەلغەم بوشىتىپ، كونا يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سېرىقياغ، قايماق.

[ئورۇنباسارى] قەنبىل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كاللەكبەسەي قايناتمىسى.

## كۆممىقوناق ساقىلى

(玉米须 yu mi xu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Stylus Zeae Maydis

[ئىنگلىزچە نامى] Maize Style

[تونۇش]

بۇ بىر يىللىق سامان غولluق ئېگىز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك كۆممىقوناقنىڭ كۆممىسى ئۈستىدىكى يىپسىمان، رەڭگى قوڭۇرغا مايىل قىسمى بولۇپ، بۇ قوناق ساقىلى دېيىلىدۇ، ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىرگىچە بولىدۇ، بۇنىڭدا ئالاھىدە بىر خىل پۇراق بار بولۇپ، تەمى تاتلىققا مايىل، كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ قورۇتۇپ ساقلىنىدۇ، يۇمران پارقىراق بولغىنى ياخشى (13.4 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆممىقوناق ساقىلى تەركىبىدە ماي %2.5، ئۇچۇچان ماي، رىزىنا، ئالكالوئىد، ساپونىن، ۋىتامىن C، ۋىتامىن K، Sitosterol، پانتوتىن كىسلاتاسى، ئالما كىسلاتاسى، ئىنوزىتول (Inositol)، چۈپ كىسلاتاسى، كالىي نىترات قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى.

2. قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى.

3. ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەش تەسىرى.

4. قان قېتىشنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى.

5. ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، ئىششىق ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۆت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەردە غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى سۈرۈشكە، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بۆرەك ياللۇغى، جىگەر كېسىلى، سېرىقلىق چۈشۈش، ئۆت تاش كېسەللىكى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆممىقوناق ساقىلى 35 گرام، ئارپا قىلتىرىقىدىن سەككىز گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما بۆرەك ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كۆممىقوناق ساقىلىدىن 10 گرامنى قايناق سۇدا دەملەپ ئىچسە، سۈيدۈك ئازلاش ۋە سۇلۇق ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. قوناق ساقىلى 15 گرام، كەرەپشە يىلتىزى 10 گرام، قارىئۆرۈكتىن 5 دانىنى دەملەپ ئىچسە، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قوناق ساقىلى 15 گرام، شىۋاق 5 گرام، چىلان 10 دانە، سۇدا بىر قايناتقاندىن كېيىن ئازراق شېكەر قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ئۆت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، سەپرا خىلتىنىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. قوناق ساقىلى 60 گرام، تاۋۇز شاپىقى 30 گرام، ئەگرىسۇناي 15 گرام، دارچىن 2 گرام سۇدا قاينىتىپ ئىچىشكە بېرىلسە، ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. كۆممىقوناق ساقىلى ياكى كۆممىقوناقنىڭ يەرگە يېقىن تۇراقسىز يىلتىزىدىن 35 گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ ئىچسە ياكى كۆممىقوناق ساقىلىنى دەملەپ چاي ئورنىدا ئىچسە، يۇقىرى قان بېسىمغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. كۆممىقوناقنىڭ ھۆل يىلتىزى ياكى يوپۇرمىقىدىن 70 گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك يولىدىكى تاشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۆممىقوناق يىلتىزى، كەرەپشە.

[ئورۇنباسارى] ئىسپار، زەپەر.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كۆممىقوناق ساقىلى قاينىتىلمىسى.

## تۇرۇپ
(罗卜 luo bo)

[ئەرەبچە نامى] فجل

[پارسچە نامى] ترب

[ئوردۇچە نامى] مولی

[لاتىنچە نامى] Fructus Raphani Satri

[ئىنگلىزچە نامى] Gardin Padish

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ۋە ئىككى يىللىق، تىك ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سەي - كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تۇرۇپ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھۆل يىلتىزى «تۇرۇپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى يوغان، توم،

گۆشلۈك، چوڭـ كىچىكلىكى، رەڭگى، شەكلى بىر خىل بولمايدۇ، ئۆزى سۇلۇق، تەمى تاتلىق، ئازراق پۇرىقى بار، قىزىلىدىن كۆكى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ (13.5 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە گلۇكوزا، قومۇش شېكىرى ۋە شېكەر بار. باشقا تەركىبلىرىدە كومارىك كىسلاتا (Coumaric acid) ، فېرولىك كىسلاتا (Ferulic acid) ، كوففىك كىسلاتا (Coffeic acid) ، فېنىلپىرۇۋىك كىسلاتا، (Phenylpyru uic acid) قاتارلىق كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتالار بار. ھۆل يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە مېتىل مېركاپتان، ۋىتامىن C بار. چۆپ كىسلاتاسى تۆتىمغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كالتسىينىڭ ئەڭ ياخشى مەنبەسىدۇر. يەنە ماگنىي، بورالار ھەم راپانۇسىن (RaPhanusun) مۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تۇرۇپنىڭ ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان سۇيۇقلۇقى باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش رولىغا ئىگە. بولۇپمۇ گرام مۇسبەت باكتېرىيىگە نىسبەتەن تورمۇزلاش كۈچى ئارتۇق، قان زەردابى كېسىلى بولغاندا ھاياتلىق كۈچىنىڭ يېرىمى تۆۋەنلەيدۇ، يەنە زەمبۇرۇغقا قارشى تەسىرىمۇ بار. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا يىلتىزىنى يانچىپ چىقىرىلغان سۈيى ئۆتتە تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭا، ئۆت تېشى كېسەللىكىدىگە ئۈنۈم بېرىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، ئاشقازان ـ ئۈچەينى قوۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىمنىڭ ناچارلىقى، قولاق ئاغرىقى، كونا يۆتەل، ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش، ئىستىسقا، سېرىقلىق چۇشۇش كېسەللىكلىرى، ئۆتتە تاش پەيدا بولۇپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تۇرۇپ سۈيىگە تۆت ھەسسە كۈنجۈت يېغىنى قوشۇپ سۇس ئوت بىلەن قاينىتىپ، سۈيى تۈگەپ يېغى قالغاندا سۈزۈپ ئېلىپ پاكىزلاپ قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

2. تۇرۇپنىڭ يوپۇرمىقىنى سىقىپ ئۇنىڭ سۈيىنى قارا شېكەر بىلەن ئىچىپ بەرسە، يەرقان كېسىلى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

3. تۇرۇپنىڭ ئۆزىنى داۋاملىق يېسە ۋە سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ كۈندە بىر ئىستاكان ئىچىپ بەرسە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى چۈشۈرىدۇ.

4. تۆرۈپنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئۇ گۈل يېغى قۇيۇپ قوقاستا قويۇپ، ئىچىدىكى ياغ قايناۋاتقاندا ئېلىپ ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقتىكى يەللەرنى تارقىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

5. تۆرۈپنى قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە، كونا يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

6. تۆرۈپنىڭ ئىچىنى ئويۇپ چامغۇر سۈيىنى تولدۇرۇپ، ئاغزىنى ئېتىپ خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ يېسە، سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 40～60 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، باش، گال ۋە چىشلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تۇز، ھەسەل، سىركىگە چىلانغان زىرە.

[ئورۇنباسارى] چامغۇر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە، تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تۆرۈپ قايىنتىلمىسى.

## چىنىگۈل

(石竹 shi zhu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Dian thi chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Pik Herba Rainbow Pink Herba

[تونۇش]

بۇ چىنىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پاخماق چىنىگۈلنىڭ يەر ئۈستى قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، «چىنىگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئېۋگېنول (Eugenol)، قەنتلەر ۋە ھەرخىل ۋىتامىنلاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش، باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قان شورىغۇچى قۇرتنى يوقىتىش، قان تۆكۈشنى توختىتىش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]
ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننى راۋانلاشتۇرۇش، ھەيز كەلتۈرۈش، يىرىڭلىق ئىششىقنى قايتۇرۇش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئۆتكۈر سۈيدۈك يولى ياللۇغى، دوۋساق ياللۇغى، ئاياللار تاشقى جىنسىي ئەزاسى شەلۋەرەش، سۇ ئۆرلەپ تۇرىدىغان چاقىلار، ھەيز كەلمەسلىك، يىرىڭلىق ئىششىق ھەم قىزىلئۆڭگەچ راكى، ئۆچەي راكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. كاكىنەچ، بەدىيان، قىزىلگۈل، چىنىگۈل قاتارلىق دورىلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ دەملەپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.
2. تاغ لەيلىسى، بابۇنە، كاكىنەچ، چىنىگۈل ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا، سۈيدۈك يولى ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. بىنەپشە، مامكاپ، ئوسما يوپۇرمىقى، ئوسما يىلتىزى، ئاق لەيلىگۈلى، چىنىگۈل قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ ئېزىپ زىمات قىلسا، ئۆتكۈر يىرىڭلىق ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ～ 12 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ئانار گۈلى، مەستىكى.
[ئورۇنباسارى] يەرلىك شوخلا.
[چىقىش ئورنى] كۆپىنچە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] چىنىگۈل دەملىمىسى.

## ياۋا كەشمىر

(泽泻 ze xie)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Alisma plantago—aquatica
[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]
بۇ كەشمىر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياۋا كەشمىر بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۇگۈنەك يىلتىزى «ياۋا كەشمىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] ياۋا كەشمىر تەركىبىدە بەش خىل تىرىتېرپېن (Triterpene) ماددىسى، ئاز مىقداردا بىئولوگىيىلىك ئىشقار، ئاقسىل، كراخمال قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، ماي ئالمىشىشنى تېزلىتىش رولى بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، سۇلۇق ئىششىق، ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ياۋا كەشمىر، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن قاتارلىقلارنىڭ 10 گرامدىن ئېلىپ، چالا سوقۇپ قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.
2. تۇرۇپ ئۇرۇقى، جۇۋنە، ياۋا كەشمىر، بەسباسە قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھەرخىل سۇلۇق ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[ئورۇنباسارى] ئوغرىتىكەن.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دەريا بويلىرى، سازلىق ۋە كۆلچەكلەردە ئۆسىدۇ.

## پىلىكئوت
(灯心草 deng xin cao)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Medulla Junci

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

پىلىكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پىلىكئوتنىڭ غول ياكى پۈتۈن چۆپىدىن ئىبارەت (13.8 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇچۇچان ماي، كۆپ خىل ئامىنو كىلاتاسى، xylan ، araban قاتارلىق قەنت تۈرىدىكى ماددىلار ۋە cyanidenon ، β—sitosterol ۋە β—sitosterol glucoside لار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، مىكرو ئورگانىزملارغا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەپرا، قان خىلتىنى تەڭشەش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۇلۇق ئىششىق، سېرىقلىق چۇشۇش، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى، گۆرەن بېزى ياللۇغى، گال ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىلىكئوت 15 گرام، پاقىيوپۇرمىقى 15 گرام، قائىدە بويىچە قايىنتىپ سۈيىدە غار ـ غار قىلسا، گال ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىلىكئوت 10 گرام، كاسىنە يىلتىزى 10 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى 15 گرام، قائىدە بويىچە قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئىزخىر 10 گرا، پىلىكئوت 15 گرام، ئەفسەنتىن 10 گرام، غاپەس 7 گرام، دورىلارنى قائىدە بويىچە ئېلىپ قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىپ، سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10ـ30 گرامغىچە ئىچىشكە بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] خولىنجان، پىلپىل.

[ئورۇنباسارى] پاقىيوپۇرماق ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] سۇ بويى ۋە نەم جايلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە تاغلىق رايونلىـ

ىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كاسىنە قاينىتىلمىسى.

## پالما مەرىزى
(猪苓 zhu ling)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Selerotium Grifolae

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ ئادەتتە پالما دەرىخىدىن چىقىدىغان غارىقۇن ئائىلىسىدىكى پېرس (pers) ياكى پىلات (pilat) دېيىلىدىغان بىر خىل تەييارتاپ گىرىب (دەرەختىن پۇلتىيىپ ئۆسۈپ چىقىدىغان پور) نىڭ يادروسىدىن ئىبارەت (13.9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئىرگوستېرول (Ergoserol)، بىئوتىن (Biotin)، پالپۇرنىك كىسلاتاسى (Palpornic acid) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش، ئۆسمىنى كونترول قىلىش، راكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئارتۇق نەملىكنى قۇرۇتۇش، ئىششىق تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، پۈت تەمرەتكىسى ھەر خىل ئۆسمە، سۇلۇق ئىششىق، ئاق خۇن كېسەللىكى، تال ۋە ئاشقازان زەئىپلىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پالما مەرىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى 10 گرامدىن، خاكىشى بەش گرام، بۇ قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. جۈۋنه 10 گرام، زىره بەش گرام، پالما مەرىزى 10 گرام، قاينىتىپ ئىچسە هەزىمنى ياخشىلايدۇ.

3. پالما مەرىزى، گۈلسەۋسەن، ئىكلىلمىلىك، تاغ لەيلىسى 10 گرامدىن، دورىلارنى مۇۋاپىق سۇدا قاينىتىپ ئابزەن قىلسا، ئاق خۇن كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ يۈننەن، سەنشى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

## ئاپتاپپەرەس يىلتىزى

(向日葵跟 xiàng rì kuí gèn)

[ئەرەبچە نامى] اصل الدوار الشمس

[پارسچە نامى] بیخ آفتاب پرس

[ئوردۇچە نامى] سورج مکھی کے جڑ

[لاتىنچە نامى] Radix Helianthi Annui

[ئىنگلىز نامى] sun flower root

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاپتاپپەرەسنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت.

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە ئۆسۈملۈك هۈجەيرىلىرىنىڭ ئاجرىلىشىنى بىرىكتۈرىدىغان قۇۋۋەت جەۋھىرى (cytokinin; kinetin) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] هارارەت چۈشۈرۈپ، نەپەسنى راۋان قىلىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك هەيدەش، هەيز ماڭدۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، هامىلە چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك يولى تاش كېسەللىكى، يۈرەك ئاجىزلىقى، هامىلە چۈشمەسلىك، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاپتاپپەرەس يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ ئېزىپ، دىزىنفېكسىيە قىلىنغان لاتىغا ئېلىپ، بالىياتقۇ ئېغىزىغا قويسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

2. ئاپتاپپەرەس يىلتىزىنى ئۇستقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا بىلەن قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، لېكىن كۆپ قايىنتىۋەتمەي ئىشلىتىش لازىم.

3. ئاپتاپپەرەس يىلتىزى بىلەن ئارپىبەدىياندىن 15 گرامدىن، ئوغرىتىكەن بىلەن تاۋۇز شاپىقىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يولى تاشلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

4. ئاپتاپپەرەس يىلتىزى 7 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى 3 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 3 گرام، قايىنتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15 ~ 30 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، قارىمۇچ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى سەنگى مەسانە.

## كەرەپشە ئۇرۇقى

(旱芹子 han qin zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالكرفس

[پارسچە نامى] تخم کرفس

[ئوردۇچە نامى] اجمودکی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Apium graviolens

[ئىنگلىزچە نامى] Seed of Wild Celerey

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كەرەپشىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇقى كىچىك، پۇرىقى كۈچلۈك، رەڭگى قارامتۇل كۆك رەڭدە كېلىدۇ (13. 11 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، ۋىتامىن A، B، C لار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ، ئۈچەي، ئاشقازان، جىگەرنىڭ سۈمۈرۈش، تارتىش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، نەپەس مەركىزىنىڭ نورمال پائالىيىتىنى ساقلايدۇ. مېڭىنى، مېڭە بۆلۈمچىلىرىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، بۇنىڭدىن ئېلىنغان پۇراقلىق ماي نەپەسنى ياخشىلاپ، دېمى سىقىشنى يوقىتىدۇ، بۆرەك تاجىسمان قىزىل قان تومۇرىنىڭ راۋانلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىپ، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تاماق سىڭدۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قان ئايلىنىشىنىڭ ناچارلىقى، بىقىن ئاغرىقى، ئۈچەي ئېچىشىش، قورساق ئاغرىقى، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئىت ئۈزۈمى 5 گرامدىن ئېلىپ، چالا سوقۇپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. ئوغرىتىكەن 5 گرام، پوستى تۇرۇنجى 5 گرام، بەدىيان 5 گرام، زىرە 5 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى 5 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يەل تارقىتىپ ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.

3. 300 مىللىلىتىر سىركىدە 4 گرام كەرەپشە ئۇرۇقىنى ئېزىپ سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ ئۈچ ئاي قويۇپ ئاندىن ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈكنىڭ تەستە كېلىشىنى يوق قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىككى گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] نانخا، زىرە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش جالىنۇس.

## تەرخەمەك ئۇرۇقى
(黄瓜子 huang gua zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالقثاء، بزرالخيار
[پارسچە نامى] تخم خيار، تخم بادرنگ
[ئوردۇچە نامى] كهيراكى بيج
[لاتىنچە نامى] Seme Cucumis Sativi
[ئىنگلىزچە نامى] Cucumber Fruit Seed
[تونۇش]

تەرخەمەك ئۇرۇقى كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق يامىشىپ پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تەرخەمەكنىڭ مېۋىسى ئىچىدىكى ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. رەڭگى ئاق، تەمى تاتلىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (13.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل ماددىسى، ماي بار، ماينىڭ ئاساسلىق تەركىبى 58.49% ماي كىسلاتاسى (Oleik Acid)، 22.29% لىنولىك كىسلاتا (Linnoleic acid)، 7% پالمىتىك كىسلاتاسى (Stcaris acid) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تەرخەمەك ئۇرۇقى تەركىبىدىكى كۇكۇمبان (Cucumben) نى هايۋاناتلارغا سىناق قىلغاندا، راك ئۆسمىسىگە قارشى تەسىرىنىڭ بارلىقى بايقالدى، زەھەرلىك تەسىرى ئاز بولغان.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا قان، سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تاش پارچىلاش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋان قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك يولى ياللۇغى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بەدەن قىزىش، ئۇسسۇزلۇق، ھەيز توسۇلۇش، بۆرەك، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولى تاش كېسەللىكى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ۋە تال ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، بەدىيان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. ئاق لەيلىگۈلى 5 گرام؛ تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، بابۇنە ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، بىر كۈندە ئىككى ۋاخ 30 گرامدىن ئىچسە، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ـ 15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] تەرخەمەك.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈيدۈك ھەيدەش شەربىتى.

## ئەتىرگۈل

(月季花 yue ji hua)

[ئەرەبچە نامى] ورد صيني

[پارسچە نامى] گل نسرين

[ئوردۇچە نامى] گل سیوتی

[لاتىنچە نامى] Flos Rasae Chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Rose Flower

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كىچىك چاتقال ئۆسۈملۈك ئەتىرگۈل بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يېرىم ئېچىلغان ۋاقتىدىكى گۈلى ياز ۋە كۈزدە يېغىۋېلىنىپ، سايىدا قۇرۇتۇلۇپ، «ئەتىرگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى سۆسۈن ياكى ھال رەڭ، تەمى سەل ئاچچىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ (13.13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] گۈلىدە ئۇچۇچان ياغ بار، تەركىبى قىزىلگۈل مېيى بىلەن

ئوخشاش، قىزىلگۈل مېيى تىرىپىن ئالكالوھىدىنىڭ خىمىيىلىك بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىششىق قايتۇرۇش، ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىقى، مېڭە ئاجىزلىقى، ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لاچىندانە بەش گرام، سازەج ھىندى بەش گرام، ئەترگۈل 10 گرام، چايلىق تەييارلاپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئەترگۈل گۈلقەندتىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى سانا بىلەن زاراڭزا چېچىكىنى يۇمشاق سىرقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

3. ئەترگۈل، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 6 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ، سۈيۈپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

4. ھۆل ئەترگۈل يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ زىمات تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، زەخمىلىنىشتىن بولغان ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رەيھانگۈلى.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەترە.

## تاۋۇزەك

(野西瓜苗 ye xi gua miao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Hibiseus trionum

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Rose Flower

[تونۇش]

بۇ لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاۋۇزەك ياكى پانۇسـ گۈلىنىڭ پۈتۈن چۈپىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تاۋۇزەك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (13. 14 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىدا چاپلىشاڭغۇ ماددا، galacturonic acid، ئەرەب قەنتى (arabinose)، rhamnose، ياغاچ شېكىرى (xylose) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى كۈچلۈك، بولۇپمۇ يوپۇرمىقى بۇ جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك، ئۇندىن باشقا زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەش، ھارارەت پەسەيتىش، ئاغرىق تۈختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇقىرى قىزىتما، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغى، ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، كۆيۈك يارىسى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نېلۇپەر، زىخ، تاۋۇزەك ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاۋۇزەكتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، گۈل يېغى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، كۆيۈك يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ئېتىز بويلىرىدىكى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ.

# پالەك ئۇرۇقى
(菠菜子 bo cai zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالاسفاناخ
[پارسچە نامى] تخم اسپاناخ
[ئوردۇچە نامى] پالک کی بیج
[لاتىنچە نامى] Fructus Spinaciae
[ئىنگلىزچە نامى] Spinach Fruit
[تونۇش]

بۇ لەيلا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك پالەكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈچ بۇرجەكلىك، سېرىقتا مايىل، يۈزى مۇدۇر- چوقۇر، تەمى تېتىقسىز كېلىدۇ (13.15 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى قومۇش شېكىرى، چىگىت شېكىرى (Yaffinosc)، بەتاخيوزا (سۈرەيھىنى شېكىرى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىسسىق بولغان تەپ، يۈرەك ئاغرىقى، ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاغرىقى، سىل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پالەك ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى 10 گرامدىن، قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

2. پالەك ئۇرۇقى بەش گرام، بىدىمىشكى، بىنەپشە يەتتە گرامدىن، نىلوپەر بەش گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان تەپنى پەسەيتىدۇ.

3. چامغۇر ئۇرۇقى، پالەك ئۇرۇقى بەش گرامدىن، سۆئلەپ ئۈچ گرام، سوقۇپ

سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، سىل كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقچان كىشلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، قايماق.

[ئورۇنباسارى] سېمىزئوت ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پالەك ئۇرۇقى قايناتمىسى.

## كېۋەز ئانىسى[①]

(磨盘草 mo pan cao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى خىلىتسىز ھۆل ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يۇمشىتىش، چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش.

## شاخ دارچىن[②]

(桂枝 gui zhi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تەڭشەش، تەرلىتىش، ئۇندىن باشقا پەي، مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنى بوشاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش.

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 2 § غا قاراڭ
② تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

## كۆك چاي[1]
(绿茶 lu cha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، هارارەت پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، سۈيدۈك هەيدەش، مېڭە، يۈرەك ئىرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش.

## كەرەپشە[2]
(芹菜 Qin cai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىش پەسەيتىش، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋان قىلىش.

## نەغەز گۈلى يىلتىزى[3]
(萱草根 xuan cao gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق

[خۇسۇسىيىتى]

هارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە قان توختىتىش، سۈيدۈك هەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

## كاكىنەچ[1]
(锦灯笼 jin deng long)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما چۈشۈرۈش، قان تازىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، دوۋسۇن ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش.

## لوپنۇر كەندىرى[2]
(罗布麻 luo bu ma)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

## ئوغرىتىكەن[3]
(刺蒺藜 ci ji li)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش؛ بۆرەكتىكى، ئۆتتىكى تاشلارنى پارچىلاش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

## بىلىق مېڭە تېشى[1]

(鱼脑石 yu nao shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش، تاش چۈشۈرۈش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

## كۆك كاۋا[2]

(冬瓜 dong gua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قان توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش.

## ئارپىبەدىيان[3]

(小茴香 xiao hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، سۈت پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش.

---

① تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 2 ـ باب 2 § غا قاراڭ

## ئاپتاپپەرەس گۈلى[①]

(向日葵花 xiàng rì kuí huā)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، مېڭە ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھامىلە چۈشۈرۈش.

## تۇرۇپ ئۇرۇقى[②]

(莱菔子 lai fu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قەي قىلدۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تاش پارچىلاش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، چىرايغا جۇلا بېرىش.

## ياۋا پۇرچاق[③]

(望江南 wang jiang nan)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ئىچنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، قان تازىلاش.

---

① تەپسىلاتى 18 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 19 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 20 ـ بابقا قاراڭ

## قارا كۆز بەدىيان[1]
(莳萝子 shi luo zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇستۇرۇش.

## ئۇسۇك ئۇرۇقى[2]
(莴苣子 wo ju zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق توختىتىش، مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، سپازما بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش.

## گۈل ياسىمەن[3]
(千日红 qian ri hong)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش.

---

① تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

## ئادراسمان ئۇرۇقى[①]
(骆驼蓬子 luo tuo peng zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى، باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، ئىششىق تارقىتىش، پەي ۋە نېرۋىنى كۈچەيتىش، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تەخشەش.

① تەپسىلاتى 41 - بابقا قاراڭ

# ئون تۆتىنچى باب  تاش پارچىلىغۇچى دورىلار

تاش پارچىلاش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ تاش پارچىلىغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىزاج بۇزۇلۇش، ئوزۇقلىنىش تەرتىپى قالايمىقانلىشىش، ئورگانىزملارنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، چىقىرىندى ماددىلار چىقىپ كېتەلمەي، مەلۇم بىر ئەزادا يىغىلىۋېلىش ۋە داۋاملىق بىرىكىپ چۆكمىگە چۈشۈشىدىن بۆرەك، دوۋساق، مەزى بېزى، ئۆت خالتىسى قاتارلىق ئەزالاردا تاش پەيدا بولىدۇ. ئەزالاردا تاش پەيدا بولغاندا ئوڭ تەرەپ جىگەر ساھەسى سانجىلىپ ئاغرىش، بۆرەك ساھەسى، قاتتىق كۆيۈشۈش، ئېچىشىپ ئاغرىش، سۈيدۈك راۋان بولماسلىق، سۈيدۈكتىن قان كېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەزىم ئاجىزلىق، پالەچ، لەقۋا، ئۈششاق بوغۇملار ئاغرىش، تال ۋە جىگەر ئاجىزلاش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. تاش پارچىلىغۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە، تاش پەيدا قىلغان سەۋەبكە قارىتا، تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. تاش پارچىلىغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، تاش ئېرىتىپ، توسالغۇلارنى ئېچىش؛ ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەشتەك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق تاش پارچىلايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار تاش پارچىلىغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: تىللا ئوت، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، ماگنىت تېشى، ئوغرىتىكەن، ھەجرۇليەھۇد، بېلىق مېڭە تېشى، قوغۇن ئۇرۇقى، قوغۇن ساپىقى.

موزايىبېشى، شىۋاق، بۇدۇشقاق، تاۋۇز ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، زەيتۇن يېغى.

## تىللا ئوت

(金钱草 jin qian cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Lysimachiae

[ئىنگلىزچە نامى] Christina loosestrife Herb

[تونۇش]

نورۇزگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تىللا ئوتىنىڭ پۈتۈن ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت (1.14 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە كىسلاتالىق ماددىلار siterol، فلاۋونلار، گلۇكوزىدلار، ئامىنو كىسلاتاسى، تاننىن، ئۇچۇچان ماي، خولىن ۋە كالىي تۇزلىرى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆت يولىدىكى تاشلارنى ھەيدەش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش ۋە سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

2. كىچىك چاشقاننىڭ ھۈجەيرە ئىممۇنىتېتى ۋە تەن سۇيۇقلۇق ئىممۇنىتېتىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

3. ياللۇغقا قارشى تۇرۇش ۋە قان تومۇرلارنىڭ سىلىق يوللۇق مۇسكۇللىرىنى كېڭەيتىش تەسىرگە ئىگە.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەش، سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى ئېرىتىپ چۈشۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى پەسەيتىش، سېرىقلىقنى قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قىزىتمىلىق كېسەللەردە قىزىتما ياندۇرۇش ئۈچۈن ۋە جىگەر كېسەللىكلىرى، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولۇش، كاناي ياللۇغى، زۇكام، تىلما، گۆرەن بېزى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 30 گرام تىللا ئوتنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، بەدەننى يۇسا قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە قىزىتما چۈشۈرىدۇ.

2. ئوغرىتىكەن 15 گرام، تىللا ئوت، تەرخەمەك ئۇرۇقىنى 10 گرامدىن ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، كۈندە ئۈچ ۋاق 15 مىللىلىتىردىن ئىچسە، سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15~30 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تال ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] تەرخەمەك ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ گۈيجۇ ئۆلكىسىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تىللا ئوت قاينىتىلمىسى.

## ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى

(野胡罗卜子 ye hu luo bu zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Frustus Coratae

[ئىنگلىزچە نامى] Garden Carrot

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياۋا سەۋزىنىڭ پىششىق قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى بولۇپ، «دۇقۇ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

رەڭگى چار سۇس بېغىررەڭدە، تەمى بىر ئاز ئاچچىق، پۇراقلىق كېلىدۇ (2.14 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا تەخمىنەن 2% ئۇچۇچان ماي بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قاندىكى مايلارنى ئېرىتىش تەسىرى كۆرۈنەرلىك.
[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاشقازان، باھ ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەمنى يوقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاش، ھەزىم ئاجىزلىقى، قۇرت ئۆلتۈرۈش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە ھەيز توسۇلۇش، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش، بەلغەملىك يۆتەل، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقى، قورساقتا سۇ يىغىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. دارچىن 5 گرام، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى 10 گرام، قاقىلە 5 گرام، تالقانلاپ ئىچسە، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.
2. مىشكى تارامۇش بىلەن ياۋا سەۋزە ئۇرۇقىنى 10 گرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.
3. ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، جۇۋىنە، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن قاتارلىقلارنى 5 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ تالقانلاپ، كۈنىگە 2 ۋاخ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تاش پارچىلايدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 3 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] گۈلبىنەپشە.
[ئورۇنباسارى] جۇۋىنە.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ غۇلجا، كۆنەس قاتارلىق جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا سەۋزىلىكتە ئۈنۈپ قالىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىشلار، تاش پارچىلىغۇچى دورىلار.

# ماگنىت تېشى
(磁石 ci shi)

[ئەرەبچە نامى] حجر المقناطيس، حجر الحديد
[پارسچە نامى] سنگ آهن ربا
[ئوردۇچە نامى] چمبک پتھر
[لاتىنچە نامى] Magnetite
[ئىنگلىزچە نامى] Mognetitum (Load Stone)
[تونۇش]
بۇ ئوكسىدلانغان مادا تۆرىدىكى ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ تېشى بولۇپ، ئۆلچەم-سىز مونەكسىمان قىرلىق، سىرتقى يۈزى قارا رەڭلىك، پارقىراق بولمايدۇ، قاتتىق توپىدەك پۇرايدۇ، بۇ خىل ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى «ماگنىت تېشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (14.3 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ ئاساسلىقى فىررى فىرروئوس ئوكسىدى (Ferrif errous oxide) تۈزىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا ماگنىي ئوكسىدى (MgO) ۋە ئاليۇمىن ئوكسىدى ($Al_2O_3$) بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
تاش پارچىلاش، مېڭە، جىگەر، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تازىلاش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، جاراھەت ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرۈش، ئاق خۇن ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
پالەچ، چوڭ بوغۇم ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، جىگەر ۋە تال ئاجىزلىقى، ھەر خىل قاناش، جاراھەت، قىيىن تۇغۇت، سۈيدۈك يولى تېشى قاتارلىق-لارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. كۆشتە قىلىنغان ماگنىت تېشىدىن 1.5 گرامنى ھەسەل ياكى قايماق بىلەن ئىچسە،

پالەچ، ئۈششاق بوغۇملار ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بىر گرام كۆشتە قىلىنغان ماگنىت تېشىنى ھەسەل سۈيى ياكى بادام مېغىزى بىلەن ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلايدۇ.

3. كۆشتە قىلىنغان ماگنىت تېشى، تاباشىر، قېتىق سۆزمىسى قاتارلىقلارنى 1.5 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

4. كۆشتە قىلىنغان ماگنىت تېشىدىن ئىككى گرامنى سۇپۇپ قىلىپ سىرتتىن سەپسە، سىرتقى قاناشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كۆشتە قىلىنغاندىن كېيىن 0.5 ~ 1 گرامغىچە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جياڭسۇ، شەندۇڭ، لياۋنىڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى سەنگى مەسانە.

## ئوغرىتىكەن

(刺蒺藜 ci ji li)

[ئەرەبچە نامى] حَسَك

[پارسچە نامى] خارخسك

[ئوردۇچە نامى] گوكھرى

[لاتىنچە نامى] Fructns Tribuli

[ئىنگلىزچە نامى] Frnitof puncturevinecaltrop

[تونۇش]

بۇ ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «ئوغرىتىكەن»، «چاھار مىخ»، «چاھارپاي ئاسمانى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (14.4 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە خارخەسەك گلۇكوزىدى (Tiribuloside) لار بار. قۇرۇق مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە مايلىق ياغ، ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي، تاننىن، رېزىنا، ستىرول، كالىي تۇزى قاتارلىقلار بار. ئۇرۇقىدا ھارمەن (Harman) ۋە ھارمىن (Harmone) قاتارلىق ئالكالوئىدلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار.
2. ئىسپىرتتا ئېلىنغان ماددىسى 12 بارماق ئۈچەينى بوشاشتۇرىدۇ.
3. بۇنىڭ سۇدا قايىنىتىپ ئېلىنغان سۇيۇقلۇقى سۈيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە.
4. ئوغرىتىكەنىنىڭ پۈتكۈل چۆپىدىن ئېلىنغان ماددىسى يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش؛ بۆرەكتىكى، ئۆتتىكى تاشلارنى پارچىلاش ۋە تۇسالغۇلارنى ئېچىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇسۇلۇش، بۆرەك ۋە دوۋساقتېشى، سۆزنەك، يۆتەل، دېمى سىقىلىش، بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوغرىتىكەن 10 گرام، سۆئلەپ مىسرى 5 گرام، ناۋات 20 گرام، سۇيۇپ قىلىپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىق، سۇت ۋە مەنىي كەملىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. كاكىنەچ، ئىتئۈزۈمى، كاسىنە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، ئوغرىتىكەن، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى 10 گرامدىن ئېلىپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، سۆزنەك ئۈچۈن شىپا بولىدۇ.
3. تاۋۇز ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، ھەجرالىيەھۇت قاتارلىقلارنى 5 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئۆتتىكى ئۇششاق تاشنى پارچىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باشنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام ۋە كۈنجۈ يېغى.

[ئورۇنباسارى] ئوغرىتىكەن يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقى، پىدىگەن ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى بۇزۇرى.

## ھەجرۇليەھۇد
(吉多果化石 ji duo guo hua shi)

[ئەرەبچە نامى] حجرالیهود
[پارسچە نامى] سنگ یهود
[ئوردۇچە نامى] حجرالیهود
[لاتىنچە نامى] Helmintholithus Judeici
[ئىنگلىزچە نامى] Jews stone
[تونۇش]

بۇ قەدىمكى يىڭنە تېرىلىك ھايۋاناتلارنىڭ تاشقا ئايلانغان قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت بو-لۇپ، كولاپ ئېلىپ باشقا تاشلارنى چىقىرىۋېتىپ، يۇيۇپ يىغىۋېلىنىپ، «ھەجرۇليەھۇد» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئېللىپس شەكىللىك، رەڭگى ئاقۇچ رەڭلىك، توپا پۇرىقى بار (5.14 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەجرۇليەھۇد تەركىبىدە ئاساسلىقى كالتسىي كاربونات (Calciun Carbonate) بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تاش پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇششاق تاشلارنى چۈشۈرۈش، ئۇيۇپ قالغان قانلارنى ئېرىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، سۈيدۈك توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھەجرۇليەھۇتنىڭ تالقىنىدىن ئىككى گرام ئېلىپ، تۆت گرام ئاچچىق بادام مېغىزى ياكى بادام يېغى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

2. ھەجرۇليەھۇتنىڭ تالقىنىدىن ئىككى گرامىنى بادام يېغى، قوغۇن ئۇرۇقى ۋە كەرەپشە ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

3. كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، ئوغرىتىكەن، شىۋاق ۋە شاھتەررىلەرنىڭ ئەرەقلى-

-رىنى قوشۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى گىرام ھەجرۇلىيەھۇت تالقىنىنى قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەكتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كالا سۈتى.

[ئورۇنباسارى] سەنگى سەرمائى

[چىقىش ئورنى] ئىئوردانىيىنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ھەجرۇلىيەھۇد، شەربىتى ھەجرۇلىيەھۇد.

[ئەسكەرتىش] ئىشلەتكەندە گىلى ھېكمەت قىلىپ، كۆشتە قىلغاندىن كېيىن ئىشلىتى-لىدۇ.

## بېلىق مېڭە تېشى

(鱼脑石 yu nao shi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Otolhtum Pseudosciaenae Croceade

[ئىنگلىزچە نامى] Yellow Croakers Auricular benos

[تونۇش]

بۇ بېلىقلار ئائىلىسىدىكى ھايۋانات سېرىق بېلىقلارنىڭ قۇلىقىدىكى يۇلتۇزسىمان تېشى بولۇپ، سېرىق بېلىق مېڭە تېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تېبابەتتە «سەنگى سەرماھى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇچىبۇرجەك شەكىلدە، رەڭگى ئاق، تەمى قېرىق، تېنى قاتتىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (6.14 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش، تاش چۈشۈرۈش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك، دوۋسۇن ۋە سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولۇپ قېلىش، سۈيدۈك راۋان بولماس-

لىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىلىق مېڭە تېشى بىر گرام، ھەجرۇلىيەھوتتىن 3 گرام ئېلىپ سوپۇپ قىلىپ، ئەرقى بەدىيان بىلەن ئىچىپ بەرسە تاش پارچىلايدۇ.

2. بىلىق مېڭە تېشى 0.5 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى 5 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 3 گرام، پەرسىياۋشان 10 گرام، بەدىياندىن 10 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] ھەجرۇلىيەھۇت.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى، ئىران، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سوپۇپى سەنگى سەرمايى، مەجۇنى سەنگى سەرمايى.

## قوغۇن ئۇرۇقى

(甜瓜子 tian gua zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالشام

[پارسچە نامى] تخم خربزه

[ئوردۇچە نامى] خربزه کی بیج

[لاتىنچە نامى] Seme Melo

[ئىنگلىزچە نامى] Muskmelon seed

[تونۇش]

بۇ كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياماشقۇچى ياكى يەر بېغىرلىغۇچى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قوغۇننىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «قوغۇن ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇرۇقى ياپىلاق ئۇزۇن، ئېلىپىس شەكىللىك، ساغۇچ ئاق رەڭلىك بولىدۇ (14.7 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۈرۈقىنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 27% مايلىق ياغ بار. ماينىڭ ئاساسىي تەركىبى زىغىر ماي كىسلاتاسى، ماي كىسلاتاسى، پالمىتىك كىسلاتا، قاتتىق ياغ كىسلاتاسى، جويۇز كىسلاتاسىنىڭ گلىتسىرىك مېيى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە شارئاق-سىل ۋە لېتسىتىن، دولىستېرىن، گالاكتوزا، گلۇكوزا، دەرەخ يېلىمى، رىزىنا قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۈرۈقى ۋە مېغىزىنىڭ سۇ، ئىسپىرت ياكى ئېتىر بىلەن ئېلىنغان سۈيۈقلۈقى ۋە ئۈرۈقىنىڭ مايلىق يېغى مۈشۈككە نىسبەتەن قۇرت چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە. بەدەن سىرتىدىكى تەجرىبىسىدە سازاڭ مەددە ۋە تاسما قۇرتلارنى ئادەتتە 1 : 10 قويۇقلۇقتىكى سۈيۈقلۇقى ئون مىنۇتتىن بىر يېرىم سائەت ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۆلتۈرىدۇ. لېكىن پوستى ئېلىۋېتىلگەن ئۈرۈقىنىڭ ئىسپىرت ۋە ئېتىر بىلەن ئېلىنغان ئېرىتمىسىنىڭ تاسما قۇرتقا نىسبەتەن بولغان تەسىرى ناھايىتى تۆۋەن. 3~1.5 سائەتكىچە ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئوخشاشلا پۈتۈن ئۈرۈقىنىڭ سۇ بىلەن ئېلىنغان سۈيۈقلۇقى مۈشۈكنىڭ ھەر بىر كىلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن بىردىن 4 گرام مىقداردىكىسى سازاڭ قۇرت ۋە تاسما قۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرىدۇ، قوغۇن ئۈرۈقىدىن ئېلىنغان ماددىسى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرىدۇ. قوغۇن ئۈرۈقىدىن ئېلىنغان ماددىسى ۋە مايلىق ياغىنىڭ مۈشۈككە ئىشلىتىلىدىغان مىقدارى سەككىز گرامغا يەتكەندە ھېچقانداق زەھەرلىك تەسىرى كۆرۈلمە-گەن، قوغۇن پېلىكىدىن ئېلىنغان ماددا زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش، بۆرەك، دوۋ-ساق ۋە ئۈچەينى تازىلاش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، بەلغەم بوشىتىش، مەنىي كۆپەيتىش، باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تېرىنى پاقىرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، تىل ۋە گالنىڭ يىرىكلىكى، سۈيدۈكنىڭ ئېچىشتۇرۇپ كېلىشى، سۈيدۈك توسۇلۇش، جىگەر ئىششىقى، بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىق-لارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوغۇن ئۇرۇقىنى پوستىدىن ئاجرىتىپ، ئېزىپ مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئىچنى پاقىرىتىدۇ.

2. قوغۇن ئۇرۇقى پوستى بىلەن يۇمشاق سوقۇپ ئېزىپ، يۈزگە ۋە بەدەنگە چاپسا، يۈزنى ۋە بەدەننى پارقىرىتىدۇ، قارا داغنى ئالىدۇ.

3. قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزىنى سۇدا ئېزىپ شىرىنىسىنى چىقىرىپ ئىچسە، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۆرەك خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

4. قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن، تاۋۇز ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] چىلغوزا مېغىزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ ھەم ھىندىستان قاتارلىق ئىسسىق بەلۋاغ ئەللىرىدىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قوغۇن ئۇرۇقى قايناتمىسى.

## قوغۇن ساپىقى

(甜瓜蒂 tian gua di)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] pedicellus Melo

[ئىنگلىزچە نامى] Muskmelon Base

[تونۇش]

بۇ كاۋا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك قوغۇن بىلەن پىلىكى ئارىلىقىدىكى 3~4 سانتىمېتىر

ئەتراپىدىكى قىسمى بولۇپ، «قوغۇن ساپىقى» دىن ئىبارەت بولۇپ، 8~7 ـ ئايلاردا مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ (14 .8 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سېترول، ساپونىن، ئامىنو كىسلاتاسى، پىرانوگلۇكوزا ۋە a—spinastrol قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. كۆڭلۈك قۇستۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

2. ھۆجەيرىلەرنىڭ ئىممۇنىتېتلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

3. جىگەرنى قوغداش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تاش پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك ۋە دوۋساق تېشى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، ھەيز توسۇلۇش، سۆزنەك، بۆرەك ۋە دوۋساق يارىسى، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوغۇن ئۇرۇقى 10 گرام، قوغۇن ساپىقى 20 گرام، ئوغرىتىكەن، كاكىنەچ، يەرلىك شوخلا 10 گرامدىن؛ قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىدىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ. ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

2. قوغۇن ساپىقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، چۆپچىن، يەرلىك شوخلا، كاكىنەچ قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، سۆزنەككە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى ناچارلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] قوغۇن ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى بۇزۇرى.

## موزايۇپشى[1]

(地龙虎 di long hu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۇيدۇك ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش، يامان جاراھەتلەرنى يوقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## شىۋاق

(茵陈蒿 yin chen hao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، تاش پارچىلاش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق تارقىتىش، ھەيزنى راۋان قىلىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، نەزلىنى تازىلاش.

## بۇدۇشقاق[3]

(苍耳 cang er)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، تاش پارچىلاش، ئىششىق تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى تارقىتىش، ھۆللۈكنى ھەيدەش، بەدەننى پارقىرىتىش.

---

① تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

## تاۋۇز ئۇرۇقى①
(西瓜子 xi gua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۈندىن باشقا يۆتەلنى توختىتىش، ھۆللەشتۈرۈش، سەمرىتىش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، تاش پارچىلاش.

## تەرخەمەك ئۇرۇقى②
(黄瓜子 huang gua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا قان، سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تاش پارچىلاش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋان قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

## تۇرۇپ ئۇرۇقى③
(莱菔子 lai fu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قەي قىلدۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمگە

① تەپسىلاتى 13 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 13 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 19 ـ بابقا قاراڭ

ياردەم بېرىش، تاش پارچىلاش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، چىرايغا جۇلا بېرىش.

## زەيتۇن يېغى[1]

(橄榄油 gan lan you)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تاش پارچىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ئوزۇق بولۇش، تېرىنىڭ قۇرغاق بولۇشىنى تۈگىتىش، يۇمشىتىش، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئېچىشىشىنى ۋە قىچىشىشىنى توختىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، چاچنىڭ كېپىكىنى يوقىتىش، چاچنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

# ئون بەشىنچى باب  چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار

چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، راۋانلاشتۇرۇش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرى يەنى مىزاج بۇزۇلۇش، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى قالايمىقان بولۇش، ھەرىكەت ئاز، جىملىق كۆپ بولۇش، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ سۈيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىشى تۆۋەنلەش، ئۈچەي مېخانىك لۆمىلدىمە ھەرىكىتى تۆۋەنلەش، ئۈچەينىڭ ماددىلارنى سىرتقا چىقىرىش كۈچى ئاجىزلاش، ئۈچەي يولىدىكى ھەرخىل ئۆسمە قاتارلىقلاردىن چوڭ تەرەت قېتىۋېلىش، تەرەت قېتىم سانى ئاز بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئورگانىزمدا باش چىڭقىلىپ ئاغرىش، ھەزىم ناچارلىشىش، رەئىس ئەزالار خىزمىتى ئاجىزلاش، مەقئەت ئەتراپى يېقىمسىزلىنىش، چوڭ تەرەت كەلمەسلىك، قىززىش، تەرلەش، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولۇش، ماغدۇرسىزلىق، ئىچى قاراڭغۇ بولۇش، تېرىلەرگە مۇدۇر ـ چاقا چىقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئالامەتلەرگە قارىتا ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بارمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋان قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە، تەرەت راۋان بولماسلىقنىڭ قاراپ، تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋان قىلغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى ھۆل سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈچەينىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، ئۈچەيگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئۈچەي لۆمۈلدىمە ھەرىكىتىنى تېزلىتىشتەك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل دورىلار چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: پىيزەك، بانان، سەۋزە، زەيتۇن مېۋىسى، ئۆرۈك مېغىزى يېغى، ئۆرۈك، كۆك كاۋا، كۇدە، بېدە، پالەك.

چىلاپا، سانا، تۇربۇت، خىيارشەنبەر، شىرخىشت، يەرلىك سوپۇن، پۇنۇس ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، تۇرۇپ ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، يەر مەدىكى، ھەببۇلمۇلۇك، زاراڭزا چېچىكى، ياۋا پۇرچاق، ئىنەكتىپى ئۇرۇقى.

## پىيزەك

(三棱草 san leng cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Caricis Phacotae

[ئىنگلىزچە نامى] Convexu Tricle sedge Herb

[تونۇش]

بۇ قىرلىق پىيزەك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قىرلىق پىيزەكنىڭ تۈگۈنەك غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، «پىيزەك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (15. 1 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇچۇچان ماي، ستروللار (sterol)، فلاۋونلار، ھېكسادېكا كىسلاتاسى (hexadeca)، ماندېلىك (mandelic)، پارادىھىدوروكسى بېنزول (Paihydroxybenzene) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇچەيىنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ، قان قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قان يېپىشقاقلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنى كۆپەيتىدۇ، ئاغرىق توختىتىپ، راكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق كۆپۈش، ھەيز راۋان بولماسلىق، دوۋسۇن بېشى ئاغرىش، سوزۇلما جىگەر ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لاچىندانە ھىندى 10 گرام، پىنە 15 گرام، پىيزەك 10 گرام، قايىنتىپ ياكى دەملەپ ئىچىپ بەرسە ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. خىيارشەنبەر 15 گرام، ئوبھەل 10 گرام، زاراڭزا گۈلى 10 گرام، پىيزەكتىن

10 گرامدىن ئېلىپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

[توزەتكۈچىسى] خۇنسىياۋشان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## بانان

(香蕉 xiang jiao)

[ئەرەبچە نامى] موز

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] كيلہ

[لاتىنچە نامى] Fructus Musae sapienti

[ئىنگلىزچە نامى] Common banana Fruit

[تونۇش]

بۇ بانان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بانان دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، «بانان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. شىرنىلىك، مېۋىسى گۆشلۈك، ئۇزۇن، يۇمىلاق شەكىللىك، ئۇچ قىرى بار، پىشقاندا سېرىق رەڭلىك بولۇپ، ئۇرۇقى بولمايدۇ. ئۆزى سۇلۇق كېلىدۇ. تەمى تاتلىق، پۇراقلىق بولىدۇ (2.15 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە يېرىم پىرسەنت كراخمال، ئاقسىل ماددىسى، ماي 11% قەنت، بىر پىرسەنت كۈل ماددىسى، ۋىتامىن A، B، C، E قاتارلىقلار بار. يەنە ئاز مىقداردا سېروتونىن (serotonin)، نورئادىرىنالىن (noradrenaline) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېۋە ئېتىدە تۇتقان نۇر ئادىرىنالىن، بەشىنچى ھىدرو- كسى تىرىپتامىن (5—hydrox—ltrypta mine) ۋە رۇپامىن (Dopamine) قاتارلىقلارنى ھەر كۈنى 10 مىللىگرام ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان - ئۈچەينىڭ خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. سۈيدۈكنى تەكشۈرگەندە، سۈيدۈكتە ئىندول (indol) ياكى كاتېخولامىن (catecholamine) قاتارلىقلار بولسا، بانان يېيىشكە بولمايدۇ. پىشمىغان خام بانان ئېتى بۆتازولدىن كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئاشقازان يارىسىغا نىسبەتەن ئالدىنى ئالىدۇ ياكى داۋالايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سەمرىتىش، ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەدەن ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۈچەينى سىلىقلاپ، تەرەتنى يۇمشىتىش؛ بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قۇرۇق يۆتەل، ئومۇمىي بەدەن ۋە باھ ئاجىزلىقى، قەۋزىيەت، گالنىڭ قۇرۇقلۇقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بانان، نەشپۈت، ئالما، ئاپېلسىن، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ.

2. باناننى كۆندە يەپ بەرسە، ئۈچەينى سىلىقلاپ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] قورساقنى ئېسىدۇ، كۆزگە قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تۇز، زەنجىۋىل مۇراببىاسى.

[ئورۇنباسارى] قەنت، شېكەر.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدىن ۋە ياپونىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى پەۋاكىھ.

## سەۋزە

(胡萝卜 hu luo bo)

[ئەرەبچە نامى] جزر

[پارسچە نامى] زردك، گزر

[ئوردۇچە نامى] گاجر

[لاتىنچە نامى] Radix Dauci Sativae

[ئىنگلىزچە نامى] Carrot

[تونۇش]

بۇ كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سەۋزە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «سەۋزە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇنچاق، ئۇچى ئىنچىكە، كۆتەك تەرىپى يوغان، ئۆزى يوغان گۆشلۈك كېلىدۇ، رەڭگى قىزىل، سېرىق رەڭلەردە، تەمى تاتلىق، سۇلۇق، ئۈستى نېپىز پوستلىق كېلىدۇ. يوغان، سۇلۇق، تاتلىق، يىپسىز بولغانلىرى ياخشىدۇر (3.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سەۋزىنىڭ يىلتىزىدا كاروتىنېس (Carotenes)، لىكوپېن (Lycopene)، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$ ۋە ئانتوتسىيانىدىن (Anthocyanidin) قاتارلىقلار بار. يەنە 3~5% گېچە قەنت، 0.1~0.7% كىچە مايلىق ياغ، ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قۇرۇق سەۋزىنىڭ ئېتىر بىلەن ئېلىنغان ماددىسى سېرىق رەڭلىك تەركىب بولۇپ، بۇ ئۆرۈك مېغىزى يېغىدا ئېرىيدۇ. بۇنى ئادەم ياكى توشقانلارغا ئوكۇل قىلسا، قاندىكى قەنت كۆرۈنەرلىك ھالدا تۆۋەنلەيدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆكۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، رەڭىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ئاجىزلىق، يۈرەك قوزغىلىش، يۆتەل، زىققە، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكى، ئۆپكە ئىششىقلىرى، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەۋزىنى قوقاستا پىشۇرغاندىن كېيىن قەلەمچە قىلىپ كېسىپ، كېچىسى شەبنەمدە قويۇپ، ئەتىگىنى شېكەر ياكى ناۋات بىلەن قوشۇپ بىرقانچە كۈن يەپ بەرسە، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. سەۋزىنى شۇ پېتى ئىستېمال قىلسا ياكى ئۇنىڭدىن مۇراببا تەييارلاپ يەپ بەرسە، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئەرەق تارتىپ ئىچسىمۇ بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا يېيىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] گۆش.
[ئورۇنباسارى] چامغۇر.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] سەۋزە مۇراببىاسى.

## زەيتۇن مېۋىسى

(橄榄 gan lan)

[ئەرەبچە نامى] ثمرة الزيت، زيت
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى] زيتون پهل
[لاتىنچە نامى] Fructus Canarii Albi
[ئىنگلىزچە نامى] White Canarytree Fruit
[تونۇش]

بۇ زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن ئاشىدىغان، غولى تۈز دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، «زەيتۇن مېۋىسى»، ئۇنىڭ مېغىزىدىن ئېلىنىدىغان ياغ «زەيتۇن يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى ئۇرچۇق شەكىللىك، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، سىرتقى يۈزى سېرىققا مايىل قوڭۇر رەڭلىك، تەرتىپسىز چوڭقۇر پۇرمىلەر بار. مېۋە ئېتى قېلىن، كۈل رەڭگە مايىل قوڭۇر رەڭلىك ياكى قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ. مېۋە ئېتى سەل قىرىق تەمدە، ئۇزۇن تۇرغانلىرى سەل ئاچچىق بولىدۇ. پۇراقسىز، ئەتلىك تەمى ئاۋۋال قېرىق كېيىن تاتلىق بولغانلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (4.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە بىردە 20% ئاقسىل، 1% ماي، 12% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، 0.20% كالتسىي، مەلۇم مىقداردا فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن C تۇتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە يەتتە ـ سەككىز پىرسەنتكىچە ياغ، ياغنىڭ ئاساسى تەركىبى ئامىرىن (Amyrin) دىن ئىبارەت، مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 20% ئەتراپىدا ياغ بار.

ئۇچۇچان ماي، ماي كىسلاتاسى، ئۇندىن باشقا (Diflavonoid agathisflavone) مۇھىم تەركىبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] جىگەرنى ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىش رولى بار. ئۇندىن باشقا ئوكسىدلىنىشقا قارشى تەسىرىمۇ بار.

كالپۇك يېرىلىش كېسىلىگە زەيتۇن مېۋىسى شىرنىسىنى سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرەتنى يۇمشىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، تەرلىتىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۆپكە، كانايدىكى زەھەرلىك ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، ئۇسسۇلۇقنى پەسەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كانىاي ياللۇغى، ئۇسسۇزلۇق، باكتېرىيىلىك تولغاق، قىزىل داغ، ھۆل تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ھەر خىل جىنسىي ئەزا ياللۇغلىرى، ھەزىم ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەيتۇن مېۋىسىدىن كۈندە 25 گىرامنى يەپ بەرسە، ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە پايدا قىلىدۇ.

2. يېڭى زەيتۇن مېۋىسىدىن 100 گىرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا 200 مىللىلىتىر سۇ قويۇپ، سۇس ئوتتا قاينىتىپ سۈيىنى 30～20 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، باكتېرىيىلىك تولغاققا پايدا قىلىدۇ.

3. خام زەيتۇن مېۋىسىدىن 100 گىرامغا 10 گىرام شاھتەررىنى قوشۇپ، 200 مىللىلىتىر سۇدا قاينىتىپ سۈيىدە يەرلىك ئورۇننى يۇسا، ئۇرۇقدان خالتىسى يارىسى، ئاياللار جىنسىي ئەزا يارىسى، ھۆل تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15～30 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] چىرىگەن جايغا سۈركىسە، قىچىشىش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بىنەپشە شەربىتى.

[ئورۇنباسارى] بىلسان يېغى.

[چىقىش ئورنى] ئىلىمىزنىڭ دىڭىز بويلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] زەيتۇن يېغى.

## ئۆرۈك مېغىزى يېغى

(杏仁油 xing ren you)

[ئەرەبچە نامى] دهن لب المشمش
[پارسچە نامى] روغن تخم زردآلو
[ئوردۇچە نامى] خوبانی کا بیج کا تیل
[لاتىنچە نامى] Oleum Armeniacae
[ئىنگلىزچە نامى] Apricot kernel Oil
[تونۇش]

ئەترگۇل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئۆرۈكنىڭ پىشقان ھالەتتىكى ئۆكچىسىدىن چىقىدىغان مېغىزىدىن تارتىپ ئېلىنغان ياغدىن ئىبارەت بولۇپ، سۇس سېرىق رەڭلىك، تەمى تاتلىق، پۇراقسىز كېلىدۇ (5.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يېغىنىڭ ئاساسىي تەركىبى ماي كىسلاتاسىدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ماي كىسلاتاسىنىڭ ئاشقازان ئاقسىل فېرمېنتىنىڭ ھەزىم قىلىش خىزمىتىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچنى يۇمشىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، زىققە، قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەرەب يېلىمى ئۈچ گرام، كەتىرا ئىككى گرام، دورىلارنى سوقۇپ، ئۆرۈك مېغىزى يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، بەلغەم بوشىتىپ يۆتەل پەسەيتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇغا ئۆرۈك مېغىزى يېغىدىن بىر ـ ئىككى تامچە تېمىتىپ ئىچسە، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15 ~ 5 مىللىلىتىر.
[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەككە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، كەترا.
[ئورۇنباسارى] بادام يېغى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] چاچ ئۆستۈرۈش مەلھىمى.

## ئۆرۈك

(杏子 xing zi)

[ئەرەبچە نامى] مشمش
[پارسچە نامى] زردآلو
[ئوردۇچە نامى] خوبانى
[لاتىنچە نامى] Fructus Armeniacae
[ئىنگلىزچە نامى] Apricot Fruit
[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى مېۋىلىك دەرەخ ئۆرۈك بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «ئۆرۈك»، مېغىزى «ئۆرۈك مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (15.6 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆرۈكنىڭ تۈرى كۆپ، ئەمما ھەممىسىنىڭ پىشقان ئېتى ۋە مېغىزىدىكى تەركىبلەر ئاساسەن ئوخشىشىدۇ، پىشقان ئۆرۈك مېۋىسىنىڭ ئېتىدە 27% گىچە قەنت ماددىلىرى بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرى ساخاروزا، ئاز مىقداردا دېكستىرىن سېئولىن ۋە كراخماللاردىن ئىبارەت. يەنە ئالما كىسلاتاسى، ئۈزۈم كىسلاتاسى، بىر قىسىم ئاتسىدوم سالتسىيلىك لىتورىزىرى بار، يېڭى پىشقان ئۆرۈك ئېتىدە كىسلاتالار 0.3~2.6% گىچە بار، ئۆرۈكتە ۋىتامىن A ۋە C مول.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاساسلىقى ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى تېزلىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، ئۇسسۇزلۇق، هارارەت پەسەيتىش.
[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر]
سەپرا مەنبەلىك قىزىتما، ئاشقازان ئېچىشىش، بوۋاسىر، ئۆسمە، قەۋزىيەت ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئۆرۈكنىڭ قۇرۇقىنىڭ چىلانغان سۈيىنى ياكى قايىنىتىلغان سۈيىنى ئىچسە تەشنالىقنى، قاننىڭ هارارىتىنى ۋە سەپرا مەنبەلىك قىزىتمىلارنى پەسەيتىدۇ، كېكىرىكنى يوقىتىدۇ.
2. يېڭى پىشقان ئۆرۈكنى سەپرا مەنبەلىك قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرگە بېرىپ، ئارقىدىن قايناق سۇ بىلەن بىر ئاز هەسەل بېرىپ قوستۇرسا، ئاشقازان زەهەرلىك بۇزۇق خىلىتلاردىن تازىلىنىپ قىزىتما قايتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازىنى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان يېتىلمەيدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر، مەستىكى، رۇمبەدىيان.
[ئورۇنباسارى] شاپتۇل.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا تېكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.
[پىشىشىق دورا ياسالمىسى] ئۆرۈك مۇرابباسى.

## كۆك كاۋا

(冬瓜 dong gua)

[ئەرەبچە نامى] محدب
[پارسچە نامى] كدوئے رومى
[ئوردۇچە نامى] پيٹها
[لاتىنچە نامى] Fructus Benincasa
[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Waxgourd
[تونۇش]
بۇ كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق پېلەكلىك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك كاۋا

بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىشقان مېۋىسى «كاۋا»، ئۇرۇقى «كۆك كاۋا ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋە ئېتى ئاق رەڭلىك، قىلىن بولىدۇ، ئۇرۇقى كۆپ، ئاق رەڭلىك ياكى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، تۇخۇم شەكىللىك، ئىچىدە ئاق رەڭلىك مېغىزى بار، مايلىق، تەمى سەل تاتلىق، ئازراق پۇراقلىق (7.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 500 گىرام كۆك كاۋا تەركىبىدە بىر يېرىم گىرام ئاقسىل، سەككىز گىرام قەنت، 15 گىرام تالالىق ماددىلار، بىر گىرام كۈل ماددىسى، 72 مىللىگىرام كالتسىي، 45 مىللىلىتىر فوسفور، بىر مىللىگىرام تۆمۈر، 0.04 مىللىگىرام كاروتىن، ۋىتامىن $B_1$، C، $B_2$، نىكوتىن كىسلاتالىرى بار.

ئۇرۇقنىڭ تەركىبىدە گلوكوزىد، ياغ، ئورېئا (Urea) بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قان توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش، سۇلۇق ئىششىق، يۈرەك قوزغىلىش، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەر، ئۆپكە ياللۇغى، بۆرەك ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆك كاۋىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، قىزىتما پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

2. كۆك كاۋا شۆپۈكى، كۆممىقوناق ساقىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 50 گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ياللۇغىدىن بولغان سۇلۇق ئىششىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۆك كاۋا بىلەن خام كەتىرانىڭ ھەر قايسىسىدىن 35 گىرامدىن ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى (سۇلۇق ئىششىق ۋە سۈيدۈكتە ئاقسىل بولۇش) غا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى]  سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى]  بەدىيان، قارىمۇچ.

[ئورۇنباسارى]  پىدىگەن.

[چىقىش ئورنى]  شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى]  كۆك كاۋا قاينىتىلمىسى.

## كۇدە

(韭菜 jiu cai)

[ئەرەبچە نامى]  كراث

[پارسچە نامى]  گندنا

[ئوردۇچە نامى]  گندنا

[لاتىنچە نامى]  Folium Allii tuberosi

[ئىنگلىزچە نامى]  Leaf of tuber onion

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۇدە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى «كۇرراس»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى كۇرراس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى ھۆل يوپۇرمىقى ياپىلاق، تار يىپ شەكىللىك، ئۇچى ئۆتكۈر، پارقىراق، سىلىق تۈكسىز، توق يېشىل رەڭلىك، ئۆتكۈر پۇراقلىق كېلىدۇ (8.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]  يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە سۇلفىدلىق بىرىكمىلەر، گلۇكوزىدلار ۋە ئاچچىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]  يېڭى ئۆسكەن كۇدىنى سىقىپ سۈيىنى سۈزۈپ، كىچىك چاشقاننىڭ ھەر 10 گرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 0.5~0.1 مىللىلىتىردىن كۆك قان تومۇرىغا كىرگۈزۈلگەندە شوكقا ئوخشاش ئالامەتلەر، ھەتتا تېرىككەك بولۇش، تارتىشىپ قېلىش، بىر ئازدىن كېيىن جىم بولۇپ قېلىش، ئۇيقۇغا چۆشۈش، كۆكىرىش، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۆلۈش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. توشقاننىڭ كۆك قان تومۇرىغا كىرگۈ-

زۇلسە، يەڭگىل دەرىجىدە قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. ياقا يۇرىكىگە نىسبەتەن ئاۋۋال تورمۇزلايدۇ، كېيىن قوزغىتىدۇ. 1% لىك سۇيۇقلاندۇرۇلغاندا سۇيۇقلۇقى ئورگانىزمدىن ئايرىلغان بالىياتقۇنى قوزغاش تەسىرىگە ئىگە. مۇشۇ سىقىلغان سۇيۇقلۇقنى 100℃~60 قىزىتىپ ئىشلىتىلسە، يەنىلا تەسىرى بار، لېكىن كۈچى يېرىم ھەسسە تۆۋەنلەيدۇ. پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىنغان سۇيۇقلۇقمۇ كىچىك چاشقاننىڭ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا، يەنىلا شوكقا ئوخشاش ئالامەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىچنى يۇمشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قەۋزىيەت، بوۋاسىر، باھ ئاجىزلىقى، ئۆپكە ياللۇغى، قۇلاق غۇڭۇلداش، سۆگەل، ئۇچەي كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆدىنىڭ ئۆزىنى ئىستېمال قىلسا، ئۆپكە- كانايىنى تازىلايدۇ ھەم ئىچنى بوشىتىدۇ.

2. ئېزىلگەن يوپۇرمىقىنى يالغۇز ياكى تاباشىر، خۇنسىياۋشان بىلەن قوشۇپ، بالىياتقۇغا ھەمەل قىلىنسا، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ، بالا چۈشۈشنى توسىدۇ.

3. كۆدىنى گۈل يېغى، سىركە بىلەن قوشۇپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كۆدىنى سۇماق بىلەن قوشۇپ ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، سۆگەلگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە سىڭىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۇت، ھۆل كاسىنە.

[ئورۇنباسارى] پىياز.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى مۇقەل.

# بېدە
(苜蓿 mu xu)

[ئەرەبچە نامى] حدقق-رطبه
[پارسچە نامى] ديواسپست
[ئوردۇچە نامى] بكهرا
[لاتىنچە نامى] Herba Medicaginis
[ئىنگلىزچە نامى] Alfalfa Herb; California Burclover herb
[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياتما يىلتىزلىق سامان غوللۇق كۆك گۈللۈك بېدە ۋە تىكەنلىك بېدىنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يېڭى ۋاقتىدىكى كۆكى تۇرمۇشتا «بېدە» دېيىلىپ، ئوتياش ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شاخلىرى كۆپ، يوپۇرماقلىرى كىچىك، دوم تۇخۇمسىمان، سوقىچاق كېلىدۇ. گۈل تاجىسى سۆسۈن رەڭلىك كېلىدۇ (9.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە لۇسېرنول (Lucernol)، ساتىۋول (sativol)، كوۋ-مېترول (Coumetrol)، فورمونونېتىن (Formononetin)، دىيدزئېن (Daidzein)، تىرتىن (tricin)، سترۇللىن (cltrulline)، كانالىن (canaline)، 21.8—37.8% ئاقسىل، 4—9.5% قەنت بار. يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە ئونونىتول (Ononitol)، مېۋە يېلىمى كىسلاتاسى بار. گۈلىدە دېلفىنىدىن (Delfhinidin)، پېتۇنىدىن (Petunidin)، مالۇرىدىن (Maluridin)، ئۇچۇچان ماي بولغان بولىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] پۈتۈن چۆپىنىڭ ئېرىتمىسى ئۆپكە سىل تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى سەمرىتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلار، تارتىشىپ قېلىش، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش، ھەيز توسۇلۇش، كۆكرەكنىڭ قۇرۇقلۇقى، يۆتەل، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بېدىنى شېكەر بىلەن داۋاملىق يەپ بەرسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ساپ قان پەيدا قىلىدۇ.

2. بېدىنى ئېزىپ ھەسەل بىلەن يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، داۋاملىق پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، تارتىشىپ قېلىشنى داۋالايدۇ.

3. بېدىنىڭ ئۇرۇقىدا ياغ تارتىپ يەرلىك ئورۇنغا ياغلاپ بەرسە، لەقۋا ۋە تارتىشىپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ تۇتۇنىدە داۋاملىق ئىسلىنىپ بەرسە، پالەچكە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 30 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قورساقنى ئېسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] پالەك.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

## پالەك

(菠菜 bo cai)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Spinaciae cum Radice

[ئىنگلىزچە نامى] Spinach herb with root

[تونۇش]

بۇ لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك پالەكنىڭ يىلتىزلىق پۈتۈن چۆپى بولۇپ، شەكلى پۈتۈن، چۆپى سىلىق، پارقىراق، يوپۇرماقلىرى چوڭراق بولۇپ، تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى يېشىل رەڭلىك، ساپاقلىق، گۈلى سارغۇچ رەڭلىك كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 گرام پالەك تەركىبىدە 2 گرام ئاقسىل ماددىسى، ئاز مىقداردا ماي، 2 گرام كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، يېرىم گرام تالا، 2 گرام كۈل ماددىسى، 70 مىللىگرام كالتسىي، 34 مىللىگرام فوسفور، 2.5 مىللىگرام تۆمۈر، 3 مىللىگرام كاروتىن (Corotin)، ئاز مىقداردا ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$ ۋە 31 مىللىگرام

ۋىتامىن C، چۆپ كىسلاتاسى 15 مىللىگرام روتىن قاتارلىق تەركىبلەر بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قان كۆپەيتىش، يۇمشىتىش، قىزىتما پەسەيتىش، تەپنى پەسەيتىش، سۇيدۇك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قەۋزىيەت، گال ئاغرىقى، تەپ، قان ئازلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى پالەك يوپۇرماقلىرىنى سىقىپ سۇيىنى غار ـ غار قىلسا ياكى شېكەر قوشۇپ شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قان كۆپەيتىدۇ، سۇيدۇك ھەيدەيدۇ، گال ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، قىزىتما پەسەيتىدۇ، تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى پالەكنى سەۋزە ۋە تۇرۇپ بىلەن پىشۇرۇپ، سەي ئورنىدا يەپ بەرسە تەرەتنى يۇمشىتىپ، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ؛ قان ئازلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ، سۇيدۇك ھەيدەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10～30 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، قايماق، قارىمۇچ.

[ئورۇنباسارى] سېمىز ئوت.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پالەك شەربىتى.

## چىلاپا①

(药喇叭根 yao la ba gen)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

## سانا[1]

(番泻叶 fan xie ye)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش؛ مېڭىنى تازىلاش، قان تازىلاش، تېرىنى پارقىرىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## تۇربۇت[2]

(盒果藤根 he guo teng gen)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئارتۇق ھۆل‌لۈكنى قۇرۇتۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## خىيارشەنبەر[3]

(阿勒勃 a le bo)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا، سەپرا خىلتىنى سۈرۈش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئۆپكىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەيز ماڭدۇرۇش، ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرۈش، ئىششىق ياندۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 4 ـ باب 3 § غا قاراڭ

## شىرخىشت①
(甘露糖 gan lu tang)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، بەلغەم سەپرا خىلتىنى سۇرۇش، چىراينى پارقىرىتىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، جىگەر، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، هارارەت پەسەيتىش، ئاشقازان، جىگەر ۋە يۈرەكنىڭ هارارىتىنى پەسەيتىش، جىگەردىكى ئىششىقنى ياندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، كۆكرەك يىرىڭلىكىنى يوقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەس راۋانلاشتۇرۇش.

## يەرلىك سوپۇن②
(土肥皂 tu fei zao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، كىرلارنى تازىلاش، ئىششىقلارنى يۇمشىتىش، جاراھەتلەردىكى چىرىگەن گۆشنى يوقىتىش، بەدەننى پارقىرىتىش.

## پۇنۇس ئۇرۇقى③
(决明子 jue ming zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى ۋە بەلغەم خىلتىنى سۇرۇش، قان تازىلاش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، يەلنى هەيدەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش.

---

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

## ئىسپىغول①

(卵叶车前子 luan ye che qian zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا، قان خىلتىدىن بولغان ياللۇغلارنى قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەي- تىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇ- رۇش، ئىچنى توختىتىش، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش، ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قاننىڭ ھارارىتىنى ياخشىلاش.

## تۇرۇپ ئۇرۇقى②

(莱菔子 lai fu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قەي قىلدۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تاش پارچىلاش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، چىرايغا جۇلا بېرىش.

## قوغۇن ئۇرۇقى③

(甜瓜子 tian gua zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش، بۆرەك، دوۋ-

① 10 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

② 19 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

③ 14 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

ساق ۋە ئۆچەينى تازىلاش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، بەلغەم بوشىتىش، مەنىي كۆپەيتىش، باھنى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تېرىنى پاقىرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش.

## يەرمەدىكى[1]

(锁阳 suo yang)

[تەبىئىتى] ئۆچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قان كۆپەيتىش، تەر توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، جىگەر، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى قاتتىقلىقنى تارقىتىش، هاردۇق چىقىرىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، هۆللۇكلەرنى قۇرۇتۇش.

## ھەببۇلمۇلۇك[2]

(巴豆 ba dou)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتى، كۆيگەن قويۇق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئىششىق ۋە يەللەرنى تارقىتىش، قەي قىلدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىش.

---

① تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 17 ـ بابقا قاراڭ

## زارالخزا چېچىكى[1]
(红花 hong hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، سۇرۇش، ئاۋازنى ياخشىلاش، مېڭە، يۈرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي پەيدا قىلىش.

## ياۋا پۇرچاق[2]
(望江南 wang jiang nan)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ئىچنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، قان تازىلاش.

## ئىنەكپىتى ئۇرۇقى[3]
(蓖麻子 bi ma zi)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، پەي، مۇسكۇللارنى يۇمشىتىش، ئىچنى سۈرۈش، ماددىلارنى تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 18 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 20 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ

## رەۋەن[1]
(大黄 da huang)

[تەبىئىتى] ئۆچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھۆللۇكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىچنى سۈرۈش، سەمرىتىش، پارقىرىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، جىگەر، تال ۋە ئۈچەيلەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش؛ يەل تارقىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

## قىزىلچا[2]
(甜菜根 tian cai gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى يۇمشىتىش، تېرىگە جۇلا بېرىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان كۆپەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، پەينى چىڭىتىش، بەدەننى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش.

① تەپسىلاتى 30 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ

# ئون ئالتىنچى باب يەل ھەيدىگۈچى دورىلار

يەل ھەيدەش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ يەل ھەيدىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرى (خىلتلار تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇش، ئورگا- نىزمدىكى تەبىئىي يەللەرنىڭ مىقدارى، سۈپىتى ۋە كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولۇش، ھەزىم ئاجىزلاش، ئوزۇقلىنىش تەرتىپى قالايمىقان بولۇش، جىگەر ئاجىزلاش، يەل پەيدا قىلغۇچى غىزالارنى ئۆزۈن مۇددەت مىقداردىن ئاشۇرۇپ يېيىش، روھ ۋە قۇۋۋەتلەر ئاجىزلاش) دىن ئورگانىزمدا غەيرىي تەبىئىي يەللەر پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا نېرۋا ئاجىزلىق، باش ئاغرىش، قورساق ئېسىلىش، سېسىق كېكىرىش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلاش، بەل ئاغرىش، چىش ئاغرىش، چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىش ... دەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. غەيرىي تەبىئىي يەللەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەرخىل بولغاچقا، يەل ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. يەل ھەيدىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىي قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار، يەل ھەيدەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئەزالارنىڭ تەبىئىي خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق يەل ھەي- دەيدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار يەل ھەيدىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: كەپە، يەرلىك توغرىغا، تاشتۇز، كېلەر، شاكال بەديان، مۇشكىتارامىش، زاراڭزا مېغە- زى، زەرچىۋە، سۇزاپ ئۇرۇقى، تۆگىنقۇشى، كۇدە ئۇرۇقى، كەسلەنچۈك، كەرۋىيا، ئۇشەق، تاغ سامىسىقى، زىرە.

دارچىن يوپۇرمىقى، پىلپىل، قارىمۇچ، رۇمبەديان، چوڭ چىلان، چال موگرا، سىماب، كەپرەس، كەرەپشە، ئېگىر، ئاق تىكەن، بۇدۇشقاق، سوزاپ، پىيزەك، زۇرۇم- بات، بەرەنگى كابىلى، فۇپەل، ئاغىچە، چايان، قاقىلە، جۇۋىنە، كاۋاۋچىنى، كەۋرەك، ئاچچىق قۇستە.

## كەپە

(**刺山柑果** ci shan gan guo)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fructus capparis Spinosae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Caper Fruit

[تونۇش]

بۇ كەپە ئائىلىسىدىكى يەردە يېتىپ پېلەكسىمان ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق يېرىم چاتقال ئۆسۈملۈك كەپە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى «كەپە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەپە ئۇرۇقىدا فېرۇلىك كىسلاتا (Ferulic acid) بىلەن قىچا كىدى كىسلاتاسى، يوپۇرمىقى ۋە چېچەكىدە كۆپ مىقداردا رۇتىن (Rutin) بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

كەپە، ئارپىبەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، سۆرۈنجان، زەنجىۋىل قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، مۇچىلەر ۋە بەل ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تېرىنى زەخمىلەندۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈلىيغى.

[ئورۇنباسارى] قىچا.

[چىقىش ئورنى] قۇرغاق قۇملۇق ۋە شېغىللىق، پەس تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدۇ؛ ئاپتو-
نوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[يىغىشىق دورا ياسالمىسى] زىمات كەپە.

## يەرلىك توغرىغا

(胡桐泪 hu tong lei)

[ئەرەبچە نامى] يرق

[پارسچە نامى] بوره ارمنی

[ئوردۇچە نامى] پاپڑی نمک

[لاتىنچە نامى] Resina Populi Euphraticae

[ئىنگلىزچە نامى] Diversifolious Poplar Resin

[تونۇش]

بۇ تال - تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك توغراقنىڭ تېنىدىن سىزىپ، ئېقىپ چىققان يېلىم بولۇپ، توغراق تېنىدىن توغراقلىقتىكى زېمىنغا ئېقىپ چۈشۈپ، توپا ئاستىدا قاتقان، تۇپراقتىن كولاپ ئېلىنىپ تازىلانغان شورلۇق قېتىشما بولۇپ، بەك يەڭگىل، قارامتۇل، ئاق رەڭدە، بۇ تۇزدىن ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋىتىگە ئىگە بولغان نەرسىلەردىن كۆچلۈك-رەك، ئاسان ئۇۋۇلىدۇ، مۇشۇ قېتىشما «بۆرە ئەرمىنى» ، «ئاق توغرىغا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (2.16 - رەسىم) .

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل پەسەيتىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقى، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل، ئۈچەي سانجىقلىرى، كۆپ تەرلەش، قىچىشقاق، قوتۇر، بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زىرە، مائۇلھەسەل، ھاشا، سۇزاپ، سېرىقچېچەك قاتارلىقلاردىن بىر ھەسسە، ئاق

توغرىغادىن بىر ھەسسە ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، مائۇلھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، يەلنى تارقىتىدۇ، ئۇچەي سانجىقلىرىنى يوقىتىدۇ.

2. ئاق توغرىغا 5 گرام، پوپەل، قەمپىل 7 گرامدىن، قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە، مەددە قۇرت چۈشۈرىدۇ.

3. ئاق توغرىغادىن 16 گرامنى 200 مىللىلىتىر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، 50 گرام زەيتۇن يېغى قوشۇپ ئىچسە، قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئۈچەي توسۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ.

4. ئاق توغرىغا 15 گرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى بابۇنە يېغى بىلەن قوشۇپ سىرتتىن ياغلىسا، كۆپ تەرلەشنى يوقىتىدۇ، يالغۇز ئۆزىنى ئىشلەتسىمۇ، شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

[ئىشلىتىلىش مىقدارى] 3 ～ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازاننى بۇزىدۇ ۋە قۇستۇرىدۇ، ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەديان، پىننە، سەندەل، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] يېرىم مىقداردا تۇز.

[چىقىش ئورنى] ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ غەرب تەرەپلىرىدىن، چىڭخەي ۋە رايونىمىزنىڭ تارىم ۋادىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۇمۇنى.

## تاشتۇز

(石盐 shi yan)

[ئەرەبچە نامى] ملح الحجر

[پارسچە نامى] نمك طبرز

[ئوردۇچە نامى] نمك

[لاتىنچە نامى] Halitum

[ئىنگلىزچە نامى] Halite

[تونۇش]

بۇ بىر خىل ئاق جىسىم بولۇپ، سۇغا سالسا ئېرىيدۇ، ھالۋىدىن باشقا ھەممە تائاملارغا سېلىنىدۇ، بۇ نەرسە خەلق ئارىسىدا «تاش تۇزى» نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، تاشقا ئوخشاش

قاتتىق، ئاق، قىزىل رەڭدە كېلىدۇ، كاندىن ۋە بەزىدە تاغلاردىنمۇ چىقىدۇ. بۇنىڭ كانى تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېرىقلىرى ۋە كامارلىرىدىن سۇيۇق هالدا سىزىپ چىقىدۇ، ئاندىن سوغۇق هاۋا بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن تاشتەك قېتىپ قالىدۇ، بۇنىڭ، ئاق سۇزۇك، ساپ بولغىنى ياخشى هېسابلىنىدۇ (3.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ناترىي خلور بولۇپ، 39.4% ناترىي، 60.6% خلور ۋە ئاز مىقداردا كالتسىي، ماگنىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى يەل هەيدەش، «تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، زەهەر قايتۇرۇش، ئۇندىن باشقا زېهىننى قۇۋۋەتلەش، شىلىمشىق بەلغەملەرنى تازىلاش، يەل تارقىتىش، قورساق ئېسىلىشنى پەسەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زېهىن ئاجىزلىق، هەزىم ئاجىزلىقى، تەمرەتكە، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاچچىقتاۋۇز، سىركە، سەبرى، نەمەكى لاهورى قاتارلىقلارنى قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، هەر خىل تەمرەتكىلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. نەمەكى لاهورى 9 گرام، سۇرمە 10 گرام، ئىپار 0.5 گرامنى ئايرىم سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۆزگە تارتسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلەتسە، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە زىيان قىلىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، بەدەننى قىچىشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] هەر تۈرلۈك ياغلار، نېلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] نەمەكى لاهورى، ئاق تۇز.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ، بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناهىيىسىنىڭ تاغلىرىدىن ۋە چەتئەل ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تاشتۇز مەلهىمى.

# كېلەر
(蛤蚧 ge jie)

[ئەرەبچە نامى] لحم الضب
[پارسچە نامى] گوشت سوسمار
[ئوردۇچە نامى] گوه کا گوشت
[لاتىنچە نامى] Gecko
[ئىنگلىزچە نامى] Giant Gecko, Tokay Gecko
[تونۇش]

بۇ پاتمىچۇق ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كېلەر بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى قۇرۇتۇلغان تېنىسى «كېلەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بېشى چوڭ، ياپىلاق، ئۇزۇن، كۆزى چوڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، دۈمبىسى قارامتۇل كۈل رەڭلىك ياكى كۈمۈش رەڭلىك، ئۆزى قاتتىق سۇزۇلۇشچان، ئازراق ژىنى پۇرايدۇ، تەمى ئاچچىقراق كېلىدۇ (4.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كارنوزىن (Carnosine)، خولىن گۇئانىن (Guanine)، ئاقسىل، ياغ، خولېسترىن ھەم مول بولغان مىكرو ئېلېمېنتلار ۋە ئامىنو كىسلاتالىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىسپىرتلىق ئېرىتمىسى چىشى چاشقاننىڭ كۆيلەش دەۋرىنى ئۇزارتىدۇ، كېلەردىن ئېلىنغان سۇيۇقلۇق ئەرلىك ھورمۇنغا ئوخشاش تەسىرنى بېرىدۇ. ئۆرۈقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى كۈچەيتىش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش رولى بار. ئۇنىڭدىن باشقا تارتىشىپ قېلىشنى بوشىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قاندىكى قەنتنى چۈشۈرۈش.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل ھەيدەش، ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، زىققىنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئومۇمىي بەدەن ۋە باھ ئاجىزلىقى، زىققە، سەپكۈن، بەھەق، بەرەس، قارا داغ قاتارلىق-

لارغا ئىشلىتىلىدۇ، بەدەننى سېمىزلاندۇرۇپ، ئوقنى تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەش گرام كېلەرنى سوقۇپ، شېكەر بىلەن قوشۇپ يەپ بەرسە، باھ ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ئۈچ گرام كېلەر تالقىنىنى يەتتە گرام بادام تالقىنى بىلەن بىرگە ئىچىپ بەرسە، زىققە كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كېلەرنىڭ مايىقىنى سۈيۈپ قىلىپ كۆزگە تارتسا، كۆزدىكى ئاق ۋە سۇنى يوقىتىدۇ. كېلەر مايىقىنى سۈيۈپ قىلىپ، مۇناسىپ ئەرەقلەر بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىپ بەرسە، داغ، سەپكۈنلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كېلەرنىڭ بۆرىكىنى يېرىپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، ئوقنى، تىكەننى ۋە زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى تارتىۋالىدۇ.

5. كېلەر مايىقىنى ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، بەھەقكە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5～10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يالپۇز، كاسىنە، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] تاغلىق جايلارنىڭ، چۆل- جەزىرىلەرنىڭ كېلەرسى.

[چىقىش ئورنى] گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

## شاكال بەدىيان

(八角茴香 ba jiao hui xiang)

[ئەرەبچە نامى] باديان خطائى

[پارسچە نامى] باديان چينى

[ئوردۇچە نامى] اناس پهل

[لاتىنچە نامى] Fructuc Anisi stellati

[ئىنگلىزچە نامى] Truestar Anise
[تونۇش]
بۇ ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان، ئېگىزلىكى 10~14 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان چاتقال دەرەخنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، تەمى ئاچچىق، پۇراقلىق كېلىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ ئۇرۇقى «بەدىيان چىنى» ياكى «شاكال بەدىيان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (5.16 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىدە 5% ئۇچۇچان ياغ (Oleum Foeniculi)، تەخمىنەن 22% مايلىق ياغ، ئاقسىل، دېۋىرقاي قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئۇچۇچان ماي تەركىبىدىكى ئانتول غىدىقلاش رولىغا ئىگە، ئاشقازان، ئۈچەينىڭ لۆملۇلدىشىنى ئاشۇرۇپ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.
2. شاكال بەدىيان قايناتمىسى ئىنسانلاردىكى سىل تاياقچە باكتېرىيىسى ۋە سىبلىس تاياقچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن تورمۇزلاش رولىغا ئىگە.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
سوغۇقتىن بولغان قۇسۇش، قورساق ئاغرىقى، بۆرەك كېسىلى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بەل ئاغرىقى، بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. شاكال بەدىياننى قارا چاي بىلەن قوشۇپ دەملەپ ئىچسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ.
2. پىننە، بەدىيان، زىرە، شاكال بەدىيان 10 گرامدىن، دارچىن، لاچىندانە، سۇمبۇل بەش ئاشقازاننى قىزىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.
3. شاكال بەدىيان 10 گرام، سۆئلەپ 10 گرام، شاقاقۇل بەش گرام، دارچىن بەش گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، چايلىق ئورنىدا ئىچىپ بەرسە، بۆرەك ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] قۇرۇتۇلغان شاكال بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] بەسباسە.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، تەيۋەن، گۈيجۇ، فۇجيەن قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] يەل تارتقاندىن چاپلىق.

## مۇشكىتارامىش

(欧亚薄荷 ou ya bo he)

[ئەرەبچە نامى] مشك طراميع
[پارسچە نامى] پودينه كوهى
[ئوردۇچە نامى] پودينه پهارى
[لاتىنچە نامى] Herba mentha pulegii
[ئىنگلىزچە نامى] Fleamint
[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك تاغ يالپۇزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «مۇشكىتارامىش» ياكى «تاغ يالپۇزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە گۈلى بىلەن ئارىلاشقان قۇرۇق ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، تېنى يۇمىلاق، يوپۇرمىقى ۋە گۈلى ئۇششاق، ئۇچى يوق، رەڭگى ئاقۇچ يېشىل كېلىدۇ، تەملىك بولىدۇ، پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر (6.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە بىر خىل ئۇچۇچان ياغ بار، بۇ ياغ داۋالاشقا ئىشلىتىلىشتىن باشقا يەنە سانائەتتە خۇش پۇراق ماددا قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

يەل ھەيدەش، قوزغىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق ئېسىلىش، قورساق ئاغرىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، جىگەر، ئاشقازان ۋە تال كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇشكىتارامىشنىڭ سۈيى بىلەن بۇرۇن ۋە قۇلاقنى يۇسا ياكى ھوردىتىلسا، قۇلاق

ياكى بۇرۇن ئىچىدىكى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. مۇشكىتارامىش شەربىتىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، كۆڭۈل ئېلىشىش، هۇشسىزلىق، هەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. يەتتە گرام مۇشكىتارامىشنى كۆيدۈرۈپ، تۇتۇننى بالىياتقۇغا تۇتسا، قورساقتىكى ئۆلۈك هامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، سىركە.

[ئورۇنباسارى] يالپۇز.

[چىقىش ئورنى] ئىران ۋە پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەتبۇخى مۇشكىنارامىش.

## زاراڭزا مېغىزى

(红花子 hong hua zi)

[ئەرەبچە نامى] حب القرطم

[پارسچە نامى] تخم کافشہ

[ئوردۇچە نامى] کسنبہ کی بیج

[لاتىنچە نامى] Fructus Cartami

[ئىنگلىزچە نامى] safflower fruit

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زاراڭزىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. پۇرىقى يوق، چاينىسا ئازراق ياغ سېزىم بولىدۇ. سىرتقى يۈزى ئاق رەڭدە كېلىدۇ (16. 7 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا 30.2% ياغ، مېغىزىدا 45~49% گىچە ياغ بار، ئۇرۇقىنىڭ يېغىدا زىغىر كىسلاتاسى، جويۇز كىسلاتاسى (Myristic acid)، پالمىتىك كىسلاتا (Palmitiic acid)، قاتتىق ياغ كىسلاتاسى (Stearic acid) بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل ھەيدەش، قان تازىلاش، ئىچ سۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلا-
رنى تازىلاش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەلغەملىك يۆتەل، قورساقنىڭ مۇجۇپ ئاغرىشى، قەۋزىيەت، مالىخولىيا، يۈرەك چالاڭ-
غۇراش، ماخاۋ، قىچىشقاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسىگە ئاش تۇزىدىن ئازراق قوشۇۋېتىپ ئىچسە، قىچىش-
قاق، مۇدۇر - چاقىلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. زاراڭزا ئۇرۇقى شىرىسىگە پۇنۇسى خىيار شەنبەر سېلىپ ئېرىتىپ ئىچسە، غەيرىي
تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان تەپكە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] زىغىر ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ
ئۆستۈرۈلىدۇ.

## زەرچىۋە

(姜黄 jiang huang)

[ئەرەبچە نامى] عروق الصفر

[پارسچە نامى] زردچوبه

[ئوردۇچە نامى] ہلدی، ہلت

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Curcumae Longae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Turmeric Rhizome

[تونۇش]

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق كونا يىلتىزلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك
زەرچىۋە ياكى كۇركۇمىنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى

«زەرچىۋە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (8.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 4.5% ئۇچۇچان ماي بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى 58% تۇرمېرون (Turmerone)، 25% زىنگېرېن (Zingeren)، 1% فىللاندىرىن (Phellandrene)، 0.6% سابىنىن (Sabinene)، بورنېئول (Borreol) لاردىن ئىبارەت، يەنە كۇركۇمىن (Curcumin) ۋە ئەرەب قەنتى (Arbinosa)، 12% مېۋە قەنتى (Fructosa)، 28% ئۈزۈم شېكىرى، گلۇكوزا، ياغلىق ماي، كىراخمال، چۆپ كىسلاتاسى تۇزى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئۆت سۇيۇقلۇقى ھەيدەش تەسىرى: زەرچىۋە قايناتمىسى ۋە چىلانمىسى ئىت ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ چىقىرىلىشىنى ئاشۇرۇپ، ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىنى نورماللاشتۇرىدۇ، كۇركۇمىن ياكى ئۇنىڭ ناترىي تۇزلىرى ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.

يەنە بىر ئۇرۇقداش ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنغان ئۇچۇچان مايمۇ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەيدۇ، كۇركۇمىن، خولېستېرىن ئېرىتمىسى ئۆت يولى كېسەللىكىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. 50% لىك زەرچىۋە قايناتمىسى ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

2. باللىياتقۇغا بولغان تەسىرى: قايناتمىسى ياكى چىلانمىسى (2% لىك تۇز كىسلاتاسى ئېرىتكۈچى قىلىندۇ) كىچىك ئاق چاشقان، دېڭىز چوشقىسى قاتارلىقلارنىڭ باللىياتقۇسىنى قوزغايدۇ.

3. قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى: كۇركۇمىن ۋە ئۇچۇچان ماي قىسمى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىگە نىسبەتەن خېلى ياخشى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى قان تازىلاش، يەل ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يارىلارنى قۇرۇتۇش، بەلغەم بوشىتىش، تارتىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، رەڭگىرويىنى چىرايلىق قىلىش، پارقىرىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، دېمى سىقىلىش، نەزلە ۋە زۇكام، كۆز ئاغرىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى، قاپاق قوتۇرى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، چىرىگەن يارىلار، قىچىشقاق، بوغۇم ياللۇغى، زەخىملىنىشتىن بولغان يارىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەرچىۋەدىن بەش گرامنى 250 مىللىلىتىر سۇتتە قاينىتىپ، ئاندىن ئىلمان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شېكەر قوشۇپ ئىچسە، زۇكامغا پايدا قىلىدۇ.

2. ئىككى گرام زەرچىۋە سۇيۇقىنى تۇز قوشۇپ يېسە، يۆتەل ۋە نەپەس سىقىلىشلارغا پايدا قىلىدۇ.

3. زەرچىۋەدىن ۋە ھاكتىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ سۇيۇپ تەييارلاپ، سۇدا قاينىتىپ ئىسسىق ۋاقتىدا يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، يارىنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

4. زەرچىۋەدىن ئىككى گرامنى يېرىم لىتىر سۇدا قايىنتىپ قايناتمىسى بىلەن كۆزنى يۇسا كۆز ئاغرىقى، قىچىشىش ۋە چاپاقلارنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئۇترۇچ، لىمون.

[ئورۇنباسارى] ئوردان، باپچى (جىنكېۋىزى).

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ سىچۇەن، يۈننەن، فۇجيەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەتبۇخى ئەفتىمۇن.

## سۇزاپ ئۇرۇقى

(芸香子 yun xiang zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالسداب

[پارسچە نامى] تخم سداب

[ئوردۇچە نامى] تخم سداب

[لاتىنچە نامى] Semen Rutae Graveolentis

[ئىنگلىزچە نامى] Common Rue Herb

[تونۇش]

بۇ سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۇزاپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى «سۇزاپ ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى قاپلىق بولۇپ، بىر قاپنىڭ ئىچىدىن ئۈچ تال ئۇرۇقى چىقىدۇ. بۆرەك شەكىللىك، ئۈچ بۇرجەكلىك، رەڭگى قارا،

تەمى بەك ئاچچىق كېلىدۇ (9.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] ئۇرۇقىدىن سۇ بىلەن ئېلىنغان ماددا بالىياتقۇنى قوزغى- تىپ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، پەي، نېرۋىلارنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق ئېسىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، ھەيز توسۇلۇپ قېلىش، قىيىن تۇغۇت، بالىياتقۇ ئاغرىش، بەھەق، بەرەس، قارا بېسىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇستقۇددۇس، سۇزاپ ئۇرۇقى ئالتە گرامدىن، ئېگىر ئۈچ گرام، رۇم بەدىيان ئىككى گرام، سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قارا بېسىشقا شىپا بولىدۇ.

2. بادىيان بەش گرام، رۇم بەدىيان، ئىزخىر سۇمبۇل، ئوغرىتىكەن، قىزىلگۈل، دارچىن، زىرە، پىننە ئۈچ گرامدىن ئېلىپ، سوپۇپ قىلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئۇبھەل، خىيارشەنبەر، يالپۇز، سۇزاپ ئۇرۇقى، كۇنجۇت قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇپ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، زىخ.

[ئورۇنباسارى] پىننە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرى ۋە باغلىرى، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سۇزاپ.

# تۆگىقۇشى
(鸵鸟 tuo niao)

[ئەرەبچە نامى] نعام
[پارسچە نامى] شترمرغ
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Struthio Camlus
[ئىنگلىزچە نامى] Ostrich
[تونۇش]

بۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، جىسمى يوغان، بويىنى ئۇزۇن، تۆگىنىڭ بويىنغا ئوخشايدۇ، پۇتلىرى كالىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايدۇ، تۈكلىرى يېرىق، رەڭگى توپارەڭ، ئاق رەڭگە مايىل، ئادەتتىكى قۇشلاردەك ئۇچالمايدۇ، سۇغا ئېھتىياجى ئاز بولىدۇ. ئادەتتە گۆشى، مېيى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ (10.16 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، لەقۋا، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، قورساققا سۇ چۈشۈش، بەل، يانپاش، كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تۆگىقۇش گۆشى، كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى، ياش پاقلان گۆشى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ مائۇل لەھمى تەييارلاپ بەرسەك، بەدەننى قۇۋۋەتلەپ پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ.

2. قۇندۇز قەھرى 5 گرام، پەرپىيۇن 2 گرام، ئاقىرقەرھا 5 گرام، قۇستە شىرىن 5 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، 100 مىللىلىتىر تۆگىقۇش يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ 10 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، ئىرقىننىسا، مۇپاسىل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سىركە.
[ئورۇنباسارى] ئۈلا گۆشى
[چىقىش ئورنى] ئافرىقا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىدىن، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىن چىقىدۇ، ئاساسلىقى قۇملۇق جايلاردا ياشايدۇ، شىنجاڭدىمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ مەخسۇس ئورۇنلاردا بېقىۋاتىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇللەھمى.

## كۇدە ئۇرۇقى
(韭菜子 jiu cai zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالكراث
[پارسچە نامى] تخم گندنا
[ئوردۇچە نامى] گندنا کی بیج
[لاتىنچە نامى] Semen Allii tube rosi
[ئىنگلىزچە نامى] Seed of tuber onion
[تونۇش]
بۇ گۈلساماق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كۇدىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت، شەكلى بىر ئاز ياپىلاق، رەڭگى قارا، تەمى، پۇرىقى سۇس بولىدۇ (16 .11 ــ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] بىئولوگىيىلىك ئىشقار، ئۇچۇچان ماي، ئاقسىل ئامىنو كىسلاتاسى، ياغلاردىن ئىبارەت.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يۇقىرى ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش، قىرىشنى كېچىكتۈرۈش رولى بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
يەل تارقىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، باھنى، پەي ـ مۇسكۇللارنى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، بەدەننى تازىلاش، پارقىرىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئاشقازان، ئۈچەيگە يەل تۇرۇپ قېلىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، چىش ئاغرىقى، قان ۋە يەلدىن بولغان بوۋاسىر، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆدە ئۆرۈقى، بەزرۇلبەنجى 5 گرامدىن، پىياز ئۆرۈقى، ئاقىرقەرها 10 گرامدىن ئېلىپ تالقانلاپ، چىشقا باسسا چىش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. زىرە، كۆدە ئۆرۈقى، يالپۇز، سۇزاپ ئۆرۈقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن، توغرىغىدىن 5 گرام ئېلىپ، تالقان قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

3. كۆدە ئۆرۈقى، تۇرۇپ ئۆرۈقى، ئوغرىتىكەن، بەديان، بىخ سەۋسەن قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يەل تارقىتىدۇ، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] كۆدە، پىياز ئۆرۈقى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى مۇقەل، جاۋارىش جالىنۇس.

## كەسلەنچۈك

(蜥蜴 xi yi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Eremias argus

[ئىنگلىزچە نامى] Lizard

[تونۇش]

بۇ كەسلەنچۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چىپار كەسلەنچۈكنىڭ بېشىدىن سىم بىلەن باغلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنى «كەسلەنچۈك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (16. 12 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، مونەكلەرنى يوقىتىش، يۈرەك، ئومۇمىي بەدەن ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، راكقا قارشى تۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش، زەھەرسىزلەندۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭىگە قان چۈشۈش، پالەچ، سىل، راك كېسىلى، بوغۇم ئاغرىقى، پەي، بوغۇملار تارتىشىش، يۈرەك، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ئېغىز مايماق بولۇپ قېلىش، تۇتقاقلىق، ھەر خىل جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پارپا، كەسلەنچۈك، مەستىكى، مۇرمەككى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بوغۇم ئاغرىقى ۋە رېماتىزم كېسىلىدە كەسلەنچۈك، خاراتىن، قۇستە، پارپا ۋە يالپۇز جەۋھىرى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقى ۋە رېماتىزم كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇستىدىن داۋائىلمىشكى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

3. ئىپار، كەسلەنچۈك، ئاقىرقەرھا، پارپا ۋە زەنجىۋىل قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ تالقانلاپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، پەي، بوغۇم تارتىشىش ۋە ئېغىز مايماق بولۇپ قېلىش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۇستقۇددۇس، كەسلەنچۈك، مەرۋايىت كۆشتىسى، ئىپار، يالپۇز جەۋھىرى قاتارلىقلارنى قوشۇپ سۈيۈپ قىلىپ، ئەرقى شاھتەررە ۋە ئەرقى گۈل بىلەن بىرگە ئىچىپ بەرسە، مېڭىگە قان چۈشۈش، سىل، سەرتان، سەرئى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كەسلەنچۈك، قىزىل سىر، ئىپار، يالپۇز جەۋھىرى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، يۈرەك ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～10 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سەندەل.

[ئورۇنباسارى] چايان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ئەفئى.

# كەرۋىيا

(藏茴香 zang hui xiang)

[ئەرەبچە نامى] كمون رومى

[پارسچە نامى] زيره سياه

[ئوردۇچە نامى] كرويا، جرو

[لاتىنچە نامى] Aructus cari

[ئىنگلىزچە نامى] Fruit of Caraway

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ياۋا زىرىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، سوقىچاق شەكىللىك، سىرتقى يۈزى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل، بەش تال تومپىيىپ چىققان قىرى بار، تەمى ئاچچىق، پۇراقسىز بولۇپ، «كەرۋىيا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (16. 13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىدە %9~32.5 ئۇچۇرچان ماي، %6 مايلىق ياغ، فلاۋون خىلىدىكىلەر بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرىگە ئىگە.

2. ئاشقازان ۋە كىچىك ئۈچەينى قوزغىتىدۇ.

3. ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان مادداتوشقاننىڭ ئاشقازىنىنىڭ كىرگۈزۈلسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، تېرىنى قىزارتىش، نەپەسنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئېسىلىش، قورساق ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، نەپەس سىقىلىش، يۈرەك تىترەش، ئاق كېسەل (بەرەس) ۋە ئۈچەي قۇرتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەرۋىيا، قەمبىل، فۇپەل، كاۋا ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن، دورىلارنى

قاينىتىپ ئىچسە، ئۈچەي قۇرتلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

2. رۇم بادىيان، زىرە، پىننە، كەرۋىيا 10 گرامدىن، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] رۇم بەدىيان، زىرە.

[چىقىش ئورنى] ئىلمىزنىڭ كۆپ قىسىم ئۆلكىلىرى ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى كەرۋىيا، مەجۇنى كەرۋىيا.

## ئۆشەق

(阿摩尼亚脂 A mo ni ya zhi)

[ئەرەبچە نامى] اشج

[پارسچە نامى] اشق

[ئوردۇچە نامى] كاندر اشق

[لاتىنچە نامى] Resina Ammoniaci

[ئىنگلىزچە نامى] Ammoniac

[تونۇش]

بۇ، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تەرسۇس نامىلىق دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، سېرىق رەڭلىك تامچىلىتىلىدىغان سۈتسىمان ياكى يۇمىلاق مونەكدىن ئىبارەت، ئالاھىدە پۇراقلا ئىگە، تەمى ئاچچىق، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «ئۆشەق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (14.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە 69% يېلىم، 22% دەرەخ يېلىمى، ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي بار. ئۇلار ئاساسلىقى ئاموۇرىزىناتاننول (Ammoresinatannol)، ئامورىنزىنول (Ammorinesinol) دىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قوزغاتقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى ۋە چىرىشكە قارشى تۇرغۇچى دورىدۇر.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى سۈرۈش، بۇزۇق ماددىلار-نى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، ئىچنى يۇمشىتىش ۋە سۈرۈش، پارقىرىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قاتتىق ئىششىقلار، بوغۇم ئاغرىقلىرى، تېقىم، قولتۇق ئىششىقلىرى، بوغۇمنىڭ قېتىپ قېلىشى، چاشقان يارىسى، نەپەس قىيىنلىشىش، كاناي شاخچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، كونا يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىككى گرام ئۆشەقنى ئېزىپ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلسە، كونا يۆتەل ۋە دېمى سىقىلىشنى ياخشىلايدۇ، ھەر خىل ئىششىقلارغا سىرتتىن چېپىلىدۇ.

2. ئۆشەق ئىككى گرام، فۇفەل ئۈچ گرام، كاۋا مېغىزى بەش گرام، دورىلارنى سوقۇپ سۈيۈپ قىلىپ ئىچسە، مەددە قۇرت كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. چاققاقئوت ئۇرۇقى، گۈڭگۈرت، كۆپىكى دەريا، زىراۋەندە، موقەل 12 گرامدىن، زەيتۇن يېغى 90 مىللىلىتىر، قىزىل موم 20 گرام قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ چاپسا، سەرتان يارىسىنى پۈتتۈرىدۇ، قارا داغنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 0.5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن ئارتۇق بېرىلسە قان سىيدۈرىدۇ، بۆرەك ۋە ئاشقازان كېسەللىكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، رۇم بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] جاۋاشىر، سەكبىنەج.

[چىقىش ئورنى] ئىران، تۈركىيە، ئافغانىستان، رۇسىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىششىق قايتۇرغۇچى زىمات.

# تاغ سامسىقى
(山蒜 shan suan)

[ئەرەبچە نامى] ثوم جبلى
[پارسچە نامى] سير كوهى
[ئوردۇچە نامى] لس جنگلى
[لاتىنچە نامى] Bulbus Allii Macrostemi
[ئىنگلىزچە نامى] bulb of longstamen Onion
[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاغ سامسىقى (تاغنىڭ ياۋا سامسىقى) نىڭ تەڭگىسىمان غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، دانىسى يوق، پوستى ئايرىلمايدىغان، يوپۇرمىقى ئۆششاق، كەڭرەك، توپا رەڭ قىزىلغا مايىل، ئۇزۇن، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ. بۇنى «مىنسىرە سامسىقى» ياكى «ياۋا سامساق» دەپ ئاتايدۇ، يەنى بىرى، سامساققا ئوخشايدۇ، تەمى ئانچە ئاچچىق ئەمەس، دانە ـ دانە، كۆپ چاتاقلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى ۋە يىلتىز قىسمى «تاغ سامسىقى» ياكى «ئۇستقۇدرىيۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (16.15 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

يەل ھەيدەش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، تېرىنى قىزارتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەرەس، بەھەق، نەپەس سىقىلىش، غەلۋىرەك، قان ئۇيۇپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى جىنسىي ئاجىزلىققا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاغ سامسىقى، فەتەر ئاسالىيۇن، چاققىئۇق ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرامدىن ئېلىپ تالقانلاپ ئىستېمال قىلسا، بەرەس كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

2. زۇپا، تاغ سامسىقى، چامغۇر ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، ئىستېمال قىلسا نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 6 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.
[ئورۇنباسارى] سامساق، تاغ پىيىزى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

## زىرە
(孜然 zi ran)

[ئەرەبچە نامى] كمون
[پارسچە نامى] كمون
[ئوردۇچە نامى] زيره
[لاتىنچە نامى] Fructus Cumun Cyminі
[ئىنگلىزچە نامى] Cymous Cuminum Fruit
[تونۇش]
بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زىرىنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق مېۋىسى بولۇپ، «زىرە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى تار سوقىچاق، تۇخۇم شەكىللىك، ئىككى ئۇچى سەل ئېگىلگەن بولىدۇ، سىرتقى يۈزى، كۈل رەڭگە مايىل سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، تەمى سەل ئاچچىق، ئالاھىدە خۇش پۇراق كېلىدۇ (16.16 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىدە تەخمىنەن ئۈچ پىرسەنت ئۇچۇچان ماي بار. مايىنىڭ ئاساسى تەركىبى كۇمىنالدېھىدى ( Cuminaldehyde )، كۇمىنىل ئالكوھول (Cuminyl accohol) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېۋىسى (ئۇرۇقى) ۋە ئۇچۇچان مېيى يەل ھەيدەيدۇ، نېرۋىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇچۇچان ماي گرام مۇسبىي باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغ قاتارلىقلارنى كۈچلۈك تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.
[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
يەل تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئاشقازاننى قىزىتىش، جىگەر ۋە ئۈچەيىنى كۈچلەندۈرۈش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش،

ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش، ھەزىم ئاجىزلىقى، قورساق ئېسىلىش، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىچ سۈرۈش، سۆزنەك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، جىگەر، ئاشقازان، بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى] 1. قانىسە، مەستىكى بەش گرامدىن، قاقىلە، قەلەمپۇر، زىرە 10 گرامدىن، ناۋات 15 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ قائىدە بويىچە ئىچىپ بەرسە ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ئاشقازان تۆۋەنلەش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. قاقىلە، بەدىيان، پوستى تۇرۇنجى، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، زىرە قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قورساق ئېسىلىشنى يوقىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. زىرە، بەدىيان، دارچىن، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، پوستى تۇرۇنجى قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كېتىرا، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] ئاقمۇچ، كالىي زىرە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇندىن باشقا ئەرەبىستان، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۆمۈنى، جاۋارىش زەرئۇنى، جاۋارىش مەستىكى.

## دارچىن يوپۇرمىقى[①]

(桂叶 gui ye)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، يەل تارقىتىش، يۆتەل توختىتىش.

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

## پىلپىل[①]

(荜茇 bi ya)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، يەل تارقىتىش، ئۇندىن باشقا جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قەينى توختىتىش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، مەنىينى كۆپەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## قارىمۇچ[②]

(黑胡椒 hei hu jiao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئۇندىن باشقا بەلغەم بوشىتىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۈرەكنى قوزغىتىش، تېرىنى قىزارتىش، چاچ ئۆستۈرۈش.

## رۇم بەدىيان[③]

(洋茴香 yang hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئاشقازان ـ ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، ئۆزـ دىن باشقا تېرىنى پارقىرىتىش، ئاغرىق توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈت كۆپەيتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

## چوڭ چىلان[1]
(大枣 da zao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
جىگەر، تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى پىشۇرۇش ھەم سۈرۈش، كۆكرەكنى تازىلاش، تازىلاش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

## چال موگرا[2]
(大风子 da feng zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
تېرىنى قىزارتىش، قان تازىلاش، يەل ھەيدەش، پارقىرىتىش.

## سىماب[3]
(水银 shui yin)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
قان تازىلاش، جاراسىم ئۆلتۈرۈش، چاچنى قۇۋۋەتلەش، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، يەل تارقىتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 30 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

## كەپرەس[1]

(轻粉 qing fen)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق (زەھەرلىك).

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى پارچىلاش، قان تازىلاش، قۇرۇتۇش، ئېرىتىش، يەل تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش.

## كەرەپشە[2]

(芹菜 Qin cai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىش پەسەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش.

## ئېگىر[3]

(石昌蒲 shi chang pu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، مېڭىنى تازىلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۈچەي مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

## ئاق تىكەن[①]

(水飞蓟 shui fei ji)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالللۇغ قايتۇرۇش، قان توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتىنى تەڭشەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، زەھەرگە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش.

## بۇدۇشقاق[②]

(苍耳 cang er)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالللۇغ قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، تاش پارچىلاش، ئىششىق تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى تارقىتىش، ھۆللۈكنى ھەيدەش، بەدەننى پارقىرىتىش.

## سۇزاپ[③]

(芸香 yun xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، ئاشقازان ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئەقلىنى زىيادە قىلىش، يەل تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش، تېرىنى غىدىقلاش، قىزارتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

## پىيزەك[1]

(三棱草 san leng cao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

## زۇرۇمبات[2]

(郁金 yu jin)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، باھ ۋە پەيىنى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش.

## بەرەنگى كابىلى[3]

(白桦酸藤果子 bai hua suan teng guo zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنىسۈرۈش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چىش ئاغرىقىنى توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 17 ـ بابقا قاراڭ

## فۇپەل[①]

(槟榔 bing lang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە چۈشۈرۈش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، مەنىي تۇتۇش، ئاشقازاندىن مېڭىگە ئۆرلەيدىغان بۇخاراتلارنى تۇسۇش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش، تاماقنىڭ سىڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، چىش تۈۋىدىن كەلگەن قاننى توختىتىش، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تەر توختىتىش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، بەزگەكنى يوقىتىش، پەي- مۇسكۇللارنى چىڭىتىش.

## ئاغىچە[②]

(丝瓜络 si gua luo)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، بۇ كۈچلۈك سۈرگۈچى دورا بولۇپ، ئاساسلىق رولى بولسا چوڭ تەرەت ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، بوۋاسىرنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سېرىقلىق يوقىتىش.

## چايان[③]

(全蝎 quan xie)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 17 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 18 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 26 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش؛ چاچ قۇۋۋەتلەش، سىپازما بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش.

## قاقىلە①

(草果 cao guo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
ئاشقازان، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش، كېكىرتىش، قورساقتىكى يەلنى تارقىتىش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش.

## جۇۋىنە②

(阿育魏实 a yu wei shi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
ئاشقازان، ئۈچەي، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، سېزىمگە ياردەم بېرىش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، پارقىرىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، قورساقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، تارتىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈت كۆپەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، تەرلىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

## كاۋاۋىچىنى③

(花椒 hua jiao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

① تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 32 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
ئىغىزنى خۇشبۇي قىلىش، چاچنى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىغىزنى خۇشبۇي قىلىش، چاچ تۈۋىنى چىڭىتىش.

## كەۋرەك①

(防风 fang feng)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## ئاچچىق قۇستە②

(土木香 tu mu xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىرنى، پەي - مۇسكۇللارنى، رەئىس ئەزالارنى، نېرۋا ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، ئەزالارنى قىزىتىش، يەل تارقىتىش، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، قان تازىلاش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش.

① تەپسىلاتى 24 - بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 43 - بابقا قاراڭ

# ئون يەتتىنچى باب مەددە قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلار

مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، چۈشۈرۈش تەسىرىنىدورىلار دېيىلىدۇ.

هەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرى (يەنى تۇرمۇش تازىلىق ئادىتىنىڭ ياخشى
بولماسلىقى، يېمەكلىكنىڭ تازىلىقىغا سەل قاراش سەۋەبىدىن مەددە قۇرت لىچىنكىلىرى،
هەزىم سىستېما ئەزالىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق ئورۇن تاللاپ، شۇ ئورۇندا
پارازىت ياشاپ، كۆپىيىپ، ئورگانىزم نورمال ماددا ئالمىشىش پائالىيىتىنى بۇزىدۇ) دىن
مەددە قۇرت پەيدا بولىدۇ. مەددە قۇرت پەيدا بولغاندا يەپ تويماسلىق، كېچىسى چىشىنى
غۇچۇرلىتىپ يېتىش، قورساق ساھەسى يېقىمسىزلىنىش، مەقئەت ئەتراپى قىچىشىش، چوڭ
تەرەتتە مەددە قۇرت تېپىلىش، كۆڭلى ئېلىشىش، ھۆ بولۇش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلە-
رى كۆرۈلىدۇ. ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەددە قۇرت
كېسىلىنىڭ سەۋەبلىرى هەرخىل بولغاچقا سەۋەبىگە ئاساسەن، مەددە قۇرت ئۆلتۈرگۈچى
دورىلارنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەددە قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ
كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى هۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ دورىلار مەددە قۇرت
ئۆلتۈرۈش، مەددە قۇرت چۈشۈرۈش تەسىرى ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ نورمال ماددا ئالمە-
شىش پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىنى تەڭشەيدۇ. بۇنداق
دورىلار مەددە قۇرت چۈشۈرگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: هەببۇلمۇلۇك، هەببۇلمۇ-
لۇك يېغى، نەرگىس، گۈلەمبەر، بەرەنگى كابىلى، كاۋا ئۇرۇقى، قەنبىل، فۇپەل، ئەدەس،
باقىلە، تورموس، ئاچچىق بادام.

ماهى زەهرەج، سەرخىس، بۇيا ئۇرۇقى، چەشمى خۇرۇس، قوي ئۆتى.

## هەببۇلمۇلۇك

(巴豆 ba dou)

[ئەرەبچە نامى] حب السلاطين

[پارسچە نامى] تخم بيدانجير خطائى

[ئوردۇچە نامى] جمال گوٹہ

[لاتىنچە نامى] Semen Crotonis Tiglii

[ئىنگلىزچە نامى] Purging Croton Seed

[تونۇش]

بۇ ئۆسۈملۈك سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى دا(tiglium) دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ھەببۇلمۇلۇك»، «دەند» قاتارلىقناملاردا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئېللىپس شەكىللىك، 3 قىرلىق، سىرتقى يۈزى كۆل رەڭ ياكى سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى ئىچىدىن 4~3 تالغىچە ئۇرۇقى چىقىدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، زەھەرلىك، ئېغىزغا سېلىشقا بولمايدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە %60~50 كىچە دەند يېغى، %18 ئاقسىل بار. دەند يېغى زەھەرلىك بولۇپ، بۇ سېرىق رەڭلىك ياكى سارغۇچ بېغىررەڭلىك كېلىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ھەزىم قىلىش يولىغا بولغان تەسىرى: دەند يېغىدىن يېرىمدىن، بىر تېمىتمىغىچە ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازاندا كۆيۈش سېزىمى پەيدا قىلىدۇ ۋە قۇسىدۇ. دەند يېغى ئاشقازاندا پارچىلىنىپ، دەند كىسلاتاسىنى قويۇپ بېرىپ، ئۈچەي شىللىق پەردىسىنى غىدىقلايدۇ ۋە يارا قىلىدۇ. ئاجراتمىلارنى كۆپەيتىدۇ، يېرىمدىن ئۈچ سائەتكىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئىچنى سۈرىدۇ، قورساقنى قاتتىق ئاغرىتىدۇ، كلىنىكىدا ئۈچەي قەۋزىيەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

2. باكتېرىيىگە قارشى، ۋىروسقا قارشى ۋە سوزگۇچتىن ئۆتكۈچى ۋىروسلارغا بولغان تەسىرى: دەند قايناتمىسى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، تارقىلىشچان زۇكام تاياقچىسى، بۇغا تاياقچە باكتېرىيىسى، يېشىل رەڭلىك تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار. يۇقۇملۇق، تارقىلىشچان B تىپلىق مېڭە ياللۇغى بىلەن ئاغرىغان كىچىك چاشقانغا تېرە ئاستىغا دەند يېغى ياسالمىسىنى ئوكۇل قىلسا، ئالدىنى ئېلىش تەسىرىنى بېرىدۇ، كلىنىكىدا جىددىي ۋە سوزۇلما ئۈچەي ياللۇغى، سوزۇلما تولغاقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

3. زەھەرلىك تەسىرى: كىشىلەر دەند يېغىدىن 20 تېمىم ئىستېمال قىلسا ئۆلتۈرىدۇ.

4. دەند مېغىزىنىڭ يېرىم پىرسەنتلىك قايناتمىسى مىخسان قۇلۇلىنى ئۆلتۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە قۇرتلارنى چۇشۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتى، كۆيگەن قويۇق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئىششىق ۋە يەللەرنى تارقىتىش، قەي

قىلدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان ئايلىنىشىنى تېزلىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تېرە يېرىقلىرى، تەخسىمان چاچ چۈشۈش، ھەر خىل سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلار، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، مەددە قۇرت كېسەللىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. دەندىنىڭ ئۇرۇقىنى مۇۋاپىق ئېلىپ ئېزىپ، قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، تېرىنىڭ يېرىقلىرى ھەم تەخسىمان چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. دەندىتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، لىمون سۈيى ياكى ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، تەخسىمان چاچ چۈشۈشكە ۋە ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 62 ~ 125 مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك بولۇپ، زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كونىراپ كەتكىنى ۋە سارغىيىپ قارىداپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىرى بۇزۇلغانلىرى بولۇپ، بۇنداقلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[ئورۇنباسارى] ئابدىمىلىك.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ فۇجيەن، تەيۋەن، خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن، ھىندىستان، بىنگال، بىرما، سىرلانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] ھەببۇلمۇلۇك يېغى ۋە ھەببۇلمۇلۇك زەھىرى تېرە شىللىق پەردىلىرىنى غىدىقلايدۇ، سىستېمىلىق پرتوپلازما زەھىرى قىزىل قان ھۈجەيرىسىنى ئېرىتىدۇ ھەم يەرلىك ھۈجەيرىسىنى ئۆلتۈرۈپ تېرىدە قىزىل داغ، كۆيگەندەك سېزىم پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا سۇلۇق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ ياكى كېڭىيىپ يىرىڭلىق قاپارتقۇ پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا دەندىنى زەھەرسىزلەندۈرۈشتە تېرە، كۆز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار شىللىق پەردىلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرماسلىق كېرەك.

[دىققەت:] ھېكمەت لېبىي ياكى ھېكمەت خېمىرگە ئوراپ كۆشتە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى چىپال.

# ھەببۇلمۇلۇك يېغى
(巴豆油 ba dou you)

[ئەرەبچە نامى] دهن حب سلاطين
[پارسچە نامى] روغن بيدانجير
[ئوردۇچە نامى] جمال گوٹہ کی تیل
[لاتىنچە نامى] Oleum Crotonis ، Oleum Tiglii
[ئىنگلىزچە نامى] Oil purging Croton
[تونۇش]
بۇ سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئۈسۈملۈك دەند دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان يېغىدىن ئىبارەت. دەند يېغى سېرىق رەڭلىك ياكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېلىدۇ. ئېغىزنى قورۇيدىغان تەمگە ۋە ئۆزىگە خاس پۇراققا ئىگە (2.17 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] دەند يېغى تەركىبىدە ماي كىسلاتاسى، زىغىر كىسلاتاسى، يۇمشاق ماي كىسلاتاسى، قاتتىق ماي كىسلاتاسى، دەند يېغى كىسلاتاسى (Crotanic acid) ۋە دەند كىسلاتاسى (Tiglic acid) قاتارلىق گلىتسېرىدلار بار.
[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش، قەي قىلدۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، چاچ ئۈندۈرۈش، ماددا ئالمىششىنى تېزلە- تىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەي توسۇلۇشنى ئېچىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىقى، ئۈچەيدىكى مەددە قۇرت كېسەللىكى، پەي ـ مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش، پالەچ، لەقۋا، ئۈچەي توسۇلۇش، تەمرەتكە، ئىستىسقا، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈش، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. 15 گرام سۆرۈنجاننى مۇۋاپىق مىقداردىكى دەند يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. خىيار شەنبەر بىلەن سانادىن 10 گرامدىن ئېلىپ چالا سوقۇپ 15 مىنۇت چايدا دەملەپ، ئۈستىگە 0.5 مىللىلىتىر دەند يېغى تېمىتىپ ئىچسە، قەۋزىيەتكە مەنپەئەت

قىلىدۇ.

3. دەند يېغىدىن ئازراق ئېلىپ، چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە، قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، چاچ ئۈندۈرىدۇ.

4. قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ، كېيىندىن 0.2 مىللىلىتىر دەند يېغىنى ئىستېمال قىلسا، مەددە قۇرت چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان - ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئابدىمىلىك يېغى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ فۇجيەن، تەيۋەن، خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، بىنگال، بىرما، سىرلانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] دەند يېغى كۈچلۈك دەرىجىدە سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، بۇنى ئىچسە، ئۈچەيگە تەسىر قىلىپ ئىچىنى سۈرىدۇ، كۈچلۈك زەھەرلىك تەسىرى بار. يېرىم تامچىسىنى ئىچسە، ئېغىزنىڭ شىللىق پەردىلىرى ۋە گالدا كۆيگەندەك سېزىم پەيدا قىلىپ قۇستۇرىدۇ، 30 مىنۇتتىن ئۈچ سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا سۇغا ئوخشاش تەرەت كەلتۈرىدۇ، كۈچلۈك غىدىقلىغۇچى تەسىرى بار بولۇپ تېرىگە سۈركىسە، دەرھال تېرىنى قىزارتىپ قېلىن قاپارتقۇ پەيدا قىلىدۇ، كېيىنچە يىرىڭغا ئايلىنىدۇ، ئەگەر تېرە ئاستىغا كىرگۈزۈلسە، دەرھال پەلغۇمۇنا يىرىڭ پەيدا قىلىدۇ، 20 تامچە ئىچسە ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دەند ۋە ئۇنىڭ يېغىنى داۋالاشتا ئىشلىتىشتە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر يۇقىرىقىدەك يامان ئەھۋال كۆرۈلسە، كالا سۈتى بىلەن قايماق ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ ۋە قۇستۇرۇلىدۇ، ئاندىن تۇخۇمنىڭ ئېقى سۈتكە چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەڭ ياخشىسى دوختۇر داۋالاش لازىم.

## نەرگىس

(水仙根 shui xian gen)

[ئەرەبچە نامى] زہرۃ النرجس

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] نرگس کی پھول

[لاتىنچە نامى] Bulbus Narcissi Chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Blub of Chinen Narcissus

[تونۇش]

بۇ تاشلاماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك نەرگىس گۈلى بولۇپ، گۈلى كۇنلۇكسىمان گۈل تىزمىسى شەكلىدە تىزىلغان، يۇراقلىق، رەڭگارەڭ، يىلتىزى پىيازغا ئوخشايدۇ، تەمى تېتىقسىز. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «پىيازى نەرگىس» ياكى «بەسەلى نەرگىس» نامىدا، گۈلى «نەرگىس گۈلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (17. 3 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] هۆل گۈلىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي ئىنتايىن ئاز مىقداردا بولىدۇ، گۈلىنىڭ تەركىبىدە رۇتىن (Rutin)، كارۇتىن (Carutin)، كىسترونىلول (Citronellol) قاتارلىقلار مۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] نەرگىس گۈلىنى ۋە تېنىدىن ئېلىنغان جەۋھىرىنى هايۋاناتلارغا بېرىپ تەجرىبە قىلىپ كۆرگەندە، ئۇلاردا نەپەسلىنىش تەرتىپسىزلىنىش، تومۇرى تېزلىشىش، هارارىتى كۆتۈرۈلۈش، ئاشقازان ـ ئۈچەي ياللۇغلىنىش، قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش ياكى قېتىپ قېلىش كۆرۈلىدۇ. ئادەملەرگە ئىشلەتسە سوغۇق تەرلەيدۇ، قۇسىدۇ، ئاشقازان ئاغرىيدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، هوشسىز هالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ دورا خېلى زەھەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قۇرت ئۆلتۈرۈش، ماددىلارنى تارقىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، هامىلە چۈشۈرۈش، سۈيدۈكنى، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۈچەي قۇرتلىرى، سوغۇقتىن بولغان زۇكام، هەر خىل ئىششىقلار، باش ئاغرىقى، دوۋسۇن ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقلىرى، يىرىڭلىق جاراھەتلەر، قىيىن تۇغۇت، ئۆلۈك هامىلە، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈش، سۈيدۈك، هەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نەرگىس ئۈچ گرام، سانا بەش گرام، تۇربۇت 1.5 گرام ئېلىپ قايناتىپ سۈيىنى ئىچسە، هامىلىنى چۈشۈرىدۇ، زىمات قىلسا، هەر خىل ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

2. نەرگىس گۈلىنى پۇرىسا، باش ئاغرىقى ۋە زۇكامنى يوق قىلىدۇ.

3. نەرگىس يىلتىزىنى يۇمشاق ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، يارىنى ساقايتىدۇ.

4. ئۈچ گرام نەرگىسنىڭ يىلتىزىنى سىركە بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ چاپسا، تەڭگىسمان چاچ چۈشۈشنى ساقايتىدۇ، گۈلىنى ئېزىپ ھەسەل بىلەن چاپسا، ھەر خىل ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

5. نەرگىس گۈلىنى، نىلۇپەر يوپۇرمىقى ۋە چۈغلۇق گۈللىرى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بالىياتقۇ ئاغرىقى، ھەيز قالايمىقانلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، كاپۇر، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] بەرەڭگى كابىلى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ باغلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى دىيدان، ئىترىفىل قەمبىل.

## گۈلەمبەر

(飞燕草 fei yan cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radixet Semen Consolidae

[ئىنگلىزچە نامى] Root and seed of rocket consolida

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىلى گۈلەمبىرى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن تېنى «گۈلەمبەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقى تەركىبىدە 39% ياغ، 1% بىئولوگىيىلىك ئىشقار بار. بىئولوگىيىلىك ئىشقار دېلكوسىن (Delcosinc)، ئېبېتىن (Elatine)، دېلفىن (Delphin) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار، ئەمما زەھەرلىك تەسىرى كۈچلۈك.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]
قۇرت ئۆلتۈرۈش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئىسسىق يەلدىن بولغان چىش ئاغرىقى، يۇقىرى قىزىتما، مەددە قۇرت كېسىلى قاتارلىق-لارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. گۈلەمبەردىن ئۈچ گرام ئېلىپ قايىنىتىپ، ئېغىزنى چايقىسا، ئىسسىقتىن بولغان چىش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ (يۇتۇۋېتىشكە بولمايدۇ).
2. گۈلەمبەر ئىككى گرام، فۇفەل، قەمبىل يەتتە گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، مەددە قۇرت كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. گۈلەمبەرنى ئېزىپ پىشانىگە چاپسا، قىزىتما قايتۇرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتقى تەرەپتىن ئىشلىتىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سېرىقماي.
[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل، سۇپارى.
[چىقىش ئورنى] ئورمانلىقلاردا، تاغ باغرىدىكى نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى قەمبىل.

## بەرەنگى كابىلى

(白桦酸藤果子 bai hua suan teng guo zi)

[ئەرەبچە نامى] برنج كابلى
[پارسچە نامى] برنگ كابلى
[ئوردۇچە نامى] باؤبرنگ
[لاتىنچە نامى] Radix clematidis Terniflorae
[ئىنگلىزچە نامى] Whi te flower embelia Fruit
[تونۇش]
بۇ ئاردىسىيا كالا ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق كىچىك چاتقال ئۆسۈملۈك بەرەنگى كابىلىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «بەرەنگى كابىلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى يۇمىلاق،

قارىمۇچتىن سەل كىچىكرەك، قارا رەڭلىك، ئىچى ئاق، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (17.5 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە ئېمبېلىن (Embelin) ۋە ۋىلانگىن (vilangin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى تاسمىسىمان مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە، ئۇنىڭدىكى تەركىبى ئېمبېلىن بولۇپ، بۇ ھىندىستاندا تۇغۇت چەكلەش دورىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىدىكى ئىشقارلىق فوسفورلارنىڭ ھەرىكىتىنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈش، يەل تارقىتىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چىش ئاغرىقىنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۈچەي قۇرتى، بولۇپمۇ قاپاق ئۇرۇقى مەددىسى، ھۆل جاراھەتلەر، ھەزىم ئاجىزلىقى، چىش ئاغرىقى، پەي ـ مۇسكۇللار بوشاپ كېتىش، سۈيدۈك، ھەيز راۋان بولماسلىق، بوغۇم ئاغرىقلىرى.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سوقمونىيا 3 گرام، شەھمەنزەل 5 گرام، سەبرى 7 گرام، بەرەنگى كابىلى 10 گرام، شاپتۇل يوپۇرمىقى 30 گرام، سوقۇپ تالقانلاپ، بەش گرامدىن ئىچىپ بەرسە، مەددە قۇرت كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ.

2. سۆرۈنجان 10 گرام، توربۇت 7 گرام، سانا 10 گرام، باديان 10 گرام، بەرەنگى كابىلە 10 گرام، تالقان قىلىپ كۈنگە ئىككى ۋاخ 5 گرامدىن ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدىلىق.

3. 9 گرام بەرەنگى كابىلىنى يېڭى سۈت بىلەن قايىنتىپ ئىچىپ بەرسە، سەپرادىن بولغان مۇپاسىلغا مەنپەئەت قىلىدۇ. جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] تەڭ مىقدار ئاق ماش، قەنبىل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستا-

ىتان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل قەمبىل، ھەببى دىيدان.

## كاۋا ئۇرۇقى

(南瓜子 nan gua zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالقرع الحلو

[پارسچە نامى] تخم كدوئى شيرين

[ئوردۇچە نامى] كدوئى شيرين كى بيج

[لاتىنچە نامى] Semen Cucurbitae

[ئىنگلىزچە نامى] Pumpkin seed, Cushaw seed

[تونۇش]

بۇ كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كاۋىنىڭ ئۇرۇقى (Cucurbita moschata Duch) بولۇپ، قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ياپىلاق، ئېلىپىس شەكىللىك، سىرتقى يۈزى سارغۇچ، ئاق رەڭلىك، ئۇرۇق پوستى قېلىنراق بولىدۇ (6.17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە كۇكۇربىتىن (Cucurbitine) مايلىق ياغ، ئاقسىل، ۋىتامىن A، $B_1$، $B_2$، C يەنە كاروتىن بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى: كاۋا ئۇرۇقىنىڭ ئىسپىرت بىلەن ئېلىنغان سۈيۇقلۇقى قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

2. كاۋا ئۇرۇقى ياسالمىسىدىن ھەر كىلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 10~2 گرامنى كىچىك چاشقاننىڭ ئاشقازىنىغا كىرگۈزۈلسە زەھەرلىمەيدۇ، لېكىن تۆت گرام ئىستېمال قىلسا، جىگەر، ئۆپكە، بۆرەك قاتارلىق ئورگانلىرىنى ۋاقىتىنچە بۇزۇپ، جىگەردىكى قەنتنى ئازايتىۋېتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە چۈشۈرۈش، سۈت پەيدا قىلىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاساسلىقى ئۆچەيدىكى قاپاق ئۇرۇقى قۇرت كېسىلى، كۆكرەكنىڭ چىڭلىقى، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قاپاق ئۇرۇقىدىن 30 گرام ئېلىپ، مېغىزىنى ئايرىپ ئېلىپ، ئاچ قورساق يېسە، قاپاق ئۇرۇقى قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

2. قاپاق ئۇرۇقىنى سوقۇپ تالقانلاپ، شېكەر بىلەن قوشۇپ يېسە، يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالىغلى بولىدۇ.

3. قاپاق ئۇرۇقىدىن 12 گرامنى سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر قوشۇپ، ئاچ قورساق ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر قېتىمدىن ئۇدا 3 ~ 5 كۈن يېسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

4. كاۋا ئېشى ئېتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، كۆكرەكنىڭ چىڭلىقىنى بوشىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] قورساقنى ئېسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە، نانخا.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى دىيدان، مەجۇنى زىرە.

## قەنبىل

卡马拉（吕宁楸莱粉）ka ma la

[ئەرەبچە نامى] قنبيل

[پارسچە نامى] كمبيلا

[ئوردۇچە نامى] كميلا

[لاتىنچە نامى] Mallotus philip pinensis

[ئىنگلىزچە نامى] kamala

[تونۇش]

بۇ ئېۋفوربىئاتسىيە (Euphorbiaceae) ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئۆسۈملۈك Goviensis

Mollotus philippinensis Lam Muell—Arg نىڭ مېۋىسىنىڭ ئۈستىگە يىغىلىپ قالغان بەز ياكى تېۋىت شەكىللىك بىر خىل قۇمدەك نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل، توپىغا ئارىلاشمىغىنى خالىس، يېنىك بولىدۇ، توپىغا ئارىلىشىپ قالغىنى ساپ بولمايدۇ، ئېغىر كېلىدۇ، مۇشۇ ماددا «قەنبىل» ياكى «قەنبىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (7.17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ قىزىل رەڭلىك زىرىنا تەخمىنەن 60~80% گىچە بولىدۇ، يەنە تانىنىن مايلىق ياغ، گلۇكوزىد ۋە ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېۋىسىنىڭ ئىسپىرتتا ئېلىنغان ماددىسى بەدەن سىرتى ۋە بەدەن ئىچىدە تاسما قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۈچەيدىكى ئۇششاق قۇرت ۋە مەددىلەرنى چۈشۈرۈش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، شىلىمشىق ھۆللۇكلەرنى ۋە غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرۈش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى قۇرۇتۇش، جاراھەتنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۈچەي مەددە قۇرتى، ھەر خىل جاراھەت ۋە يىرىڭلىق كېسەللىكلەر، قان بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان قۇبا، ھۆل تەمرەتكە، تاز، چاقا، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆدە ئۇرۇقى 10 گىرام، بەزرۇلبەنجى 5 گىرام، قەنبىل 7 گىرام قاتارلىقلارنى سۈپۈپ قىلىپ چىشقا سەپسە، چىش قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

2. ئانار يىلتىزى، قەنبىل، جۆئدە ھەر بىرى 10 گىرامدىن ئېلىپ، سۈپۈپ قىلىپ قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئۈچەي قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

3. كىبرىت 15 گىرام، ۋازلىن 30 گىرام، قەنبىل 10 گىرام، ياغ تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، تەمرەتكە ۋە قىچىشقاقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قەنبىلنى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يىرىڭلىق جاراھەتلەرگە چاپسا، يىرىڭ تازىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان- ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، مەستىكى، بەدىيان.
[ئورۇنباسارى] بەرەنگى كابىلى، تۇربۇت.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن ھەم يەمەننىڭ باياۋانلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل قەنبىل.

## فۇپەل

(槟榔 bing lang)

[ئەرەبچە نامى] فوفل
[پارسچە نامى] پوپل
[ئوردۇچە نامى] سپارى
[لاتىنچە نامى] Semen Arecae
[ئىنگلىزچە نامى] Betelnut Palm seed
[تونۇش]
بۇ پالما ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكى 15 ~ 8 مېتىرغىچە ئۆسىدىغان پالما دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى «فۇپەل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ تەمى قېرىق ئاچچىقراق، رەڭگى قىزغۇچ بېغىررەڭ، چوڭلۇقى جويۇزنىڭ چوڭلۇقىدەك، بەزىسى يۇمىلاق، بەزىسى ياپىلاق بولىدۇ (17.8 - رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] فۇپەل تەركىبىدە 0.3~0.6% ئالكالوئىد، 15% تاننىن، 14% ياغ ۋە فۇپەل قىزىل پىگمېنتى (Arecared) قاتارلىقلار بار، ئالكالوئىدنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 0.1~0.5% فۇپەل ئىشقارى (Arecolin)، قالغانلىرى ئارېكولىدىن (Arecolidine)، ئالى فۇپەل ئىشقارى (Homoar coline) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قۇرت چۈشۈرۈش رولى: ئارېكولىن قۇرت چۈشۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك تەركىبدۇر، تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، پۈتۈن قۇرتنىڭ ھەممە جايلىرىنى پالەچ قىلىدۇ، كالا تاسما قۇرتىنىڭ پەقەت باشقا قىسمى ۋە تېخى يېتىلمىگەن بوغۇم پارچىلىرىنى پۈتۈنلەي پالەچ قىلىدۇ. ئەمما ئوتتۇرا بۆلەكچە ۋە ئاخىرقى بۆلەكچىلىرىدىكى تۆرەلمە تۇخۇمىنىڭ بوغۇم پارچىلىرىغا بولغان تەسىرى چوڭ ئەمەس، بەدەن سىرتقى

تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، تۇتۇ مەددىسىنىمۇ زەھەرلەيدۇ، ئىلمەك باشلىق قۇرتقا نىسبەتەن ئانچە تەسىرى يوق.

2. زەمبۇرۇغ، ۋىرۇسلارغا قارشىلىق رولى: سۇدىكى چىلانمىسى تەجرىبە نەيچىسىدە بىنەپشە رەڭلىك تۇكلۇك تەمرەتكە زەمبۇرۇغى قاتارلىق تېرە زەمبۇرۇغلىرىنى ئۇخشىمىغان دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ، قايناتمىسى بىلەن سۇدىكى چىلانمىسى تارقىلىشچان زۇكام ۋىرۇسىنىڭ «A» تىپىنى مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ، ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش تەسىرى فۇپەل ئىچىدىكى تانىنىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

3. خۇلىن ئاكسىپىتورىغا نىسبەتەن تەسىرى: ئارېكولىنىنىڭ تەسىرى پىلوكارپىن (Pilocarpine) نىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

4. زەھەرلىنىش ۋە باشقا تەسىرى: ئارېكولىنىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە، شۆلگەي ئېقىش، قۇسۇش، سۈيدۈك راۋان بولۇپ كېتىش، بىھوش ئۇخلاش ياكى تارتىششلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىسپاتلىنىشىچە، فۇپەل تەركىبىدە كىشىلەردە راك پەيدا قىلىدىغان ماددا بار ئىكەن، فۇپەلنى داۋاملىق يەيدىغانلارنىڭ تەم سېزىشى تۆۋەنلەپ، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، چىشى بوشاپ كېتىدۇ، ئازراق ئىچى سۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە چۇشۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، مەنىي تۇتۇش، ئاشقازاندىن مېڭىگە ئۆرلەيدىغان بۇخاراتلارنى توسۇش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ھەزىمنى ياخشىلاش، تاماقنىڭ سىڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، چىش تۈۋىدىن كەلگەن قاننى توختىتىش، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تەر توختىتىش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، بەزگەكنى يوقىتىش، پەي- مۇسكۇللارنى چىڭىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۈچەي پارازىت قۇرت كېسەللىكى، ئىچ سۈرۈش، قورساق كۆپۈش يەل تۇرۇپ قېلىش، ئۈچەي ياللۇغى، بەزگەك، پۇت تەمرەتكىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان، پۇت ئىششىپ ئاغرىش، چىش مىلىكى قاناش، بالىياتقۇ ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھەيز توختىماسلىق، مەنىي يۈرۈپ كېتىش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. موزا، ئانارگۈلى، ئانارپوستى، فۇپەل ھەر بىرىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ سۇپۇپ

قىلىپ ئىچسە، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

2. بۇغا مۈڭگۈزى بەش گرام، ئاق سەندەل، ئانار گۈلى، فۇپەل، شېكەر 200 گرام قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچسە، ھەيزنى توختىتىدۇ.

3. كۈندۈر، مەستىكى، فۇپەل ھەربىرىدىن ئۈچ گرامدىن ئېلىپ سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، مەنىي يۇرۇپ كېتىشكە شىپا بولىدۇ.

4. بەرەڭگى كابىلى 10 گرام، كاۋا ئۇرۇقى 20 گرام، خىيارشەنبەر 15 گرام، قەنبىل 5 گرام، فۇپەل 10 گرام ئېلىپ قايناتما ياكى سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 گرامغىچە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەكنى يىرىكلەشتۈرىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش بار ۋە ئۈچەي توسۇلۇش كېسىلى بار كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] سەندەل، بەرەڭگى كابىلى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزدىكى يۈننەن، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، تەيۋەن قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى سۇپارى، مەجۇنى سۇپارى پاك، سۇپۇپى سۆئلەپ، مۇنەررى نەھمەر.

## ئەدەس

兵豆 bing dou

[ئەرەبچە نامى] عدس

[پارسچە نامى] نسك

[ئوردۇچە نامى] مسور

[لاتىنچە نامى] Semen Lens Culinaris

[ئىنگلىزچە نامى] Common Lentil

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئەدەس ناملىق بىر خىل ماشنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇرۇق ھىندىستاندا «شوخدانە» ، بىنگالدا «ئەكرى»

دېيىلىدۇ، رەڭگى قارىغا مايىل بېغىررەڭ، تەمسىز كېلىدۇ. ئادەتتە «ئەدەس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە قۇرت چۈشۈرۈش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، ئىششىق تارقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، چىرايغا جۇلا بېرىش، غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ هارارىتىنى پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇقىرى قان بېسىمى، گال ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ئېغىزدىكى مۇدۇر- چاقا، ئەمچەك ياللۇغى، قولاق تۈۋىدىكى بەزلەر ئىششىقى، گال بوغۇلۇپ قېلىش، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەدەسنى قاينىتىپ غەر - غەر قىلسا، گال ئاغرىقى، ئاۋاز بوغۇلۇپ قېلىش، ئېغىزغا چىققان ئۇششاق مۇدۇرلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەدەسنى پىشۇرۇپ زىمات قىلسا، هەرخىل ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

3. ئەدەسنىڭ قاينىتىلغان سۈيىگە شاتۇتنىڭ قاينىتىلغان سۈيىنى قوشۇپ ئىچسە، ئۆپكە كېسەللىكلىرى ۋە يۆتەلگە شىپا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 20 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇزۇندا سىڭىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، بوۋاسىرغا، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كۈنجۈت يېغى، سېرىقماي، بادام يېغى، هەسەل، سىركە، قىزىلچا، گۆش قاتارلىقلار.

[ئورۇنباسارى] ماش، باقلە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن هەم رايونىمىزدىن چىقىدۇ، هىندىستان قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى ئەدەس.

## باقىلە

(豌豆 wan dou)

[ئەرەبچە نامى] باقلا

[پارسچە نامى] باقلا

[ئوردۇچە نامى] باقلا

[لاتىنچە نامى] Semen Pisi Sativi

[ئىنگلىزچە نامى] Garden Pea

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قارا پۇرچاقنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «باقىلە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. دورا ئەشيالىرى شەكلى شارسىمان، ئۆزى چوڭ، ئۈستى قارا پوستلۇق، رەڭگى قىزغۇچ، توپا رەڭدە كېلىدۇ، تەمى، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (17.10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە ئۆسۈملۈك ئاگلۇتىنىن (Phytagglutinin) بار. يەنە ئاقسىل، ياغ، قەنت ماددىلىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئىششىق تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۇچەي قۇرت كېسەللىكى ھەر خىل ئىششىقلار، ئاشقازان ئاغرىقلىرى، داغ، بەرەس، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز راۋان بولماسلىق، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. باقىلە 10 گرام، قەنبىل 5 گرام، شاپتۇل يوپۇرمىقى 10 گرام، كاۋا مېغىزى 7 گرام، فۇپەل 7 گرام، سوقۇپ تالقانلاپ، 10 گرامدىن ئىچىپ بەرسە قۇرت ئۆلتۈرىدۇ.

2. باقىلەدىن 15 گرام ئېلىپ سوقۇپ، گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا ئىششىق قايتۇرىدۇ.

3. باقىلە 15 گرام، ئاق ماش، بەرەڭگى كابىلى، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 10

گرامدىن ئېلىپ قايناتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈئتەر، تۇز، سىرىقماي.

[ئورۇنباسارى] ماش.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ئەدەس.

## تورموس

(羽扇豆 yu shan dou)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Lupinus albus

[ئىنگلىزچە نامى] Whitn Lupine Seed

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك تورموسنىڭ قۇرۇتۇلغان، پىششىق ئاق رەڭلىك ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تورموس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كۈزدە پىشقاندا يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ئۇرۇقى ئايرىپ ئېلىنىدۇ رەڭگى ئاق بولىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئىششىق قايتۇرۇش، قان تازىلاش، ھەيز ۋە سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۈچەي قۇرتلىرى، يانپاش ئاغرىقى، ناسۇر، بويۇن بەز سىلى، مۇپاسىل، بوۋاسىر، كونا باش ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توسۇلۇش ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تورموسنىڭ قاينىتىلمىسى ياكى سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ياكى چىقارغان لوئابىنى سىركىگە چىلاپ ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، مەددىنى چۈشۈرىدۇ.

2. سۇزاپ بەرگى، پىلپىل، تورموس قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ ھەم تال ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

3. ھەسەل بىلەن تورموسنى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلسە، كونا يۆتەل، زىققە قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ يېسە، رەڭگىنى سارغايتىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رەۋغىنى بادام.

[ئورۇنباسارى] ئەفسەنتىن.

[چىقىش ئورنى] رۇمىنىيە، جەنۇبىي ياۋروپا، مىسىر قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل دىيدان.

## ئاچچىق بادام

(苦巴旦杏仁 ku ba dan xing ren)

[ئەرەبچە نامى] لوز المر

[پارسچە نامى] بادام تلخ

[ئوردۇچە نامى] بادام كروا

[لاتىنچە نامى] Semen Amygdali Amarum

[ئىنگلىزچە نامى] Bitter Almond seed

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك مېۋىلىك دەرەخ ئاچچىق بادامنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېكى، دانلىق، ياغلىق بولغىنى ئەڭ ياخشىدۇر (17.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى 2% ئەتراپىدا ئامىگدالىن (Amygdalin) ۋە ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى فېرمېنتى (Emolsin)، 40~45% گىچە مايلىق ياغ، 25~35% ئاقسىل، 2~3% شىلىمشىق ماددا بار. ئۇندىن باشقا يەنە ستاخيوزا (stachyose)، ئالانىن (Alanin) ئاماندىن (Amandin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاچچىق بادامنى ئىستېمال قىلسا، پارچىلىنىپ فلورىك كىسلاتاسى بىلەن فتىل ئالدېھىد هاسىل قىلىدۇ. ئادەتتە بىر گرام ئاچچىق بادام مېغىزى 25mg فلورىك كىسلاتاسىنى هاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل كىسلاتانىڭ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش مىقدارى تەخمىنەن 50mg، فتول ئالدېھىد ئاشقازان ئاقسىل فېرمېنتىنىڭ هەزىم قىلىش خىزمىتىنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەددە قۇرت ئۆلتۈرۈش، جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئىششىقلارنى تارقىتىش، چىرايغا جۇلا بېرىش، بەدەن ۋە تېرىنى پارقىرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قۇرت ئۆلتۈرۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، هەيز كەلمەسلىك، يۆتەل، زىققە، كۆكرەك ۋە ئۆپكە ياللۇغى، جىگەر ۋە تال كېسەللىكى، يەرقان، داغ، قەۋزىيەت، ئىشتىهاسىزلىق، مەنىي ئازىيىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاچچىق بادامنى هەسەل بىلەن ئىچسە، جىگەر، تال توسالغۇسىنى ئاچىدۇ. يۈزىگە چاپسا تېرىنى پارقىرىتىدۇ، داغ چۈشۈرىدۇ.

2. ئاچچىق بادامنى سوقۇپ، بۇزورى شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، هەيز، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىششىق قايتۇرۇپ، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئاچچىق بادامنى ئۆرۈك مېغىزى بىلەن مۇۋاپىق يەپ بەرسە، زىققە، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئاچچىق بادام فوفەل قەنبىل، كاۋا ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ ئىچسە، مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ (زەهەرلىك).

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر، ناۋات، تاتلىق بادام.

[ئورۇنباسارى] ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىپىل قەنىل، سىيادان چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## ماھى زەھرەج①

(印度防已实 yin du fang ji shi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، كۆچلۈك سۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى تارقىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش.

## سەرخىس②

(欧绵马 ao mian ma)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
قان تازىلاش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش.

## بۇيا ئۇرۇقى③

(苦豆子 ku dou zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ
② تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

## چەشمى خۇرۇس[①]

(相思豆 xiang si dou)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تەڭشەش، ئىششىق تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش.

## قوي ئۆتى[②]

(羊胆 yang dan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش، مەدىدە قۇرت ئۆلتۈرۈش.

① تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 39 ـ بابقا قاراڭ

# ئون سەككىزىنچى باب  هەيز راۋان قىلغۇچى دورىلار

هەيز ماڭدۇرغۇچى دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ هەيزنى راۋان قىلغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

هەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرى (بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدان خىزمىتىنىڭ قالايمىقانلىشىشى، زىيادە سەمىرىپ كېتىش، قان ئازلىق، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىش، جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ...) دىن هەيز توختاپ قېلىش، سۇيدۈك تۇتۇلۇش، ئۇنتۇغاقلىق، ئۆلۈك هامىلە، ئومۇمىي بەدەنلىك سۇلۇق ئىششىق، چوڭ تەرەت راۋان بولماسلىق، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. هەيز توختاپ قېلىشنىڭ سەۋەبى هەرخىل بولغاچقا، هەيزنى راۋان قىلغۇچى دورىلارنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. هەيزنى راۋان قىلغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى هۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار هەيزنى راۋان قىلىپ، ئورگانىزمنىڭ نورمال ماددا ئالمىشىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمداننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، تەبىئەتنى كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار هەيزنى راۋان قىلغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: هەببۇلبان، ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى، جۇزنەك، دەرمەنە تۇركى، ئەنجۇدان ئۇرۇقى، ئاغىچە، زاراڭزا چېچىكى، ئارچا مېۋىسى، ئاپتاپپەرەس گۈلى.

ئەنجۇدان يىلتىزى، ئاپتاپپەرەس يىلتىزى، مۇشكىتارامىش، زەرچىۋە، زاراڭزا يېغى، قارا كۆز بەدىيان، كىرەش.

## هەببۇلبان

(苦楝子 ku la zi)

[ئەرەبچە نامى]  حب البان

[پارسچە نامى]  تخم بان

[ئوردۇچە نامى]  بکائن کی بیج

[لاتىنچە نامى]  Fructus Meliae Azedarach

[ئىنگلىزچە نامى]  Fruit of chinaberry; Tree,Fruit of chinatree

[تونۇش]

بۇ ئازادى دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ئاچچىق ئازادى دەرىخى (Melia azadarach Linn) ۋە سىچۇەن ئازادى دەرەخلىرى (Melia Toosendansieb. etzucc) بولۇپ، بۇ ئىككى خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى «ھەببۇلبان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. شەكلى سېپىدىن كىچىكرەك، يۇمىلاق، تەمى بىر ئاز ئاچچىق، پوستى ئاق ۋە نېپىز كېلىدۇ (18. 1 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاچچىق تەملىك، ماددا ـ مىركوزىن رىزىنا ھەم تانىنن ماددىسى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيز كەلتۈرۈش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز توسۇلۇپ قېلىش، بوۋاسىر، قەۋزىيەت، جىگەر ۋە تال توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھەببۇلبان، زاراڭزا چېچىكى، ئاغىچە، سانا 5 گرامدىن، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

2. ئىزخىر، غاپەس 10 گرامدىن، رەۋەن بەش گرام، سەرئىدى كوفى يەتتە گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، جىگەر ـ تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

3. ھەببۇلبان يېغى بەدەن يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، قىچىشقاقنى مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۈچ گرام ھەببۇلباننى داكىغا ئوراپ پىلتىكۈچ قىلىپ بۇرنىغا قويسا، قان توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~6 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئارپىبەدىيان.

[ئورۇنباسارى] سەلىخە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدىن ھەم ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

# ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى
(向日葵叶 xiàng rì kuí yè)

[ئەرەبچە نامى] ورق الدوار الشمس

[پارسچە نامى] برگ آفتاب پرس

[ئوردۇچە نامى] سورج مکی کے پتہ

[لاتىنچە نامى] Folium Helian thi Annui

[ئىنگلىزچە نامى] Sun Flower Leaf

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاپتەپپەرەسنىڭ يوپۇرمىقىدۇر (2.18 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە ئاتسىروم خلورۇگېنكوم، ئاتسىدوم كوففېئىكوم (Caffeic acid)، ھېلىيانگىن (Helian gine)، سكوپولىن (scopoline)، ھېلىيان-گىن (Heliangine) ۋە باشقا ئورگانىك كىسلاتا بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان باكتېرىيىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە، بەزگەككە قارشى دورا قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەيزنى راۋان قىلىش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز تۇتۇلۇش، بەزگەك ۋە كۆيۈك جاراھەتلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقىنى گۈلى بىلەن سىقىپ سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

2. ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى 5 گرام، زاراڭزا چېچىكى 5 گرام، خىيار شەنبەر 15 گرام، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

3. ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى 5 گرام، بىنەپشە 5 گرام، نىلۇپەر 5 گرام، قائىدە بويىچە

مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، قىزىتما پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 15 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئاپتاپپەرەس گۈلى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى دەملىمىسى.

## جۇزنەك

(泽兰 ze lan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] جل نيم

[لاتىنچە نامى] Herba Lycopi Hirti

[ئىنگلىزچە نامى] Hersute Bugleweed Herb

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياۋروپا جۇزنىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى خەلق ئارىسىدا «جۇزنەك» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سىرتقى يۈزى سارغۇچ يېشىل رەڭلىك ياكى ئازراق سۆسۈن رەڭلىك، چورۇك بولۇپ ئاسان سۇنىدۇ، سۇندۇرۇلغان يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاق رەڭلىك ئۆزەك ياكى بوشلۇق بار، تەمى ئاچچىق، يۇراقسىز، يوپۇرمىقى كۆپ، رەڭگى يېشىل، غولى قىسقا كېلىدۇ (3.18 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىدە ئۇچۇچان ماي، ئۆزۈم قەنتى گلوكوزىدى، تاننىن، دەرەخ يېلىمى بار، يەنە فىلاۋۇن، فېنوللاك ئامىنو كىسلاتا، ئورگانىك كىسلاتا، ساپونىن، گلۇكوزا، مېۋە قەنتى قاتارلىقلارمۇ بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] پۈتۈن چۆپىدىن ياسالغان ياسالما يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز قالايمىقانلىشىش، تۇغۇتتىن كېيىن قان توختاپ قېلىپ قورساق ئاغرىش، پۈتۈن بەدەن سۇلۇق ئىششىقى، غەلۋىرەككە ئوخشاش تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جۇزنەك، داڭگۇي، ئاق چۇغلۇق ھەربىرىنى 9 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، ھەيز كەلمەسلىك ۋە تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. جۇزنەك، پاقىيوپۇرمىقى 15 گرامدىن، تاۋۇز شۆپۈكى 33 گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ماڭدۇرۇپ، ئومۇمىي بەدەندىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

3. قارىمۇچ، تۇز بىلەن بىرگە جۇزنەكنى سوقۇپ ئىچسە، غەلۋىرەككە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدارلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەرەش، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى.

[ئورۇنباسارى] زاراڭزا چېچىكى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

## دەرمەنە تۇركى
(蛔蒿花 hui hao hua)

[ئەرەبچە نامى] شيح خراسانى

[پارسچە نامى] درمنه تركى

[ئوردۇچە نامى] شيح

[لاتىنچە نامى] Flos Cinae

[ئىنگلىزچە نامى] Wormseed Flawer

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق چاتقال ئۈسۈملۈكنىڭ تولۇق ئېچىلمىغان غۇنچىسى بولۇپ، «دەرمەنە تۇركى» ، «شىخ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

غۇنچىسى سوقچاق يۇمىلاق شەكىللىك ياكى ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى سارغۇچ يېشىل رەڭلىك ۋە گىرۋەكلىرى ئاق رەڭلىك بولىدۇ، تەمى ئاچچىق، پۇراقلىق كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى %2.2—1 سانتونىن، ئارتېمىزىن (Artemisin) ۋە ئۇچۇچان ماي بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سانتونىن ئاساسلىقى قۇرت ئۆلتۈرگۈچى تەسىر گە ئىگە. بولۇپمۇ سازاڭ مەددىگە بولغان ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يارا ۋە جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، ئۈچەيدىكى سازاڭ قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە چۈشۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز راۋان بولماسلىق، قىيىن تۇغۇت، ئۈچەي قۇرتى، چاچ چۈشۈش، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈش، سۇلۇق ئىششىق، ھەر خىل قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. دەرمەنە تۇركىغا زەيتۇن يېغى بىلەن سىماب قوشۇپ ياغ تەييارلاپ، قاتتىق ئىششىقلارغا چاپسا، ئىششىقنى يۇمشىتىدۇ. بۇ ياغنى دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ.

2. ئۈچەي سازاڭ قۇرتىنى چۈشۈرۈشتە، ئاخشىمى ئاشقازان بوش ۋاقتىدا سانتونىن بېرىپ، ئەتىگىنى سۈرگە دورىسىدىن ئابدىمىلىك يېغى بېرىلىدۇ ياكى سانتونىن ۋە بىدەنجىرگە ئازراق شېكەر قوشۇپ بېرىلىدۇ، شۇ ئۇسۇلدا ھەر ئىككى كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئارقىمۇ ئارقا ئىچىپ بەرسە، تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 4 گرام، سانتونىن 300 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان ۋە مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى رۇمى، تورموس.

[ئورۇنباسارى] ئەفسەنتىن، سۇزاپ.

[چىقىش ئورنى] روسىيە، تۈركىيە، كەشمىر، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىتىرىفىل دىيدان.
[قوشۇمچە] بۇنىڭ تەبىئىي ھالەتتىكىسى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭدىن ئايرىپ ئېلىنغان سانتونىن (بىر خىل ئاق رەڭلىك كرىستال بولۇپ، ئۇ نۇرغا يولۇقسا، سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، سانتونىننىڭ ئاساسلىقى سازاڭ مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش تەسىرى يۇقىرى) كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

## ئەنجۇدان ئۇرۇقى

(阿魏子 a wei zi)

[ئەرەبچە نـ ] انجدان
[پارسچە نامى] انگدان
[ئوردۇچە نامى]انجدان
[لاتىنچە نامى] Semen Ferulae
[ئىنگلىزچە نامى] Xinjiang Giantfennel Seed
[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ھىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «غولجاڭ ئۇرۇقى» ياكى «ئەنجۇدان ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى سارغۇچ قىزىل، تەمى ئاچچىق، بولۇپ بەتبۇي پۇراققا ئىگە (18.5 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىقى ئۇچۇچان ماي، دەرەخ يېلىمىدىن ئىبارەت، ئۇچۇچان ماي تەركىبىدە ھەر خىل ئائىئورگانىك ئارىلاشما ماددىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] رېئاكسىيىگە قارشى تۇرۇش، قان پلاستىنكىلىرىنى ئۇيۇتۇش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، بۆرەك ـ جىگەرنى كۈچەيتىش، قاننىڭ تەركىبلىرىنى تەڭشەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، قان تومۇر قېتىش، ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ قېلىشنى تۈگىتىش قاتارلىق رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

بەلغەم بوشىتىپ، يۆتەل پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، لەقۋا، پالەچ، رەئشە، ئۇنۇتقاقلىق، بەلغەملىك قىزىتما، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توسۇلۇش، سېرىقلىق چۇشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خىيارشەنبەر 20 گرام، ئەنجىدان ئۇرۇقى 5 گرام، ئۇبھەل 10 گرام، سانا 10 گرام، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى 10 گرام، قاينىتىپ، كۆنلىكى 30 مىللىلىتىردىن 2 ۋاخ ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

2. بەش گرام ئەنجۇدان ئۇرۇقىنى قاينىتىپ، زەيتۇن يېغىنى تېمىتىپ، قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

3. زۇپا 5 گرام، شومشا ئۇرۇقى 5 گرام، زىغىر ئۇرۇقى 7 گرام، ئەنجۇدان ئۇرۇقى 2 گرام، سوقۇپ سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە بەلغەمنى بوشىتىپ يۆتەل پەسەيتىدۇ.

4. ئۇدسەلىب 10 گرام، ئەنجۇدان ئۇرۇقى ئۈچ گرام، ئاقىرقەرھا يېغى 10 گرام، بۇلارنى بىر ھەپتە ئاپتاپتا قويۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۇركەپ بەرگەندە، رەئشەگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. ئەنجۇدان ئۇرۇقىنى پۇراپ بەرسە، ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۇ ئۆتكۈر پۇراقلىق سېسىق دورا بولغاچقا، بۇنى پۇرىسا، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ قۇستۇرىدۇ. ھامىلىدار ئاياللار پۇراشتىن ساقلىنىش كېرەك.

[تۈزەتكۈچىسى] قوغۇن ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ئىلى ۋىلايىتىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى ھىلتىت، سۇيۇپ ھىلتىت.

# ئاغىچە

(丝瓜络 si gua luo)

[ئەرەبچە نامى] ليف الخار

[پارسچە نامى] خيار دشتى

[ئوردۇچە نامى] پٹرال

[لاتىنچە نامى] Retinervus Luffae Fructus

[ئىنگلىزچە نامى] Loofah, Towel Gourd Vegetable

[تونۇش]

بۇ كاۋا- قاپاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياماشقۇچى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاغىچە بولۇپ، تاۋۇز ئۇرۇقى شەكلىدە، سارغۇچ رەڭ،، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «يۇغۇز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (6.18 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاغىچىنىڭ تەركىبىدە كىسلان (xylan، ماننان (Mannan)، گالاكتان (Galactan)، بەندال ئاچچىق ماددىسى (Luffein)، كۆپ مىقداردا شىلىمشىق ماددىلار، تىستىروللىن (Citrullin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاغىچىنىڭ قايناتمىسىنى ھايۋانلار ئۈستىدە سىناق قىلغاندا، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسلىنىشنى نورماللاشتۇرۇش تەسىرىنى بەرگەن، بۇنىڭ قايىنتىلغىنى ياكى ئىسپىرتقا چىلانغىنىنىڭ ئېرىتمىسى ئۆپكە ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك تورمۇزلاش رولىغا ئىگە ھەمدە A خىلدىكى ۋە B خىلدىكى ئۆپكە ياللۇغى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىسىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە. 10-7 تالغىچە ئۇرۇقنىڭ تالقىنى ئىچنى سۈرىدۇ. مىقدارى ئاشقانسېرى قۇستۇرىدۇ. ئېغىر ھالدا ئىچنى سۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل ھەيدەش، بۇ كۈچلۈك سۈرگۈچى دورا بولۇپ، ئاساسلىق رولى بولسا چوڭ تەرەت ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، بوۋاسىرنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۆلۈك

ھامىلىنى چۈشۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سېرىقلىق يوقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز راۋان بولماسلىق، ئۆلۈك ھامىلە، بوۋاسىر، يەرقان، ئومۇمىي بەدەن سۆلۆق ئىششىقى، رېماتىزم، يۆتەل، دەم سىقىش، سەرگى، مەددە قۇرت كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ھەيز ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاغىچىنى قاينىتىپ ئىچسە ياكى پەرزىچە قىلسا، ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ، ئۇنىدىن باشقا تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرۈشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

2. ئاغىچىنى سوقۇپ كالا يېغى بىلەن قوشۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا، سېرىمىنىڭ يوقىلىشى ۋە سەرگىگە پايدا قىلىدۇ.

3. 2 ～ 3 دانە ئاغىچە ئۇرۇقىنى ئاخشىمى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى سۈزۈپ، سۈيىدىن 2 ～ 3 تېمىم بۇرۇنغا تېمىتسا، يەرقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئاغىچىغا ئاز مىقداردىكى كاپۇرنى قوشۇپ سوقۇپ، بۇرۇنغا پۈركىسە، يەرقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇرۇنغا پۈراتسا، كۆزدىكى سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ.

5. ئاغىچىنى ئاقموم بىلەن زىمات تەييارلاپ، قايماق بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، بوۋاسىرنىڭ قايتا ئۆسۈپ چىقىشىنى توسايدۇ ياكى ئاغىچىنى قاينىتىپ سۈيى بىلەن يۇسىمۇ بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ.

6. 50 گرام ئاغىچىنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن قوشۇپ ياكى كاپسۇلغا قاچىلاپ ئىچسە، بوۋاسىر تۈگۈنچىسىنى يوقىتىدۇ.

7. ئاغىچە، قەنىبىل، شاپتۇل يوپۇرمىقى، بەرەنكى كابىلى ھەر بىرىدىن 7 گرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچسە، قۇرت ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 7～3 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلىتىلسە، قانلىق ئىچ سۈرۈش پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن.

[تۈزەتكۈچىسى] كالا سۈتى، سېرىق ماي.

[ئورۇن باسارى] شەھمەنزەل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئاغىچە شەربىتى.

# زاراڭزا چېچىكى

(红花 hong hua)

[ئەرەبچە نامى] زہرالقرطم

[پارسچە نامى] گل معصفر، گل کاڤە

[ئوردۇچە نامى] کسم پھول، کسنبہ

[لاتىنچە نامى] Flos Carthami

[ئىنگلىزچە نامى] safflower

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاراڭزىنىڭ تۈرۈبۈلغان گۈلىدۇر. دورا ئەشياسىنىڭ شەكلى، رەڭگى قىزىل، سېرىق، بىر ئاز ئالاھىدە پۇراقلىق، تەمى ئاچچىق، گۈل ياپراقچىسى نەيچىسىمان شەكىلدە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ چېچىكى «زەھرۇلقۇرتۇم»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى قۇرتۇم» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (7.18 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] زاراڭزا چېچىكى تەركىبىدە 20~30% زاراڭزا سېرىق پىگمېنتى (Safforyelov)، 0.3~0.6% گىچە كارتامىن (Carthamene)، گلۇكوزىد قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. زاراڭزا قايناتمىسىنىڭ چاشقان، توشقان، مۈشۈك ۋە ئىتنىڭ بالىياتقۇسىغا نىسبەتەن قوزغىتىش تەسىرى بار.

2. زاراڭزا ياسالمىسى مۈشۈك ۋە ئىتنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.

3. كىچىك دوزىدىكى زاراڭزا قايناتمىسى چارپاقا يۈرىكىنى يەڭگىل ھالدا قوزغىتىدۇ. چوڭ دوزىدىكىسى تورمۇزلايدۇ.

4. زاراڭ قايناتمىسىنىڭ تەجرىبە قىلىنغان بارلىق ھايۋاناتلارنىڭ ئۈچەي يولىغا نىسبەتەن قوزغىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، سۇ-

رۇش، ئاۋازنى ياخشىلاش، مېڭە، يۈرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي پەيدا قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز راۋان بولماسلىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، جىگەر ئاجىزلىقى، بەلغەملىك نەزلە، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي كەملىك، سۇلۇق تەمرەتكە، بەھەق، ئاقكېسەل (بەرەس)، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى زاراڭزا گۈلى بىلەن مەتبۇخ تەييارلاپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

2. سانا 15 گرام، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا گۈلى 10 گرامدىن، ئۇبھەل 7 گرام، خىيارشەنبەر 15 گرامدىن، بادام مېغىزى 15 گرام، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ قايناتما تەييارلاپ بەرسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇپ ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

3. زاراڭزا ئۇرۇقى 10 گرام، سۆئلەپ 15 گرام، چىلغوزا، شاقاقۇل 10 گرامدىن، زاراڭزا گۈلى 15 گرام، دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سۇيۇپ تەييارلاپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ھەببەتۇلخۇزرا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زاراڭزا شەربىتى.

## ئارچا مېغىزى

(柏子仁 bai zi ren)

[ئەرەبچە نامى] ثمرالعرعر

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] ابہل کی پھل

[لاتىنچە نامى] Semen Platycladi

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Arborvilae Seed

[تونۇش]

بۇ ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چوڭراق چاتقال ئۆسۈملۈك شىنجاڭ يۇمىلاق ئارچىسىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، شار شەكلىدە ياكى سوقىچاق، ئىچىدە قوڭۇر رەڭدە ئۇششاق ئۇرۇقى بار، پۇراقلىق، «ئۇبھەل» ياكى «ئارچا مېۋىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (8.18 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئارچا ئالكوھۇلى (sabino)، پودوفىللو توكسىنى (podophyllotoxin)، ئاچچىق ئارپا گلۇكوزىدى (coniferin)، ئارچا ياغ كىسلاتاسى ۋەزىنزىنا، تاننىن، ئۇچۇچان ماي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] پودوفىللو توكسىن كىچىك چاشقانلارنىڭ گۆش ئۆسمىسىگە نىسبەتەن بۇزۇپ تاشلاش تەسىرىگە ئىگە، نېكروزلاندۇرىدۇ. تەركىبىدىكى ئۇچۇچان مايىنى يەرلىك غىدىقلىغۇچى قىلىپ ئىشلەتسە، ئۇزاقىچە ئۇنى تېرە ۋە شىلىمشىق پەردىلەرگە سۈركىسە، ئۇلاردا ياللۇغلىنىش سادىر قىلىدۇ ھەمدە قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، ھەتتا ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ. مەلۇم دەرىجىدە يۆتەل پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرىمۇ بار. ئالتۇن رەڭلىك شارسىمان باكتېرىيە، ئاق ئۇزۇمسىمان باكتېرىيە، تولغاق تاياقچە باكتېرىيە، كېزىك تاياقچە باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋان قىلىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش، زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈت كۆپەيتىش، بوۋاسىر تۇگۈنچىسىنى يوقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز كەلمەسلىك، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى، قورساقتا سۇ چۈشۈش، سۆزنەك، يۆتەل، پالەچ، ئاشقازان ئاجىزلىقى، پەي ئاجىزلىقى، چىش مىلىكلىرىنىڭ ئىششىقى، ھاسىراش، جىگەر ياللۇغى، بوۋاسىر، ھەر خىل يىرىڭلىق كونا جاراھەتلەر، قارا داغ، تەڭگىسىمان چاچ چۈشۈش، ئەزالارنىڭ قېتىپ قېلىشى، بوغۇم

ئاغرىقى، مەددە قۇرت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مېۋىسى پىشىپ، يېرىلمىغاندا ئۈزۈۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، پوستىنى ئېلىۋېتىپ تازىلاپ، خېمىر قىلىپ سىرتتىن چىپىلىدۇ ھەم مۇرەككەپ دورا تەركىبلىرىگە قوشۇلىدۇ.

2. ئارچا يوپۇرمىقىنى خېمىر قىلىپ باشقا چاپسا، باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

3. ئارچا ئۇرۇقىنى سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە، پالەچ ۋە پەي بوشاپ كېتىشكە پايدا قىلىدۇ.

4. ئارچا ئۇرۇقىنى كۈنجۈت يېغى بىلەن قاينىتىپ، قارايغاندا قۇلاققا تېمىتسا، گاسلىققا شىپا بولىدۇ.

5. ئارچا ئۇرۇقىنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن قاينىتىپ، غار ـ غار قىلسا، چىش تۈۋىنىڭ ئىششىقلىرىغا ۋە ئېغىز جاراھەتلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

6. ئارچا ئۇرۇقىنىڭ قويۇق قاينىتىلمىسىدىن 15 گىرامنى كالا يېغى ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ھاسىراشقا ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

7. ئارچا ئۇرۇقىدىن توققۇز گىرامنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، ئۇچەيدىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

8. ئارچا ئۇرۇقىدىن 30 گىرامنى تازىلاپ كالىنىڭ چاۋا يېغىغا ئوراپ، قاينىتىپ، ياغنى ئۆزىگە ئالغاندا ئاندىن ئېلىپ، سوقۇپ، ناۋات بىلەن قوشۇپ ھەر كۈنى ئەتىگەن قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، ئۇچەيدىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

9. ئارچا ئۇرۇقىنى سوقۇپ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ خېمىر قىلىپ، جاراھەتكە چاپسا ساقايتىدۇ ۋە ئىششىقنى قايتۇرىدۇ.

10. ئارچا ئۇرۇقىنى ئەنجۈر بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ئەزالارنىڭ قېتىپ قالغان ئەزالارنى يۇمشىتىدۇ.

11. ئارچا يوپۇرمىقىنى سىركە بىلەن قوشۇپ باشقا چاپسا، چاچ چۈشۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~3 گىرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەكنى يېرىكلەشتۈرىدۇ، ھامىلىدار ئاياللارغا، ئاشقازان كېسىلى بارلارغا، گال ئاغرىقى بارلارغا بېرىشكە بولمايدۇ، بېرىشكە توغرا كەلسە خۇلىنجان، ھەسەل بىلەن بىرگە بېرىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، تەرخەمەك ئۇرۇقى.
[ئورۇنباسارى] سۇزاپ يوپۇرمىقى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇن مۇسەككىنى ۋەجىئۇررەلھىمى.

## ئاپتاپپەرەس گۈلى

(向日葵花 xiàng rì kuí huā)

[ئەرەبچە نامى] زہرالدوارالشمس
[پارسچە نامى] گل آفتاب پرس
[ئوردۇچە نامى] سرج مکی کے پھول
[لاتىنچە نامى] Flos Ḥelianthi
[ئىنگلىزچە نامى] Sunflower flower
[تونۇش]
بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈلى بولۇپ «ئاپتاپپەرەس گۈلى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (9.18 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] گۈلىنىڭ تەركىبىدە ئاپتاپپەرەس ساپونى c، b، a، (Heliantosid,d,A,C) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] گۈلىنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسىنى توشقاننىڭ قۇلىقىغا ئېمىتسا، قان تومۇرنى كېڭەيتىش تەسىرىنى بېرىدۇ، مۇشۇكنىڭ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنسا قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، مېڭە ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھامىلە چۈشۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، قىيىن تۇغۇت، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، كىچىك بالىلاردىكى تۇتقاقلىق كېسىلى، قورساق ئاغرىقى،

بويۇن بەز سىلى، ھەيز كەلمەسلىك، مۇپاسىل، يانپاش ئاغرىقى، يەرقان، بوۋاسىر قاتارلىق-لارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاپتاپپەرەس گۈلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چىپىپ بەرسە، مۇپاسىل، يانپاش ئاغرىقى، خانازىر قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. گۈلى سوسەن، ھەمىشباھار، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلارنىڭ ھۆل گۈلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، مۇپاسىل، يانپاش ئاغرىقى، خانازىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. زاراڭزا گۈلى، ئاپتاپپەرەس گۈلى، چىلان، ئاق سەندەل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، 7 گرام بىنەپشە بىلەن مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇدا 10~20 مىنۇت دەملەپ ئىچىپ بەرسە يۇقىرى قان بېسىمغا پايدا قىلىدۇ.

4. ئاپتاپپەرەس گۈلى 100 گرام، زاراڭزا گۈلى 100 گرام، كۈنجۈت 20 گرام، سانا 15 گرام، بىنەپشە 10 گرام، قائىد، بويىچە دەملەپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ.

[ئورۇن باسارى] زەپەر، زاراڭزا گۈلى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش شەربىتى.

## ئەنجۇدان يىلتىزى[①]

(阿魏根 a wei gen)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلا-پ، ئىشتىھانى ئېچىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ھەيز ۋە سۈتنى راۋانلاشتۇ-رۇش، بۆرەكنى قىزىتىش، باھنى قوزغاش، سوغۇقتىن پەيدا بولغان مۇپاسىل ئاغرىقىنى قالدۇرۇش، زەخمە ۋە جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش.

① تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

## ئاپتاپپەرەس يىلتىزى[1]
(向日葵根 xiàng rì kuí gèn)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيز ماڭدۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، ھامىلە چۈشۈرۈش.

## مۇشكىتارامىش[2]
(欧亚薄荷 ou ya bo he)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل ھەيدەش، قوزغىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

## زەرچىۋە[3]
(姜黄 jiang huang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى قان تازىلاش، يەل ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يارىلارنى قۇرۇتۇش، بەلغەم بوشىتىش، تارتىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، رەڭگىرويىنى چىرايلىق قىلىش، پارقىرىتىش.

---

① تەپسىلاتى 13 - بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 16 - بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 16 - بابقا قاراڭ

## زاراڭزا يېغى[1]
(红花子油 hong hua zi you)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش.

## قارا كۆز بەديان[2]
(莳萝子 shi luo zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇستۇرۇش.

## كىرەش[3]
(当归 dang gui)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى سۇيۇلدۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

# ئون توققۇزىنچى باب  قەي قىلدۇرغۇچى دورىلار

قەي قىلدۇرۇش تەسىرى بولغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، قەي قىلدۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن خىلتلاردا غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بىر قىسىم جىددىي كېسەللىك ئۆزگىرىش كۆرۈلگەندە ياكى بىر قىسىم زەھەر- لىك دورىلاردىن زەھەرلەنگەن، ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بارمىسا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

خىلتلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى ۋە زەھەرلىنىشنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولغاچقا، قەي قىلدۇرغۇچى دورىلارنى كېسەللىك سەۋەبىگە ئاساسەن دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. قەي قىلدۇرغۇچى دورىلار- نىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلار قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ جىددىي ھالىتى پەسەيتىش، ئاغرىق ئازابى- نى يەڭگىللىتىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەبىئىي قۇۋۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى بەدەندىن سۈرۈپ چىقىرىش ئارقىلىق كېسەللىك مادىسىنى تازىلايدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار قەي قىلدۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئاق خەربەق، تۇرۇپ ئۇرۇقى، قارا كۆز بەدىيان مايسىسى. ھەببۇلمۇلۇك، ھەببۇلمۇلۇك يېغى، قارا كۆز بەدىيان، ھەببۇلغار، قارا خەربەق.

## ئاق خەربەق

(白藜芦 bai li lu)

[ئەرەبچە نامى] خربق ابيض

[پارسچە نامى] خربق سفيد

[ئوردۇچە نامى] خربق سفيد

[لاتىنچە نامى] Rhizoma et Radix Veratrum albi

[ئىنگلىزچە نامى] white Rhizoma et Radix of Falsehelbore

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، غول ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشمايدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كەڭ تۇخۇمسىمان يۇمىلاق شەكىللىك، تولۇق گىرۋەكلىك بولىدۇ، باش يازدا گۈلى ئاقۇچ يېشىل رەڭلىك ئېچىلىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئۆسۈملۈك ئاق خەربەق دەپ ئاتالغان، ئادەتتە بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزسىمان غولى ياكى يىلتىزى يىغىۋېلىنىپ، ئۇنىڭ چاچما يىلتىزىنى كېسىۋېتىپ، ئاندىن يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ تەييارلانغان يىلتىزى «ئاق خەربەق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ سىرتقى يۈزى كۈل رەڭگە مايىل خورمارەڭ ياكى ئاقۇچ سېرىق رەڭلىك كېلىدۇ، سۇندۇرۇلسا يۈزى ئاقۇچ، تالقانسىمان، ئالاھىدە پۇراقلىق، تەمى سەل ئاچچىق، تالقىنىنىڭ ئۆتكۈر دەرىجىدە چۈشكۈرتۈش خۇسۇسىيىتى بار (1.19 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ خىل ئالكالوئىدلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1~2%، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى پىروتوۋېراتىن (Protoveratine) بولۇپ، بۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى.

زەھىرى بېيىش زەھىرى بىلەن ئوخشايدۇ، كۈچلۈك چۈشكۈرتۈش تەسىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاق خەربەق تەركىبىدىكى خىمىيىلىك تەركىبلەر قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە. بۇ يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇنىڭ كىچىك دوزىسى نەپەسنى تورمۇزلايدۇ، چوڭ دوزىسى، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قەي قىلدۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىنى تازىلاش، سۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاشقازاننى تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، مېڭە پەردە ياللۇغى (سەرسام)، بەلغەمدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەل، ھەيز توختاپ قېلىش ۋە باشقا سوغۇقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاق خەربەقنى يالغۇز ياكى گۈلسەۋسەن بىلەن قوشۇپ پەرزىچە قىلسا، سۈيدۈكنى

ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرىدۇ.

2. ئاق خەربەقنى تالقانلاپ، ئۆردەك گۆشىگە ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ يېسە، بويۇن بەز سىلى (خانازىر) غا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئەگەر قۇستۇرۇشقا توغرا كەلسە، خەربەقنى ئۇششاق توغراپ، بىر باش تۇرۇپنىڭ ئىچىنى ئويۇپ خەربەق بىلەن تولدۇرۇپ قويۇپ، بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن خەربەقنى ئېلىۋېتىپ، تۇرۇپنى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچسە، ئىككى سائەتتىن كېيىن قىينىچىلىقسىز قۇستۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] چىلاپا.

[چىقىش ئورنى] ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن چىقىدۇ.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] بۇ زەھەرلىك دورا بولغاچقا، ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن بۇرۇن خېمىر ئارىسىغا ئېلىپ، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ زەھەرسىزلەندۈرۈپ، ئاندىن ئىستېمال قىلىش لازىم.

## تۇرۇپ ئۇرۇقى
(莱菔子 lai fu zi)

[ئەرەبچە نامى] بزر الفجل

[پارسچە نامى] تخم ترب

[ئوردۇچە نامى] مولی کی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Raphani Sativi

[ئىنگلىزچە نامى] Garden Radish Seed; Radish Seed

[تونۇش]

بۇ كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاق ياكى كۆك تۇرۇپنىڭ قۇرۇتۇلغان پىششىق ئۇرۇقىدۇر. شەكلى بىر ئاز ياپىلاق، رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر، پۇرىقى سۇس، تەمى بىرئاز قېرىق كېلىدۇ (2.19 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆرۈقىنىڭ تەركىبىدە ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ماي ۋە 45% ماي بار. يەنە باكتېرىيىگە قارشى ماددا راپانىن (Raphanin) ۋە ئاز مىقداردىكى ئۆسۈملۈك سېترولى، ترى ئاكونتان (Triacontane) لارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: تۇرۇپ ئۇرۇقىدا باكتېرىيىگە قارشى ماددا بولۇپ، بۇنىڭ ئۆسۈملۈك تەركىبى رافانىندىن ئىبارەت. بۇنىڭ ھەر بىر مىللىلىتىرىدا بىر گرام تۇتقان قويۇقلۇقتىكى ئېرىتمىسى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى ۋە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى ئۇنۇملۇك ھالدا تورمۇزلايدۇ ھەمدە ھەر خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنىڭ بىخ چىقىرىشىغا تەسىر قىلىدۇ. تۇرۇپ ئۇرۇقىدىن چىقىرىلغان بىر خىل ماي بولۇپ، بۇ «Sulforaphen» دېيىلىدۇ، بۇنىڭ بىر پىرسەنتلىك قويۇقلۇقى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىسى يىرىك شارچە باكتېرىيىسى، ئۆپكە ياللۇغ تاياقچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە تاقابىل تۇرالايدۇ.

2. زەمبۇرۇغقا قارشى تەسىرى: تۇرۇپ ئۇرۇقىنىڭ سۇدىكى چىلانمىسى (3i) تەجرىبە نەيچىسىدە ئورتاق مەركەزلىك تۈك تەمرەتكىسى زەمبۇرۇغى قاتارلىق ئالتە خىل زەمبۇرۇغلارنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ.

3. باشقا تەسىرى: ئۆزگەرگەن خىلى Raphanus Satiuuml دىن ئېلىنغان ماددىسى ئۇزۇن مۇددەت چوڭ چاشقاننىڭ ئوزۇقلۇقى قىلىنسا، قالقان بەز ھورمۇنىنىڭ بىرىكىشىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قەي قىلدۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تاش پارچىلاش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، چىرايغا جۇلا بېرىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئاشقازان ياللۇغى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بۆرەك دوۋساق تاش كېسەللىكلىرى، داغ، بەرەس، بەھەق ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قەلەمپۇر، پىننە، بەدىيان، تۇرۇپ ئۇرۇقى، لاچىندانە 5 گرامدىن، زەنجىۋىل 10

گرام، چايلىق تەييارلاپ ئىچسە، ھەزىم ناچارلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تۇرۇپ ئۇرۇقى 10 گرام، قوغۇن ئۇرۇقى 7 گرام، تاۋۇز ئۇرۇقى5 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 10 گرام، كەرەپشە ئۇرۇقى 15 گرام، قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇماق، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] شۇمشا ئۇرۇقى، ئاق قىچا.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈيدۈك ھەيدەش شەربىتى.

[قوشۇمچە] تۇرۇپ ئۇرۇقىنى تازىلاپ، سۇس ئوتتا ئازراق ئۆرلىگۈچە، ھەمدە بىر خىل خۇش پۇراق چىققۇچە قورۇپ ئىشلەتكەن ياخشى.

## قارا كۆز بەدىيان مايسىسى

(莳萝苗 shi luo miao)

[ئەرەبچە نامى] شبت

[پارسچە نامى] شبت

[ئوردۇچە نامى] سويا

[لاتىنچە نامى] Plantula Anethi Graveolentisi

[ئىنگلىزچە نامى] Dillseedling

[تونۇش]

بۇ سېرىقچېچەكنىڭ قۇرۇتۇلغان يۇمران شېخى ۋە يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «سېرىقچېچەك» ياكى «شېت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (3.19 ـ رەسىم).

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] پۈتۈن چۆپىنىڭ چىلانمىسى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا، ھايۋاناتلارنىڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ، نەپەسنى قوزغىتىدۇ. كىچىك ئۈچەينىڭ كېڭىيىش كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
قەي قىلدۇرۇش، يەل ۋە ئىششىق تارقىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈيدۈك راۋانلاش-تۇرۇش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توتۇلۇش، جىگەر ۋە قورساق ئاغرىقى، ھەزىم ناچارلىق، قورساق ئېسىلىش، بوغۇم ئىششىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. قارا كۆز بەدىيان مايسىسىنى ئۇسارىسى قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. قارا كۆز بەدىيان مايسىسىنى قاينىتىپ، بۇنىڭ بىلەن ھوردىنىپ تەرلەنسە، قورساق ئاغرىقى، قورساق ئېسىلىش ۋە قورساق غۇرۇلداشلارغا پايدا قىلىدۇ.

3. قارا كۆز باديان مايسىسى، سانا، خىيارشەنبەر، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 20~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] لىمون سۈيى، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] سېرىقچېچەك.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گەنخۇي، جياڭسۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قارا كۆز بەدىيان مايسىسى قايناتمىسى.

## ھەببۇلمۇلۇك[1]

(巴豆 ba dou)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتى، كۆيگەن قويۇق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئىششىق ۋە يەللەرنى تارقىتىش، قەي

① تەپسىلاتى 17 ـ بابقا قاراڭ

قىلدۇرۇش، سۇيدۇك ھەيدەش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىش.

## ھەببۇلمۇلۇك يېغى[1]

(巴豆油 ba dou you)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش، قەي قىلدۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، چاچ ئۈندۈرۈش، ماددا ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۈچەي توسۇلۇشنى ئېچىش.

## قارا كۆز بەدىيان[2]

(莳萝子 shi luo zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۇيدۇك ھەيدەش، قۇستۇرۇش.

## ھەببۇلغار[3]

(月桂樱子 yue gui ying zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

---

① 17 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى
② 21 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى
③ 41 ـ بابقا قاراڭ تەپسىلاتى

پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قەي قىلدۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

## قارا خەربەق[1]

(铁筷子 tie kuai zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تېرىنى قۇۋۋەتلەش، قەي قىلدۇرۇش، كۆچلۈك دەرىجىدىكى سۈرگە دورا بولۇپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تىرەرەڭ ماددىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

① تەپسىلاتى 43 ـ بابقا قاراڭ

# يىگىرمىنچى باب تەرلەتكۈچى دورىلار

تەرلىتىش تەسىرى كۈچلۈك بولغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ تەرلەتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

كلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم كېسەللىكلەردە (يەنى زۇكام، نەزلە، كېزىك، ھەرخىل بوغۇم ئاغرىقلىرى، زىققە، يۆتەل …) كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ماس ھالدىكى تەرلەتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ، كېسەل پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. تەرلەتكۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلمىسا ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ خىل دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئىشلىتىش ۋاقتى ۋە مىقدارىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ خىل دورىلار، تەرلىتىش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاپ، كېسەللىك ماددىسىنى تازىلايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار تەرلەتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ياۋا پۇرچاق، قىزىلمۇچ، چاكاندا.

قارىمۇچ، زەنجىۋىل، پىلپىل، غاپەس، پورارىيە يىلتىزى، ئەمەن، قار لەيلىسى، ئاقمۇچ.

## ياۋا پۇرچاق

(望江南 wang jiang nan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] herba Cassiae Occidentalis

[ئىنگلىزچە نامى] herb of Coffeesenna

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق چاتقال ياكى يېرىم چاتقالسىمان سامان غوللۇق

ئۈسۈملۈك ياۋا پۇرچاق بولۇپ، بۇ ئۈسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى، يىلتىزى «ياۋا پۇرچاق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، ئۇچى ئۇچلۇق، قورۇ- تۇلغان ئۇرۇقى سىلىندىر شەكىللىك، سەل ياپىلاق، چۈرىسى سارغۇچ بېغىررەڭلىك، سىرتقى يۈزى يىرىك بولىدۇ، پۇراقلىق كېلىدۇ (1.20 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە دىيانترونىك خېتېروزىدى (Dianthronic heteroside)، يىلتىزى دىھىدروكسى ئانتراكۋىنون (Dihydroxyanthraquinone)، ئېمودىن (Emodin) لار بار.

ئۇرۇقى ھومودىيانترون (Homodiyanthrone)، رەۋەن كىسلاتاسى (Rhein)، ئالوي ئېمودىن (Aloe—emodin)، ئۇرۇقىنىڭ يېغىدا زىغىر كىسلاتاسى، ياغ كىسلاتاسى، پالمە- تىن كىسلاتاسى، قاتتىق ماي كىسلاتاسى بار. يەنە زەھەرلىك ئاقسىل، ئۇچۇچان ياغمۇ بار، مېۋە پوستى تەركىبىدە ئاپىگېنىن (Apigenin) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يوپۇرماق، يىلتىز ۋە ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە تۇتقان ئۇچۇچان ماي كۆپ خىل باكتېرىيىلەرنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى بەزى زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ، يىلتىزى سۇلۇق ئىششىقلارنى داۋالىيالايدۇ ياكى يەڭگىل دەرىجىدىكى سۈرگۈ ياكى قىزىتما قايتۇرغۇچى دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇرۇقى ئىچنى سۈرۈش رولىغا ئىگە ھەمدە روشەن ھالدىكى زەھەرلىك تەسىرىمۇ بار، بۇ، تەركىبىدە تۇتقان زەھەرلىك ئاقسىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ئىچنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقى- تىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قىزىتما، قەۋزىيەت، چوڭ بوغۇم ئاغرىقى، ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەر خىل سۇلۇق ئىششىق، تېرە كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياۋا پۇرچاقنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، ئىچسە، ئىچنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

2. ياۋا پۇرچاق يىلتىزىنى لىمون سۈيىدە ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سۈركە-

سە، داغ ۋە باشقا تېرە كېسەللىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. ياۋا پۇرچاق يىلتىزىنى ئېزىپ تالقانلاپ ئىچسە، سۈيدۈك ھەيدەپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.
4. ياۋا پۇرچاق ئۇرۇقىدىن 10 گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قەۋزىيەتكە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 7 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشلەرگە زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە، نىلۇپەر.
[ئورۇنباسارى] بىر بىرىگە بەدەل بولالايدۇ.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېبېي، شەندۇڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي قاتارلىق جايلىرىدىن ھەم ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

## قىزىلمۇچ
(辣椒 la jiao)

[ئەرەبچە نامى] فلفل احمر
[پارسچە نامى] فلفل سرخ
[ئوردۇچە نامى] مورچ لال، مرچ سرخ
[لاتىنچە نامى] Fructus Capsici
[ئىنگلىزچە نامى] Bush Redpepper Fruit
[تونۇش]
بۇ پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قىزىلمۇچ (Capsisum frutescens) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى «قىزىلمۇچ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قىزىل پارقىراق، ئىچى كاۋاك، ئوتتۇرىسى ئىككى ئۈچ بۆلۈمچە بولۇپ بۆلۈنىدۇ، ھەر بىر بۆلۈمچىدە نۇرغۇنلىغان سېرىق رەڭلىك ئۇرۇقى بولىدۇ. تەمى ئاچچىق، ئالاھىدە پۇرىقى بار (2.20 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىدە كاپسەئىتسىن (Capsaicin) نامىلىق لازا ئىشقارى، دى ھىدروكاپسەئىتسىن (Dihydro Capsaicin)، نوردى ھىدروكاپسەئىتسىن (Nordihydro Capsaicin)، كاپسەئىتسىن (Homo Capsaicin)، رەڭلىك پىگمېنت كرىپتوكسانتىن (Cryptoxantihin)، كاپسەنتىسىن (Capsanthin)، كاروتىن (Carotene) ۋە ئاز مىقداردا

ۋىتامىن C، لىمون كىسلاتاسى، ئالما كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ھەزىم قىلىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: لازا ئىشقارى ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازاننى قوزغۇتالەيدۇ. ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئەمما كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازان ياللۇغى، ئۈچەي ياللۇغى، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

2. باكتېرىيىگە قارشى ۋە قۇرت ئۆلتۈرۈش تەسىرى: لازا ئىشقارى مومسىمان سپورىلىق تاياقچە باكتېرىيە ۋە سۇبتىلىس تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى ئۇنۇملۇك ھالدا تورمۇزلايدۇ، لېكىن ئالتۇن رەڭلىك، ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى ۋە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىگە ئۈنۈمى يوق.

3. قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: لازا ئىشقارى ياكى لازا ياسالمىسى ناركوز قىلىنغان مۇشۇك ۋە ئىتنىڭ كۆك قان تومۇرىغا ئوكۇل قىلىنسا، ۋاقتىنچە قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ. يۈرەك سىلىشىنى ئاستىلىتىپ، نەپەس ئېلىشنى قېيىنلاشتۇرىدۇ.

4. باشقا تەسىرى: چەتئەلدە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئىستېمال قىلىنىدىغان قىزىل لازا تەم تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قان شىرىسىدىكى ئەركىن يۇرىدىغان ھىدروكورتىزون روشەن ھالدا ئاشۇرىدۇ. سۇيدۇكنىڭ چىقىرىلىشىنىمۇ ئاشۇرىدۇ. يەنە تالالىق ئاقسىللارنىڭ ئېرىش ئاكتىپچانلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، چىرايىنى قىزارتىش، ئاشقازاننى قوزغۇتەلەش، يەل تارقىتىش، مۇسكۇللارنى قوزغىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەزىم ناچارلىقى، قورساق ئېسىلىش، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈش، بەلغەمدىن بولغان چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى (مۇپاسىل)، بەل ئاغرىقى، بىقىن ۋە يانپاش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىلمۇچنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە قوشۇپ خېمىر قىلىپ، 0.2 گرام چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ تەييارلاپ ئۈنىڭدىن ھەر سائەتتە ئىككى داندىن ئىچىپ بەرسە، يۇقۇملۇق ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قىزىلمۇچنى سۇغا چىلاپ زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋالغان ياكى غالجىر ئىت چىشلىۋالغان جايغا چاپسا زەھەر قايتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، دەسلەپ ئېچىشىش پەيدا قىلىپ ھۆللۈكلەرنى سىرتقا چىقىرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى توختىتىدۇ، زەخمىلەرنىڭ ھۆللۈكلىرى ۋە يىرىڭلىرىنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق ساقىيىشنى تېزلىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇت، قايماق.

[ئورۇنباسارى] پىلپىل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قىزىلمۇچ قىيامى.

## چاكاندا

(麻黄 ma huang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] سوماكلپالا-سوماكلپا

[لاتىنچە نامى] Herba Ephedra Sinicae

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Ephedra Herb

[تونۇش]

بۇ چاكاندا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق كىچىك چاتقال ئۆسۈملۈك چۆپسىمان چاكاندا، قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا ياكى ئوتتۇرا چاكاندىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ چۆپسىمان غولى تېبابىتىمىزدە «ئەمسۇخ»، «چاكاندا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (3.20 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] چۆپسىمان سېرىق غوللۇق چاكاندا تەركىبىدە 1~2% كىچە ئالكالوئىد بار، بۇنىڭ ئىچىدە 40~90% ئېفېدرىن (Ephedrien) بار، يەنە ئۇچۇچان ماي بار.

قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا تەركىبىدە تەخمىنەن %1.5 كىچە ئالكالوئىد بار. بۇنىڭ ئاساسلىقى ئېفېدرىن ۋە پسېۋدو ئېفېدرىن (Pseudo Ephedrinum) دىن ئىبارەت. بۇ، يەنە تاننىن، فلاۋون گلۇكوزىد، دېكستىرىن (desttin)، كراخمال، مېۋە يېغى، تالالىق ماددىلار. گلوكوزا قاتارلىق بىرىكمىلەر ۋە چۆپ كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، ئالماس كىسلاتاسى قاتارلىق ئورگانىك كىسلاتالار بار.

ئوتتۇرا چاكاندا تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئېفېدرىن بار. ئازراق تاننىن فلاۋون گلۇكوزىد، دېكستىرىن، كراخمال، مېۋە يېغى، تالالىق ماددىلار بار.

〔فارماكولوگىيىلىك تەسىرى〕 1. چاكاندا ئىشقارى:

① يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى:

ئېفېدرىننىڭ قان ـ تومۇرلارنى تارايتىش تەسىرى نىسبەتەن ياخشى. قان ـ تومۇرلارنى تارايتىش تەسىرى ئاجىز، شۇڭا بۇرۇن شىللىق پەردىسىنىڭ ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدۇ، تارايتىش تەسىرى بولسىمۇ، ئەمما ئىككىلەمچى قان تومۇرنى كېڭەيتىش تەسىرى يوق. ئۇ تاجسىمان قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ، تاجسىمان قان تومۇردىن ئۆتىدىغان قان مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ، باش مېڭە ئۇستۇنكى ئارقا ياپرىقى ئاجراتمىسى (پروگېستىرون پوسېتىرىيور) بىلەن بىرلىشىپ قان تومۇر بېسىمىنى ئۆرلەتكەن چاغدا، كۆپ مىقداردىكى پىروگىستىرون پوستىرىيود كەلتۈرۈپ چىقارغان تاجسىمان قان تومۇر قىسقىراش ۋە يۈرەك تورمۇزلىنىشىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

② مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئېفېدرىن ئەگەر يۇقىرىراق داۋالاش دوزىسىدا ئىشلىتىلسە، مېڭە پوستلاقى ۋە پوستلاق ئاستىدىكى مەركەزلەرنى دەرھال قوزغىتىدۇ، نەتىجىدە روھىي قوزغىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، بىئاراملىق، تىترەش قاتارلىق ئالامەتلەر سادىر بولىدۇ، ھەمدە نەپەسلىنىش مەركىزىي ۋە قان تومۇرلارنى ھەركەتلەندۈرۈش مەركىزىنى قوزغىتىدۇ.

③ توغرا يوللۇق مۇسكۇللارغا بولغان تەسىرى:

ئېفېدرىننىڭ كاناپچىلار توغرا يوللۇق مۇسكۇللىرىنىڭ سپازمىسىنى بوشىتىش تەسىرى بار.

④ ئېفېدرىن ئىسكىلات مۇسكۇللىرىغا نىسبەتەن چارچاشقا قارشى تۇرۇش تەسىرىنى

بېرىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرلىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىچكى ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈش، ئاغرىق توختىتىش، نەزلە سۇيۇقلۇقىنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچ سۈرۈش، پەتەق (چۇقۇق)، چىقىق، بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرى، زۇكام، ئۆپكە ياللۇغى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، زىققە، ئۆپكە سىلى، جىگەر، يۈرەك ئاجىزلىقى، ھەر خىل جاراھەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چاكاندىدىن 10 گرام ئېلىپ، رەيھان شەربىتى بىلەن ئىچسە، چۇقۇقتا پايدا قىلىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. بەش گرام چاكاندىنى ئېزىپ، ئەنجۈر بىلەن ئىچسە، يۆتەل ۋە نەپەس سىقىشقا پايدا قىلىدۇ.

3. چاكاندىنىڭ قۇرۇقىدىن 15 گرام ئېلىپ، يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچسە، جىگەر ۋە يۈرەك ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

4. 10 گرام چاكاندا بىلەن يەتتە گرام سانانى قاينىتىپ، ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئىچسە، رەڭگىرويىنى چىرايلىق قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ئاز ئىچسە، ئىچنى سۈرىدۇ.

5. قۇرۇتۇلغان چاكاندىدىن يەتتە گرامنى سوقۇپ تالقىنىنى سىرتىدىن سەپسە، قان توختىتىدۇ. جاراھەتكە گۆش ئۈندۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ماغدۇرسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ناۋات.

[ئورۇنباسارى] خام زەنجىۋىل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ خوتەندىن چىقىدۇ.

## قارىمۇچ[1]
(黑胡椒 hei hu jiao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تەڭشەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئۈندىن باشقا بەلغەم بوشىتىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۈرەكنى قوزغىتىش، تېرىنى قىزارتىش، چاچ ئۆستۇرۇش.

## زەنجىۋىل[2]
(干姜 gan jiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلىتىنى تەڭشەش، ئاشقازان، باھ، پەينى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، ئۈندىن باشقا نېرۋىلارنى قوزغىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈت، مەنىي پەيدا قىلىش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىش، قان توختىتىش، چاچ ئۈندۇرۇش.

## پىلپىل[3]
(荜茇 bi ya)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 1 ـ باب 3 § غا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، يەل تارقىتىش، ئۇندىن باشقا جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قەينى توختىتىش، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، مەنىينى كۆپەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## غاپەس[1]

(**龙芽草** long ya cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى تازىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرلىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش، تېرىگە جۇلا بېرىش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چاچ چىقىرىش، قان توختىتىش.

## پويرارىيە يىلتىزى[2]

(**葛根** ge gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى ۋە «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، مۇسكۇللارنى بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

## ئەمەن[①]
(艾叶 ai ye)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتلىرىنى سۈرۈش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيز ماڭدۇرۇش، تەرلىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، چاچ ئۆستۈرۈش.

## قار لەيلىسى[②]
(雪莲花 xue lian hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، تەرلىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، پەي، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇ، تۇخۇمداننى كۈچەيتىش.

## ئاقمۇچ
(白胡椒 bai hu jiao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، تارقىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، تەرلىتىش، بەدەننى قىزىتىش، ئىششىق تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۈرەكنى قوزغىتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

# يىگىرمە بىرىنچى باب  ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار

نېرۋىلارنىڭ زىيادە جىددىيلىك سېزىمىنى پەسەيتىپ، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىنى بېرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر (تۇرلۇك كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن كېلىپ چىققان يەرلىك توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشى، رېماتىزم، ھامىلىدارلىقتىن بولغان بەل ئاغرىش، باش ئاغرىش، چىش ئاغرىش، ھۆللۈكتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى، گال ئاغرىقى قاتارلىقلار) دىن مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى زىيادە جىددىيلىشىپ سېزىمى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاغرىق كۆچىيىپ، ئورگانىزمنىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتى بۇزۇلۇش، ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىششتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئاغرىق پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ھەرخىل بولغاچقا، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە سەۋەبىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق ياكى ھۆل سوغۇق بولىدۇ. بۇ دورىلار نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، جىددىيلىكنى پەسەيتىش، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلاردۇر. مەسىلەن: تۆگىتاپان، دىبىق، ئەزپارەتتىپ، يالپۇز، كۆكنار پوستى، سۆرۈنجان، ئىنەكپېتى ئۈرۈقى، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى، زاراڭزا يېغى، قارا كۆز بەدىيان، مۇشكىدانە، بالدىرغان، پىلە قۇرتى مايىقى، يالپۇز جەۋھىرى.

چاچرانقۇ، قەنتەرىيۇن، سەبرى، مامىرانچىنى، يالغان ئادەمگىياھ، ئۇچار چاشقان يايىقى، كەكرى ئۇرۇقى، خەرنۇپ، چۆل يالپۇزى، ئاق موم، تۇخۇم ئېقى، شاقايىقۇننۇئىمان، مۇدەن يىلتىزى پوستى، پىچانگۈل يىلتىزى، كەپە، كەۋرەك، سۇزاپ ئۇرۇقى، كەرۋىيا، قارا كۆز بەدىيان مايىسى، ياۋا پۇرچاق، يالپۇز، شەۋكىران، ئەپيۇن، ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى، قاندالا، بىدىمىشكى، مىئە سائىلە، زەيتۇن يېغى، فەرپىيۇن، تۆگە يېغى، كەۋرەك.

# تۆگىتاپان
(骆驼绨草 luo tuo ti cao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Zygophyllum oxianum

[ئىنگلىزچە نامى] Zygopyhllum

[تونۇش]

بۇ ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تۆگىتاپاننىڭ يەر ئۈستى چۆپ قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تۆگىتاپان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، هەرخىل زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش ئاغرىقى، هەر خىل زەخىملىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يانتاق شېكىرىدىن ئىككى گرام، ئادراسماندىن بىر گرام، تۆگىتاپاندىن ئىككى گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم هەر قېتىمدا 1～3 گرامغىچە ئىچسە باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. كەتىراچىنى 10 گرام، زەمچە 4 گرام، تۆگىتاپاندىن 2 گرام ئېلىپ، سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ～ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] توشقانقۇلاق.

[چىقىش ئورنى] تۈزلەڭلىكلەردە، تاغ ئېتەكلىرىدە، بىنەملەردە ياكى يول بويىدا ئۆسىدۇ، رايونىمىزنىڭ هەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تۆگىتاپان تالقىنى.

# دىبىق
(桑寄生 seng ji sheng)

[ئەرەبچە نامى] دبق، موبج عسلى
[پارسچە نامى] موىزك عسلى
[ئوردۇچە نامى] موىزك، قوس
[لاتىنچە نامى] Herba Taxilli Chinensis
[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Taxillus Herb
[تونۇش]

بۇ دىبىق ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈك دىبىق بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان غول، شاخ، يوپۇرماقلىرى «دىبىق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (2.21 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئولېئانولىك كىسلاتا (Oleanolic acid)، β ـ ئامىنىن (β—amyrin)، سىبىئولوگىيىلىك ئىشقارلار، ئامىنو كىسلاتا ۋە فوسفادلىق ياغلاردىن تۈزۈلگەن.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ۋىرۇس، باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرۈش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، قاندىكى مايىنى چۈشۈرۈش، راكقا قارشى تۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]

يەل ۋە ھۆللۈكنى يوقىتىش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ھامىلىنى ئاسراش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

رېماتىزم كېسەللىكلىرى، بەل، پۇت سىرقىراپ ئاغرىش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنىڭ يۇمشاپ يېگىلەپ كېتىشى، پۇت ماغدۇرسىزلىنىش، يۇقىرى قان بېسىمى، ھامىلىدارلىقتىن بولغان بەل ئاغرىش، ھامىلە كۆپ تەۋرەش ياكى ئادەتلەنگەن بويىدىن ئاجراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بوزۇغا 10 گرام، جويۇز 10 گرام، قەلەمپۇر 10 گرام، قارىمۇچ 10 گرام،

دىبىقتىن 10 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن زىمات تەييارلاپ قورساق، بەل ساھەسىگە چاپسا، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى بەل ئاغرىشلىرىغا شىپا بولىدۇ.

2. موزا 5 گرام، ئاقىرقەرھا 5 گرام، جويۇز 10 گرام، بەديان 10 گرام، قارىمۇچ 10 گرام، لاچىندانە ھىندى 10 گرام، قاقىلە 10 گرام، دىبىقتىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، بەل - پۇت قوللارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 24~35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى، كەتىرا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ جىجياڭ، جياڭشى، خۇبېي، سىچۈەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

## ئەزپارەتتىپ
(文蛤 wen ge)

[ئەرەبچە نامى] اظفار الطيب

[پارسچە نامى] ناخن خرس، ناخن پريان

[ئوردۇچە نامى] نكھ

[لاتىنچە نامى] Concha Meretricis

[ئىنگلىزچە نامى] Hard Clam Shell

[تونۇش]

بۇ سۇدا بولىدىغان كىچىك جانلىقلارنىڭ قېپى بولۇپ، قاتتىق، تىرناققا ئوخشايدۇ، رەڭگى قىزىل، ئاقغا مايىل، كۆك، قارا، ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، پۇرىقى خۇشبۇي، ئۆزى قاتتىق كېلىدۇ. خەلق ئارىسىدا بۇنى «قۇلۇلە قېپى» دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇ قاپ «ئەزپارەتتىپ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (21.3 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ماددىلارنى يۇمشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش ئاغرىقى، بېھوشلۇق، ھوّللۇكتىن بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى، ئاشقازان كېسەللى، ئاشقازان ۋە بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىشى، بالىياتقۇنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشى، كۆپ تەرلەش ھەم سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەپيۇن 0.01 گرام، بەزرۇلبەنجى 2 گرام، شىنجاڭ بالدىرغىنى 2 گرام، ئەزپارەتتىپدىن 5 گرامدىن ئېلىپ، سۇيۇپ قىلىپ ئىچىشكە بەرسە ياكى گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ باش ساھەسىگە چاپسا، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. ئەزپارەتتىپ 5 گرام، ئەپيۇن 0.01 گرام، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى 0.03 گرام، بەزرۇلبەنجى 5 گرام، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى 5 گرام، كەندىر 3 گرام، سۇيۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئاغرىق پەسەيتىپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1～9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە تولغاق كېسىلى بولغانلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] باش ئاغرىقىغا سىركەنجىۋىل، تولغاققا گىل ئەرمىنى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

[ئورۇنباسارى] قەسبۇززەرىرە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دېڭىزلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇپى ئەزپارەتتىپ.

## يالپۇز

(薄荷 bo he)

[ئەرەبچە نامى] فودنج

[پارسچە نامى] پودينە

[ئوردۇچە نامى] پودينە

[لاتىنچە نامى] herba menthae

[ئىنگلىزچە نامى] Wild Mint Herb

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك

يالپۇز بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۇتۇن چۆپى «پۇدىنە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (21 . 4 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھۆل يوپۇرمىقى تەركىبىدە بىر پىرسەنت، شىخى ۋە غولىدا ئىككى پىرسەنت ئۇچۇچان ماي بار، مايىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى 77~78% مانىنتول (Menhthol) ، مىنتون (Menthone) 8%~12 قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مىنتول باش ئاغرىقى ۋە ئىرۋا ئاغرىقىنى توختىتىدۇ، بۇ ئىرىگە ئىشلىتىلسە، ئاۋۋال سوغۇق سىزىم بېرىدۇ، كېيىن كۆيگەندەك سىزىم بېرىدۇ، ئىسپىرتلىق ئېرىتمىسى چىرىشكە قارشى تۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۇيدۇك ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۇقۇملۇق ئىچى سۈرۈش، ئىسھال قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىشتىن باشقا، يەنە يۈزدىكى سەپكۈنلەرنى يوقىتىش، مۇشۇك، چايان قاتارلىق ھاشاراتلار چاققان يەرلەرنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەلتاشما، بۇرۇن، قۇلاق ۋە باشقا ئەزالارغا پەيدا بولغان قۇرتنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يالپۇزنى داۋاملىق يەپ بەرسە، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يۇقۇملۇق ئىچى سۈرۈش تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2. 10 گرام يالپۇزنى سىركە بىلەن ئېزىپ يۈزگە چاپسا، يۈزدىكى داغنى ئالىدۇ.

3. يەتتە گرام يالپۇزنى سىركە بىلەن ئېزىپ سۈركىسە، مۇشۇك، چىشلىگەن، چايان قاتارلىق ھاشاراتلار چاققان يەرلەرنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

4. 10 گرام يالپۇزنىڭ يوپۇرمىقىنى سىقىپ سۈيىنى تېمىتسا، بۇرۇن، قۇلاق ۋە باشقا ئەزاغا چۈشكەن قۇرتنى يوقىتىدۇ ھەم قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقىنى يوق قىلىدۇ.

5. يەتتە گرام يالپۇز يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئەرقى گۈلاب بىلەن قوشۇپ ئىچسە يەلتاشمىغا پايدا قىلىدۇ ياكى قايناتىپ سۈيىنى ئىچسە، ، نەپەس قىيىنلىشىش، غەيرىي

تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىلارغا پايدا قىلىدۇ.

6. 10 گرام يالپۇز ئۇسارىسىنى ياكى ئۆزىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ ھەم سىرىقئەتنىڭ يىرتىلىشىغىمۇ پايدا قىلىدۇ.

7. بەش گرام يالپۇز سۈيىنى ئانار شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچسە كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشقا پايدا قىلىدۇ.

8. يالپۇز يوپۇرمىقىنى داكىغا ئوراپ پەرجىگە ھومۇل قىلسا، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

9. 10 گرام يالپۇزنى شاراب بىلەن پىشۇرۇپ چاپسا، قارا داغنى ئالىدۇ، توققۇزكۆز ئاغرىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

10. يالپۇزنى ئېزىپ خېمىر قىلىپ زەھەرلىك ھاشارات چاققان يەرگە چاپسا، زەھەرنى تارتىپ ئالىدۇ.

11. يالپۇزنى يۇمشاق ئېزىپ قۇرتلاپ كەتكەن ئورۇنغا قويسا، قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

12. يالپۇزدىن ئەرەق تارتىپ ئىچىپ بەرسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مېۋە سۇلىرى، سىركەنجىۋىل، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] قەردمانە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆپ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش پۈدىنە، ئەرقى پۈدىنە.

## كۆكنار پوستى

(罂粟壳 ying su ke)

[ئەرەبچە نامى] قشرالخشخاش

[پارسچە نامى] پوست خشخاش

[ئوردۇچە نامى] پوست خشخاش

[لاتىنچە نامى] pericarpium papaveris

[ئىنگلىزچە نامى] Opium poppy Peel

[تونۇش]

بۇ ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق كۆكنارنىڭ پىشقان غوزا مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان پوستى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پوستى «پوستى خەشخاش»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى خەشخاش» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋە پوستى قاتتىق ھەم چۈرۈك، ياغاچلىق كېلىدۇ، رەڭگى ئاق سېرىق، ئۆزى چىڭ، پوستى قېلىن بولغانلىرى ياخشىدۇر (21 . 5 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] خەشخاش پوستىنىڭ تەركىبىدە مورفىن (Morphine)، كودېئىن (Codeine)، تېبائىن (Thebaine)، ناركوتىن (Narcotine)، خەشخاش پوستى ئىشقارى (Narcotoline)، كۆكنار ئىشقارى (Papauerine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئاغرىق توختىتىش تەسىرى.

2. ئۆخلىتىش تەسىرى.

3. نەپەسلىنىشنى تورمۇزلاش، يۆتەل توختىتىش تەسىرى.

4. يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى.

5. ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە باشقا سىلىق مۇسكۇللۇق ئەزالارغا بولغان تەسىرى.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، ئۇيقۇسىزلىق، يۆتەل، زۇكام، نەزلە، قان تۈكۈرۈش، ئۈچەي قاناش، باش ئاغرىقى، گال ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گاۋزىبان 10 گرام، كۆكنار پوستى يەتتە گرام، بادام مېغىزى 10 گرام، ناۋات 15 گرام، قائىدە بويىچە سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەترا 10 گرام، ئەرەب يېلىمى يەتتە گرام، زۇپا، پىرسىياۋشان سەككىز گرامدىن، كۆكنار پوستى يەتتە گرام، شېكەر 60 گرام، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ

ئىچسە، قان توكۇرۇش، يۆتەل قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۆكنار پوستى 10 گرام، سۆئلەپ يەتتە گرام، توخۇم سېرىقى بەش دانە، قائىدە بويىچە سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ھەسەل، مەستىكى، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] ياۋا ئۇسۇك.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى خەشخاش، لوئوقى سەرپىستان، لوئوقى خەشخاش.

## سۆرۈنجان

(秋水仙 qiu shui xian)

[ئەرەبچە نامى] سورنجان ملو

[پارسچە نامى] سورنجان شرين

[ئوردۇچە نامى] سورنجان ميٹھي

[لاتىنچە نامى] Colchicum Alutumnale

[ئىنگلىزچە نامى] Colchicum

[تونۇش]

بۇ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سۆرۈنجان بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىسىمان يىلتىزى «سۆرۈنجان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سۆرۈنجان تۇخۇمسىمان تېمىنە شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يۈزى كۈل رەڭگە مايىل سارغۇچ ئاق رەڭلىك ياكى سۇس قوڭۇرغا مايىل سېرىق رەڭلىك بەزىسىدە ئۇششاق زىچ، ئۇزۇن سىزىقچىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئازراق قاتتىق ئاسان سۇنىدۇ، سۇندۇرۇلغان يۈزى ئاق ياكى سۇس كۈل رەڭگە مايىل سېرىق رەڭلىك، تالقانسىمان بولىدۇ. شەكلى سامساق چىشىغا ئوخشايدۇ.

تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سەل خۇش پۇراق (6.21 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزى، ئۇرۇقى ۋە پۈتۈن چۆپى تەركىبىدە سۆرۈنجان ئىشقا-رى كولخىتسىن (Colchicine)، كولخامىن (Colchamine)، كولخىتسىلىن (Colchicelene)، كولختىسنامىد (Colchicinamide)، كولخىكوزىد (Colchicoside) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] سۆرۈنجان ئىشقارى (كولخىتسىن) ھۇجەيرە زەھەرلىگۈ-چى تەسىرگە ئىگە، ھۇجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ، يەرلىك بوغۇم ئۆتكۈر خاراك-تېرلىك قوزغىلىشىغا نىسبەتەن ئالاھىدە تەسىرى بار. 24～12 سائەت ئىچىدە ياللۇغنى يەڭگىللىتىدۇ ھەمدە تېزلا ئاغرىق توختىتىدۇ.

مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلايدۇ. بولۇپمۇ يۇرەك مۇسكۇلىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۆتەل پەسەيتىش رولىمۇ بار. زامانىۋى تەتقىقاتچىلار سۆرۈنجاننىڭ راكقا قارشى ئۈنۈمى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى، ھازىر غەرب تېبابىتىدە سۆرۈنجاننىڭ ياسالمىسى بىلەن بىر قىسىم سەرتان كېسەللىكلىرى داۋالانماقتا، يەنە مەزكۇر دورىنىڭ ئۆتكۈر نىقرەس (ئۇششاق بوغۇملار ياللۇغى) غا قارىتا كۆرۈنەرلىك شىپالىق ئۈنۈمى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق توختىتىش، ئىششىق تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈش، سېرىق-لىقنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بوغۇم ئاغرىقلىرى، پۇت ـ قول ئاغرىقى، ئىششىقى؛ سېرىقلىق چۇشۇش، تال ئاغرى-قى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقى، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆرۈنجان، شەترەنجى، بابۇنە، سانا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سۆرۈنجان بىلەن سانادىن 10 گرامدىن، يۇمشاق سوقۇپ بىر دانە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، پۇت ـ قول ئاغرىقى ھەم پۇت ـ قول

ئىششىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 120 ~ 360 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ھەزىمنى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، پىننە، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] شەترەنجى، مۇقەل.

[چىقىش ئورنى] ياۋروپا، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى، قارا دېڭىز بويلىرى ھەم ئافرىقا ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى سۆرۈنجان، مەجۇنى سۆرۈنجان، مەتبۇخى سۆرۈنجان.

[قوشۇمچە] بەزى تېببىي كىتابلاردا «سۆرۈنجان شېرىن» ۋە «سۆرۈنجان تەلخ» دەپ ئىككى خىل سۆرۈنجان بايان قىلىنغان، پاكىستانلىق ھېكىم سەييىد ئېلى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئوردۇچە «يۇنانى ئەدۋىيە مۇفرىدە» كىتابىدىكى تونۇشتۇرۇشلاردا ئىلگىرى ئىتالىيىنىڭ كالچەك دېگەن يېرىدىن چىقىدىغان «Colchicum autumnale» دېگەن ئۆسۈملۈك سۆرۈنجان نامىدا ئىشلىتىلگەن. 19 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا دورا ئۆسۈملۈكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش جەريانىدا كەشمىر رايونلىرىدىن «Cholchium Luteum» ، «سېرىق سۆرۈنجان» ناملىق بىر خىل ئۆسۈملۈك تېپىلغان، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭ ئۆسۈملۈكى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسىرى جەھەتتە يۇقىرىقى سۆرۈنجان بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقى ئېنىقلانغان. شۇڭا يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۆسۈملۈك 20 ـ ئەسىرگىچە سۆرۈنجان نامى بىلەن ئاتالغان ۋە ئىشلىتىلگەن. لېكىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەرەب مەملىكەتلىرىدىن «merendra persica» دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى سۆرۈنجان شىرنىسى نامى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان، بۇ خىل سۆرۈنجان شىرنىسىنىڭ يۇقىرىقى سۆرۈنجان بىلەن ئۆسۈملۈك جەھەتتە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇنىڭ شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ، بۇ ھەقتە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆرۈنجان شېرىن دېگەن نامنىڭ قانداق قويۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، بۇ ھەقتە ماتېرىيال ئاساسىمىز بولمىغاچقا، سۆرۈنجان شېرىن ھەققىدە تونۇشتۇرۇش قىلمىدۇق، سۆرۈنجان دېيىلسە يۇقىرىقى لاتىنچە نام بىلەن يېزىلغان سۆرۈنجان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ سۆرۈنجان تەلخ دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

# ئىنەكپىتى ئۇرۇقى
(蓖麻子 bi ma zi)

[ئەرەبچە نامى] حب الخروع
[پارسچە نامى] تخم بیدانجیر
[ئوردۇچە نامى] ارنڈے
[لاتىنچە نامى] Semen Ricini
[ئىنگلىزچە نامى] Castorbean
[تونۇش]

بۇ سۇتلۇكئوتلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئىنەكپىتى ئۇرۇقى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا بۇ «ئىنەكپىتى»، «ئىلمەك پۇشتى» ياكى «ئىنەكپوشتى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى «بەرگى بىدەنجىر»، ئۇرۇقى «تۇخۇمى بەدەنجىر»، يىغى «رەۋغەنى بەدەنجىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى ياپىلاق شەكىللىك بولىدۇ، ئۇرۇق پوستىدا سىلىق پارقىراق، قىزىلغا مايىل قوڭۇر رەڭدىكى ئالىتاغىل سىزىقچىلار بار. ئۆزى قاتتىق ھەم چۇرۇك، پۇرىقى ئاز، رەڭگى قىزىلغا مايىل بېغىررەڭلىك، پارقىراق بولغانلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (7.21 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئىنەكپىتى مېيىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەخمىنەن 30—50% گىچە ماي چىقىدۇ، كۇنجۇرىسىدە رىتسىن ناملىك ئىنەكپىتى ئىشقارى، رىتسىن ناملىق ئىنەكپىتى زەھەرلىك ئاقسىلى (Ricine) ياكى ياغ فېرمېنتى، لىفازا قاتارلىقلار بار. يوپۇرمىقىدا كېمپفېرول (kaemp ferol)، كېمپفېرول 3 ـ روتىنوزىد —3—Kaemferol) (rutinoside، رۇتىن (Rutin)، ئاستراگالىن (Astragalin)، زەھەرلىك ئالكولوئىدتېسىن 275 مىللىگرام، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار. يوپۇرماق يېغىنىڭ ماي كىسلاتاسى تەركىبىدە 7—25% گىچە ئاتسىدوم لىنولېنوكوم (Lino lenic acid)، 44% ياغ كىسلاتاسى ئاتسىدوم ئولىكوم (oleic acid) ۋە باشقا تويۇنغان ماي كىسلاتالىرى ھەم 12.25% زىغىر كىسلاتالىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقىنىڭ تېڭلىمىسى تېرە كالا ئازار كېسەللىك يارىلىرىغا، قاپاق ياللۇغىغا ئىشلىتىلىدۇ، كۆزگە كىرىپ قالغان غىدىقلىغۇچى ماددىلارنى چىقىرىشقا ئېرىتكۈچى قىلىنىدۇ، يەنە جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ بويىنىنىڭ كېسەللىكلىرىگە

ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، پەي، مۇسكۇللارنى يۇمشىتىش، ئىچىنى سۈرۈش، ماددىلارنى تارقىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەردە سۈرگۈ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا لەقۋا (يۈز پالەچى)، پالەچ، يۆتەل، زىققە، قەۋزىيەت، ئۈچەي مەنبەلىك قورساق ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، ئىستىسقا، سەكتە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، مېغىزى قەۋزىيەت، ھەيز تۇتۇلۇش، بالا ھەمراھى چۈشمەسلىك، سۆگەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىنەكپىتى يوپۇرمىقىنى ياغ بىلەن ياغلاپ ياكى، ئۇنى دۇملەپ پىشۇرۇپ بەدەن كۆيمىگۈدەك قىزىق ھالدا تېڭىلسا، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئۇبھەل، خىيار شەنبەر، سانا ھەر بىرى 10 گرام، ئىنەكپىتى ئۇرۇقى 2.0 گرام، زاراۋەندى يېغى 10 مىللىلىتىر، قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ھەيز ماڭدۇرۇپ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

3. سۆرۈنجان، قۇستە، ئاقىرقەرھا 10 گرامدىن، ئىنەكپىتى ئۇرۇقىنى 2 گرامدىن ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بوغۇم ئاغرىقى، مۇپاسىل پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 125 مىللىگرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئازراق زەھەرلىك بولۇپ، ئىشتىھانى، ئاشقازاننى سۇسلاشتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، مەستىكى، پىننە.

[ئورۇنباسارى] دەند (ھەببۇلمۇلۇك).

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ئافرىقا ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[ئىزاھات] تېبابىتىمىزدە سۈرگۈ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەرەبچە ھەببۇلمىلىك يەنى

«دەند» ياكى «ھەببى سالاتىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دورا بار، قەدىمكى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ ئىككى ئۇرۇقنىڭ نامىنى خاتا ھالدا بۇ ئۇرۇقنى «ئابدىمىلىك ئۇرۇقى» بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويغان، شۇڭا، بۇ ئۇرۇقنى «ئابدىمىلىك ئۇرۇقى» دەپ ئاتاش توغرا ئەمەس.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەنقەرويائى سەغىر، ئەنقەرويائى كەبىر.

## ئىتياخىقى ئۇرۇقى

(曼陀罗子 man tuo luo zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالجوزماثل

[پارسچە نامى] تخم تاتوره، تخم گوزی ماثل

[ئوردۇچە نامى] دھتورەکی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Daturae

[ئىنگلىزچە نامى] Jimsonweed Seed

[تونۇش]

بۇ پىدىگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاق گۈللۈك ئىتياخىقى ياكى تۆكلۈك ئىتياخىقىنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، مېۋىسى شار شەكىللىك، ئۇرۇقى بۆرەك شەكىللىك ياپىلاق، قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ. تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (21.8 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاق گۈللۈك ئىتياخىقى مېۋىسىنىڭ ھەرقايسى قىسمىنىڭ تەركىبىدە ئالكالوئىد بار، ئۇرۇقى تەركىبىدە ئاز مىقداردا ئومۇمىي ئالكالوئىد بار، بۇ ئاساسلىقى، ھىئوسىيامىن (Hyoseymine)، ھىئوسىن (Hyoscine) ۋە ئاز مىقداردا ئاتروپىنلاردىن ئىبارەت.

تۆكلۈك ئىتياخىقى ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە يېرىم پىرسەنت ئومۇمىي ئالكالوئىد بار، بۇ ئاساسلىقى ھىئوسىيامىن ۋە ھىئوسىنلاردىن ئىبارەت.

پىشقان مېۋىسىنىڭ پوستىدا 100 گرام ئالما كىسلاتاسى بار. ياۋروپا ئىتياخىقى مېۋىسىنىڭ ۋە ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە يېرىم پىرسەنت ئومۇمىي ئالكولوئىد بار. مېۋە پوستىدا ئازراق ئاتروپىن بار. ئۇرۇقىنىڭ ئالكولوئىدى ئىچىدە ئاتروپىن ھىئوسىن، ھىئوسىيامىن ۋە تىروپىن قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 25% ياغلىق ماي بار، سۆسۈن رەڭلىك ئىتياخىقى ئۇرۇقى تەركىبىدە ئازراق ئومۇمىي ئالكولوئىد بار، بۇ ئاساسلىـ

قى، ئاتروپىن يەنە ھىئوسىن قاتارلىقلاردۇر. لېكىن يەنە باشقا، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ خىل ئالكولوئىدلار ئاساسلىقى مېۋە ئىچىدە بولۇپ، تۆرەلمىسى، تۆرەلمە سۇتى، ئۇرۇقى پوستى ۋە مېۋە پوستى ئىچىدە ئالكولوئىد مەۋجۇت بولمايدىكەن، ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 24% ياغلىق ماي بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇنىڭ تەركىبىدىكى مېڭىدىۋانە ئىشقارى ھىئوسىيامىن تەسىر پەيدا قىلغۇچى ئاساسىي تەركىب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا نىسبەتەن چوڭ مېڭىنى تورمۇزلايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا مەلۇم دەرىجىدە ئاغرىق پەسەيتىدۇ، دورىلارنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، مەست قىلىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، مەست قىلىش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، تۇتۇش (قابىزلىق)، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۇخلىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نەزلە، زۇكام، باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق، مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىش، بوۋاسىر، ئاقما، جاراھەت، غەلۋىرەك، چىش مىلىكلىرى ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەپيۇن 0.01 گرام، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى 0.03 گرام، بەزرۇلبەنجى 5 گرام، ئوسۇڭ ئۇرۇقى 5 گرام، كەندىردىن 3 گرام ئېلىپ، سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاغرىق پەسەيتىپ نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

2. ئاقا قىيا، ئەنجىبار، خۇنسىياۋشان، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى ھەر بىرىدىن 0.01 گرامدىن ئېلىپ سۇيۇپ قىلىپ جاراھەتلەرگە سېپىپ بەرسە، قان توختىتىپ، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

3. 5 گرام ئىتياڭىقى ئۇرۇقىنى يېرىم لىتىر سۇدا $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ 50 گرام، ۋاسالغۇنى يەنە شۇ سۇدا قاينىتىپ سۇيىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ھەر كۈنى يېرىم گرامدىن ئىستېمال قىلسا، يۆتەل، دېمى سىقىلىش ۋە باشقا ئاغرىقلاردا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كىچىك بالىلارغا بېرىلمەيدۇ، چوڭلارغا 0.1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن كۆپ يېۋەتسە جۆيلۈيدۇ، ساراڭلىق پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، شۇڭا بۇنى زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، بەدىيان، سۈت.

[زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى] مۇۋاپىق مىقداردىكى ۋاڭ ئۇرۇقىنى بىر كېچە - كۈندۈز تۈزغا چىلاپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تۈزنى تۆكۈۋېتىپ، نەم ھالدا قازانغا سېلىپ سۈس ئوتتا ئوبدان قورۇپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ.

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ئافرىقا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شىپا.

## زاراڭزا يېغى

(红花子油 hong hua zi you)

[ئەرەبچە نامى] دهن القرطم

[پارسچە نامى] روكانه

[ئوردۇچە نامى] كسنبہ بيج كى تيل

[لاتىنچە نامى] Oleum Garthami

[ئىنگلىزچە نامى] Oil of Safflower seed

[تونۇش]

مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك زاراڭزىنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسىدىن چىقىرىلغان ياغ بولۇپ، جۇۋازدا تارتىش ياكى باشقا زامانىۋى سايماندا ئېلىنىدۇ، رەڭگى سېرىق، خۇش پۇراق، غەيرىي تەم يوق (21 .9 - رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە جويۇز كىسلاتاسى، ئاتسىدوم، سېتىركوم (Setaric acid) ، مىرستىكوم (Mirsitic acid) ، قاتتىق ماي كىسلاتاسى، ئاتسىدوم پالمىتكوم (Cpaimitic acid) قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى (مۇپاسىل) ، سۈيدۈك كەلمەسلىك ۋە ھەيز توسۇلۇش، قىچىشقاقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇبھەل، سېرىقچېچەك، خىيارشەنبەر 10 گرامدىن، زاراڭزا يېغى 7 مىللىلىتىر، مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

2. گۈڭگۈرت سېرىقى 3 گرام، چۆپچىن، شاھتەررە 10 گرامدىن، زاراڭزا يېغى 10 مىللىلىتىر، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، قىچىشقاقنى شىپا قىلىدۇ.

3. ئوغرىتىكەن، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاكىنەچىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، زاراڭزا يېغىدىن 7 مىللىلىتىرنى قوشۇپ قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قاپاق يېغى.

[ئورۇنباسارى] زەيتۇن يېغى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] رەۋغەنلەر.

## قارا كۆز بەدىيان
(莳萝子 shi luo zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالشبت

[پارسچە نامى] تخم شبت

[ئوردۇچە نامى] سونف کی بیج

[لاتىنچە نامى] Fructus Anethi

[ئىنگلىزچە نامى] Dill

[تونۇش]

بۇ كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك سېرىقچېچەك بولۇپ، ئۇرۇقى ياپىلاق، سىرتى قوڭۇر رەڭدە، دۈمبىسىدە 3 تال ئانچە روشەن بولمىغان سىزىقچىلىرى بار، ئازراق خۇش پۇراق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «تۇخۇمى شىبىت»، «سېرىقچېچەك» ياكى «قارا كۆز بەدىيان»، يوپۇرمىقى «شىبىت» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (21 . 10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا كارۋون (Carvone)، لىمونىن (Limonene)، دىللا-پىئولى (Dellapiole)، بېرگاپتېن (Bergapten)، ئۇمبېلىپېرىپنىن (Umbelliprenin) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] كارۋون بەدەن سىرتىدا ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىلەرنى تورمۇزلايدۇ ھەم مەلۇم دەرىجىدە باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇستۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بوغۇم ئاغرىقى ۋە بوغۇم ئىششىقى، قورساق ئېسىلىش، قورساق ئاغرىقى، ھەزىم ناچارلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، بۆرەك ئاغرىقى، بالىياتقۇ ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قارا كۆز بەدىيان ئۇرۇقىنى زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قوشۇپ ياغلىسا، بوغۇم ئاغرىقى ۋە ئىششىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

2. قارا كۆز بەدىيانىنى قاينىتىپ ھورى بىلەن يەرلىك ئورۇنغا ھوردىتىپ بەرسە، بۆرۈن ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

3. قارا كۆز بەدىيانىنى قاينىتىپ، سۈيىگە لۆڭگىنى چىلاپ يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە، قورساق ئېسىلىش، قورساق ئاغرىقى، ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى)، ھەزىم ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

4. قارا كۆز بەدىيانىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىلمان قىلىپ بىمارنى ئولتۇرغۇزۇپ ۋاننا

قىلدۇرسا، بالىياتقۇ ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

5. 10 گرام قارا كۆز بەدىيان ئۇرۇقىنى يېرىم لىتىر سۇغا چىلاپ سۇيىدىن بىر قېتىمدا تۆت قوشۇق ئىچسە، قورساق ئېسىلىشنى يوقىتىدۇ.

6. قارا كۆز بادىيان، ئاغىچە، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجۇۋىل، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] قارا كۆز بەدىياننىڭ ھۆل ۋە قۇرۇق مايىسى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئەنخۇي، جياڭسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش زەرئۇنى.

## مۇشكىدانە

(黄葵子 haung kui zi)

[ئەرەبچە نامى] حب المسك

[پارسچە نامى] مشكدانه

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Abelmoschi Moschati

[ئىنگلىزچە نامى] Muskmallow Root

[تونۇش]

بۇ تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۈسۈملۈك ئابېلمۇسكۇس (Hibiscus abelmochus) چۆپىنىڭ پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «مۇشكىدانە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى غوزىلىق، ھەممە تەرىپى تىكەنلىك، تۇخۇمسىمان، يۇمىلاق شەكىللىك، ئىچىدە بىر قانچە تال بۆرەك شەكىللىك ئۇششاق قارا رەڭلىك خۇش پۇراق ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇرۇقىنى قول بىلەن ئۇۋۇلىسا ئىپاردەك پۇراق كېلىدۇ (11.21 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە α ـ سېفالىن (α—Cephalin) ۋە فوسفا-

تىدىلسېرىن (Phosphatidyseri) ، پىلازمالوگېن (Plasmalogen) ۋە فوسفاتىدىلخولىن پىلازمالوگېن (Phosphatidyl cholene Plasmalogen) ھەمدە ئىپارغا ئوخشاش پۇراقلىق، ئەمبىرېتولىد (Ambrettolid) ، يىلان زەھىرىنى قايتۇرغۇچى تەركىب بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقى باش ئاغرىقنى توختىتىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە بىر خىل سۈرۈش ئىقتىدارى بار، ئىلان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق توختىتىش، يۆتەل توختىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، سۈمۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق ئېسىلىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، ھىستېرىيە، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىننە، قارىمۇچ، پىلپىل، زىرە، قاقىلە، مۇشكىدانە، بەدىيان قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق ياكى تالقان قىلىپ ئىچىپ بەرسە، يەل تارقىتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

2. ئىتياڭىقى ئۇرۇقى 0.001 گرام، كەندىر 0.1 گرام، بەزرۇلبەنجى 1 گرام، ئەپيۇن 0.001 گرام، مۇشكىدانە 1 گرام. بۇ دورىلاردىن سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ئاغرىق توختىتىدۇ.

3. ئىپار 1.5 گرام، ئەنبەر 2 گرام، مۇشكىدانە 2 گرام، قىزىلگۈل 10 گرام، قەلەمپۇر 10 گرام، پىلىدىن 10 گرام ئېلىپ، ناۋات ياكى شېكەردە قىيام قىلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە، يۈرەككە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ. ھىستېرىيىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] سېرىقچېچەك ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، خۇنەن، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم بىنگال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى مۇشكىدانە.

# بالدىرغان

(藁本 gao ben)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Ligustici

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Ligusticum Rhizome

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىنجاڭ بالدىرغىنىڭ تازىلاپ، قۇرۇتۇپ، نىپىز توغرالغان يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «بالدىرغان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. سۇندۇرۇلغان يۈزى سۈس سېرىق رەڭلىك ياكى ئاقۇش سېرىق رەڭلىك، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، پۇرىقى خۇش پۇراق بولىدۇ (12.21 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەركىبىدە 65% ئۇچۇچان ماي، ماينىڭ ئاساسلىق تەركىبىدە بوتىل فىتالدى (3—butylphthalide) قاتارلىق ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بالدىرغاننىڭ ئۇچۇچان مېيى مەركىزىي نېرۋا سېستىمىسىنى تىنچلاندۇرىدۇ. ئاغرىق توختىتىدۇ. يەڭگىل دەرىجىدە قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ. 15 — 30% بالدىرغان قايناتمىسى دائىم ئۇچرايدىغان كۆپ خىل تېرە كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدىغان زەمبۇرۇغلارغا نىسبەتەن تورمۇزلاش رولىنى ئوينايدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىپ، تىنچلاندۇرۇش، سوغۇق يەل ۋە بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سوغۇقتىن بولغان زۇكام، باش ئاغرىقى، يېرىم باش ئاغرىقى، سوغۇق يەلدىن بولغان

ئاشقازان ئاغرىقى، ئىچى سۈرۈش، دانخورەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەپيۇن 0.01 گرام، بەزرۇلبەنجى 2 گرام، بالدىرغاندىن 2 گرام ئېلىپ تالقان ياكى سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

2. زۇپا 10 گرام، سەرپىستان 7 گرام، چىلان 15 دانە، ئۇستقۇددۇس 10 گرام، بالدىرغان 7 گرام، پىرسىياۋشاندىن 10 گرامدىن ئېلىپ كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تاباشىر 10 گرام، كەھرىۋا 10 گرام، بالدىرغاندىن 10 گرامدىن ئېلىپ، 10 گرام قېتىق سۈزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سېزىمنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل.

[ئورۇنباسارى] سەندەل يىغى.

[چ ش ئورنى] تەڭرى تاغ ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] بالدىرغان تالقىنى.

## پىلە قۇرتى مايىقى

(蚕沙 Can sha)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Feculae Bombycis

[ئىنگلىزچە نامى] Silkworm Faeces

[تونۇش]

بۇ، پىلە پەرۋانە ئائىلىسىدىكى ھاشارات پىلە پەرۋانىسىنىڭ پىلە قىلىش مەقسىتىدە بېقىلىپ، يېتىلىش ئالدىدا تېزەكلىگەن قۇرتىنىڭ مايىقىدىن ئىبارەت (21.13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆپ مىقداردا ۋىتامىن A ، B ، C بار. ئاقسىل يوپۇرماق يېشىل ماددىسى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] راك ھۈجەيرىسىنى تىزگىنلەش، قان ئۇيۇشنى تىزگىنلەش.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاق قان دانىچىسى يۇقىرىلاپ كېتىش، ئاشقازان، جىگەر، تال ئاجىزلىقلىرى؛ قان سوۋۇپ كېتىش، رېماتىزم، بەدەندە ھۆللۈك كۆپىيىپ كېتىش، ئادەت كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پىلە قۇرتى مايىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھورداق تەييارلاپ، ھوردانسا، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ھۆللۈكتىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىلە قۇرتى مايىقى، قىزىل ئۈزۈم، ئالقاتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن دەملەپ ئۈزۈن مەزگىل ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەپ، قاننى جانلاندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3～6 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلىدار ئاياللارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئۈچكە سۈتى، تەمرى ھىندى.

[ئورۇنباسارى] پىلە قۇرتى.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] پىلە قۇرتى مايىقى دەملىمىسى.

# يالپۇز جەۋھىرى
(薄荷脑 bo he nao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Veronicae Undu Latae

[ئىنگلىزچە نامى] Undulates Peed well Herb

[تونۇش]

بۇ چۈقا ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يالپۇزى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپىدىن خىمىيىلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىنغان جەۋھىرى قىسمى «يالپۇز جەۋھىرى» ياكى «مىنتول» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (21.14 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، قان توختىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

گال ئىششىقى، قان قۇسۇش، قان تۈكۈرۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بۆرەك ئاجىزلىقىدىن بولغان بەل ئاغرىش، ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىملىنىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، رېماتىزم، ئاشقازان ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يالپۇز جەۋھىرى 0.2 گرام شاتۇت، بىنەپشە 10 گرامدىن؛ قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئاخىرىدا يالپۇز جەۋھىرىنى قوشۇپ ئىچسە، گال ئاغرىقى ۋە ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. يالپۇز جەۋھىرى 0.2 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەن قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ، ئاخىرىدا يالپۇز جەۋھىرىنى قوشۇپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

3. يالپۇز جەۋھىرى 0.2 گرام، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، تاباشىر قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىنى بەش گرامدىن ئېلىپ سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئىچكى ئەزالاردىكى ھەر خىل قاناشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1~0.2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ئەنجۈر مونىكى، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] بۇنىڭ ئۆسۈملۈكى يالپۇز دەريا، ئۆستەڭ، ئېرىق بويلىرى ۋە سازلىقلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جەۋھىرى شىپا.

## چاچراتقۇ[①]

(独活 du huo)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تازىلاش، يەل تارقىتىش، تەرلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## قەنتەرىيۇن[②]

(声色草 sheng se cao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى سۈرۈش ۋە تازىلاش، يەل تارقىتىش، چوڭ بوغۇملاردىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 4 - باب 2§ غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 4 - باب 2§ غا قاراڭ

## سەبرى①
(芦荟 lu hui)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، يەل ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ماددىلار-نى يۇمشىتىش، ئىچنى سۈرۈش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭە ۋە ئاشقا-زاننى تازىلاش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ھەيز ماڭدۇرۇش، سۈيدۈك كەلتۈرۈش، ئىششىق قايتۇ-رۇش، جاراھەتلەرنى تازىلاش، چاچ ئۆستۈرۈش.

## مامىرانچىنى②
(黄连 huang lian)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، يەل تارقىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، قان تازىلاش، جاراسىم ئۆلتۈرۈش، تېرىگە جۇلا بېرىش.

## يالغان ئادەمگىياھ③
(三七 san qi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان توختىتىش، ئاغرىقنى پەسەيتىپ، ئىششىقنى تارقىتىش.

---

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 8 ـ بابقا قاراڭ

## ئۇچارچاشقان مايىقى[1]
(五灵脂 wu ling zhi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى] قاننى سويۇلدۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى جانلاندۇرۇپ، ئۇيۇپ قالغان قاننى ماڭغۇزۇش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش.

## كەكرى ئۇرۇقى[2]
(苦蒿子 ku hao zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تەرەتنى يۇمشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش.

## خەرنۇب[3]
(长角豆 chang jiao dou)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، بەدەننى سەمىرىتىش، قان توختىتىش، ئىششىق تارقىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچى سۈرۈشنى ۋە يۆتەلنى توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 7 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

## چۆل يالپۇزى[1]
(丹参 dan shen)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئويۇپ قالغان قاننى تارقىتىپ، ئاغرىق توختىتىش، كۆڭۈلنى تىنچلاندۇرۇش، جىگەر ۋە تالنى كۈچلەندۈرۈش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش.

## توخۇم ئېقى[2]
(鸡子白 ji zi bai)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلسوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكىگە نەملىك يەتكۈزۈش، كېكىردەك خىرقىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچ ئۆستۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## شاقايىقۇنىئۇئمان[3]
(白头翁 bai tou weng)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش،

---
① تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 11 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

بۇنىڭدىن ئېلىنغان ئەپيۇن، ئەزالارنى تۈيغۇسىز قىلىشتا ۋە مەست قىلىشتا كۆكنارنىڭ ئەپيۇندىن كۈچلۈك، شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستى كۆكنارنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستىدىن كۈچلۈك كېلىدۇ.

## مودەنگۈل يىلتىز پوستى

(牡丹皮 mu dan pi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھارارەت پەسەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، يۇمشىتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، سۇيدۇك ھەيدەش، راۋانلاشتۇرۇش.

## پىچانگۈل يىلتىزى

(射干 she gan)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، ئۆپكە قالغان ماددىلارنى تارقىتىش.

## كەپە[2]

(刺山柑果 ci shan gan guo)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

---

① 33 ـ تەپسىلاتى بابقا قاراڭ

② 16 ـ تەپسىلاتى بابقا قاراڭ

## كەۋرەك[1]
(防风 fang feng)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، يالللۇغ قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، هۆللۇكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## سۇزاپ ئۇرۇقى[2]
(芸香子 yun xiang zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، پەي، نېرۋىلارنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش.

## كەرۋىيا[3]
(藏茴香 zang hui xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۇچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش، تېرىنى قىزارتىش، نەپەسنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھانى ئېچىش.

① تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ

## قارا كۆز بەدىيان[①]
(莳萝子 shi luo zi)

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇستۇرۇش.

## ياۋا پۇرچاق[②]
(望江南 wang jiang nan)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرلىتىش، ئىچنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، قان تازىلاش.

## يالپۇز[③]
(薄荷 bo he)

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## شەۋكىران[④]
(葫蔓藤 hu man teng)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

① تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 20 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
④ تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
ياللۇغ قايتۇرۇش، سىزىمسىزلاندۇرۇش، يەرلىك ئورۇننى مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تارتىششنى يوقىتىش، ئۆيقۇ كەلتۈرۈش.

## ئەپيۇن[1]

(雅片 ya pian)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، نەرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە قان توختىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تەڭشەش، روھىي ھايۋانىنى قۇۋۋەتلەش.

## ئىتياخىقى يوپۇرمىقى[2]

(曼陀罗叶 man tuo luo ye)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، تەشەننۇج (سپازما) نى بوشىتىش، نەرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## قاندالا[3]

(升麻 sheng ma)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تەرلىتىش، ئەسۋەلەرنىڭ تېپىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەللەرنى تارقىتىش.

---

① تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

## بىدمىشكى[1]

(黄花柳 huang hua liu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت ۋە ئۇسسۇلۇق پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش.

## مىئە سائىلە[2]

(苏合香 su he xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ، ھەر خىل يارىلارنى قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق توختىتىش.

## زەيتۇن يېغى[3]

(橄榄油 gan lan you)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تاش پارچىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش، ئوزۇق بولۇش، تېرىنىڭ قۇرغاق بولۇشىنى تۈگىتىش، يۇمشىتىش، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئېچىشىشىنى ۋە قىچىشىشىنى توختىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، چاچنىڭ كېپەكىنى يوقىتىش، چاچنى قۇۋۋەتلەش.

---

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

## فەرپىيۇن[1]

(殃葋 yang le)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، بۇزۇق ماددىلارنى يۇمشىتىش، كۆيدۈرۈش، قىزىتىش، ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، شىلىمشىق بەلغەمى خىلىتنى سۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## تۆگە يېغى

(骆驼脂 luo tuo zhi)

[تەبىئىتى] ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي - مۇسكۇللارنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللەشتۈرۈش ۋە سىلىقلاشتۇرۇش، يەللەرنى تارقىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش.

## كەۋرەك[3]

(防风 fang feng)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەشەننۇچنى بوشىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

# يىگىرمە ئىككىنچى باب تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار

نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇپ سېزىمنى تۆۋەنلىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىنى بېرىدى‌غان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ (باش ئاغرىش، چىش ئاغرىش، سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، چاقا، قوتۇر، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، قورساق كۆپۈپ ئاغرىش، راك كېسەللىكى تۈرلۈك ئاغرىقلار، تەمرەتكە، قىچىشقاق ...) ئاسارىتىدىن مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ سېزىمى ئېشىپ، زىيادە جىددىيلىشىشتىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئورگانىزم خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ، ماددا ئالمىشىش بۇزۇلىدۇ. ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. تىنچلاندۇرۇپ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولغاچقا سەۋەبكە ئاساسەن دورىلارنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىش لازىم. بۇ خىل دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، بۇ خىل دورىلار نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىش؛ ياللۇغلىنىشقا قارشى تۇرۇپ، تەشۋىشلىنىشنى يوقىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ياۋا زاغۇن، بوز تىكەن، تېزەكچى قوڭغۇز، قۇنۇن، شەۋكىران، كاپۇر، لوفاھ، ئۇسرۇل، قەھۋە، تاماكا يوپۇرمىقى، ئۈزبەر، ئوسۇك ئۇرۇقى، بالەنگو ئۇرۇقى، شازاندىرا.

كۆكنار پوستى، ئىتياڭىقى ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى، كەندىر ئۇرۇقى، ئىتياڭىقى گۈلى، قاندالا، يالپۇز جەۋھىرى.

## ياۋا زاغۇن

(白屈菜 bai qu cai)

[ئەرەبچە نامى] زہرة الجرجير

[پارسچە نامى] گل ترہ تیزک

[ئوردۇچە نامى] تارامیراکی پھول

[لاتىنچە نامى] Herba Chelidonii Maji

[ئىنگلىزچە نامى] Great Calandine Herb

[تونۇش]

بۇ ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زاغۇن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى «زاغۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سۈت ماددىسى، بىئولوگىيىلىك ئىشقار، ئۇچۇچان مايدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، يۆتەل توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، راكقا قارشى تۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، قان بېسىمنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق توختىتىش، يۆتەلنى بېسىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىگە جۇلا بېرىش، ئىششىقنى ۋە زەھەرنى قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، چاقا، قوتۇر، تەمرەتكە، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋان بولماسلىق، قورساق كۆپۈش، راك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خىيار شەنبەر 15 گرام، زاغۇن 7 گرام، سانا 10 گرام، قائىدە بويىچە دەملەپ تەمنى چىقىرىپ، بادام يېغى تېمىتىپ ئىچسە، ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

2. زاغۇن 10 گرام، ئاق تىكەن 7 گرام، ئاق لەيلىگۈلى 10 گرام، قاينىتىپ ئىچسە ئاشقازان ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ھۆل زاغۇننى ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا، سۈركىسە ياكى مەلھەم قىلىپ چاپسا، چاقا، قوتۇر، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] پىياز ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

# بوزتىكەن
(败酱草 bai jiang cao)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Herba Patriniae scabio saefoliae
[ئىنگلىزچە نامى] Dahurian Patrinia Herb
[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۇللۇكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بوزتىكەن (ئىزمۇق) نىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «بوزتىكەن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (22. 2 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بوزتىكەن گلۇكوزىدى، لوگانىن (loganin)، ئىنىستول (linositol)، پالماتىك كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، قان توختىتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، جىگەرنى قۇۋۇەتلەش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، سېرىقلىق يوقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرۇپ ساقايتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پۈت يارىسى، ئۆتكۈر سېرىقلىق چۇشۇش خاراكتېردىكى يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى، يارا، غەلۋىرەك، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شاھتەررە چىنى 10 گرام، بوزتىكەن بىر گرام، دورىلارنى سوقۇپ، سىماب مەلھىمىگە ئارىلاشتۇرۇپ غەلۋىرەككە سىرتتىن چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بابۇنە، ئىزخىر، كاۋاۋچىن، مامرانچىنى 10 گرامدىن، بوزتىكەن 3 گرام، قائىدە

بويچە قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىپ، سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ.

3. بوزتىكەن 3 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، كاكىنەچ 10 گرامدىن، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~0.5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] كاكىنەچ.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈپرىقى نەم يەرلەردىن چىقىدۇ.

## تېزەكچى قوڭغۇز

(蜣螂虫 qiang lang chong)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Catharsius molossus

[ئىنگلىزچە نامى] Dung Beetle

[تونۇش]

بۇ تېنى قارا، ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 4 سانتىمېتىر، باش قىسمى ياپىلاق، دۈمبە قىسمىدا توغرىسىغا كەتكەن قىرلىرى ھەم قاسىراقلىق قانىتى بار، كىچىك چىراغ يورۇقىغا ئامراق بىر خىل قوڭغۇز بولۇپ، ئەركەك قوڭغۇزنىڭ باش قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تال قىسقا بۇرۇتچىسى ھەم ئالدىنقى كۆكرىكىنىڭ ئۈچىدا ۋە ئوڭ ـ سولدا ئىككى تال بۇرۇتى بولۇپ، چىشىسىدا بۇرۇت بولمايدۇ. بۇ قوڭغۇزنىڭ ئەركىكى «قىغ قوڭغۇزى»، «تېزەك قوڭغۇزى» ياكى «تولۇقچى قوڭغۇز» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (3.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بىر خىل زەھەرلىك تەركىب بولۇپ، قىغ قوڭغۇزى زەھەر ماددىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەركىبى سۇدا ئېرىيدۇ. ماي كىسلاتاسى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، پالەچلەندۈرۈش تەسىرى بار، ئۇندىن باشقا نەپەسنى تېزلىتىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، سپازما بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، تارتىشىنى توختىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چوڭ ـ كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، بالىلاردىكى تارتىشىش، بوۋاسىر ئاقمىسى، چاقا ۋە چىيقان قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

قىغ قوڭغۇزنى سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ سارغايتىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا ئىككى گرام، كۆنگە بىر قېتىم قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

2. قىغ قوڭغۇزدىن بىر دانە ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، بالىلاردىكى تارتىششقا شىپا بولىدۇ.

3. قىغ قوڭغۇزدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كاپۇردىن ئازراق قوشۇپ كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا تېڭىپ بەرسە، بوۋاسىر ئاقمىسى، چاقا ۋە چىيقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.2 ~ 3.2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## قۇنۇن

(钩藤 gou teng)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Ramulus Uncariae Rhynchophyllae Cum uncis

[ئىنگلىزچە نامى] Sharpleaf Uncaria Stem With Hooks

[تونۇش]

بۇ رويان ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكى 1 ~ 3 مېتىرغىچە

ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك قۈنۈن بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان غولى ياكى شېخى «قۈنۈن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (22.4 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئىندوللۇق ئىشقارلار، خىرسۇتېن (Hirsuteine)، ھىپېرىن (Hyperin)، ترفولىن (Trfolin)، كورىنوكسىن (Corynoxeine)، كورىنانتىن (Corynantheine) قاتارلىقلار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، كالتىسىزىققىنى پەسەيتىش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، تارتىشىشنى توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چۆچۈش، يەلدىن پۇت ـ قول تارتىشىش، چىشىتارتىشىپ قېلىش، يۇقىرى قان بېسىمى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باش قېيىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆيدۈرۈلگەن كەركىدان مۈڭگۈزى، تيەنما غولى، كۆيدۈرۈلگەن چايان، قۈنۈن قاتارلىقلارنى بىرلىكتە قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، چۆچۈش، قىزىتما، پۇت ـ قول تارتىشىپ قېلىش، چىشى كىرىشىپ قېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. ئاقسەندەل، لىپەكگۈل، سەدەپ، قۈنۈن قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ ئىچىپ بەرسە، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى، باش ئاغرىش، باش قېيىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئەمما قۈنۈننى قايناتقاندا ئۇنى قايىنىتىش ۋاقتىنى 20 مىنۇتتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 20 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ئەرەب يېلىمى.

[ئورۇنباسارى] بىنەپشە.

[چىقىش ئورنى] يۈننەن، گۇاڭشى، گۇيجۇ، سىچۈەن، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قۈنۈن شەربىتى.

# شەۋكىران
(葫蔓藤 hu man teng)

[ئەرەبچە نامى] شوكران

[پارسچە نامى] بيخ تفت

[ئوردۇچە نامى] دورس-شوكران

[لاتىنچە نامى] Herb Gelsemii Elegaritis

[ئىنگلىزچە نامى] Graceful Jessamine Herb

[تونۇش]

بۇ كۆچۈلا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان، ياغاچ غوللۇق، ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 5 مېتىر، پۈتۈن چۆپى تۈكسىز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك شەۋكىرانىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇ «شەۋكىران» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھېكىمى لوقماننىڭ «دابىئە» دېگەن كىتابىدا بۇ ئۆسۈملۈك «بۇ بىر خىل شىلىمشىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ تېنى بوغۇملۇق بولۇپ، ئارپىبەدىيان شاخلىرىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرئاز يۇمىلاقراق، ئۇششاق شاخلىرى چەللىدەك بولىدۇ، يوپۇرمىقى پىدىگەننىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، بىرئاز چوڭ، پۇرىقى ئۆتكۈر، گۈلى ئاق، شەكلى سېرىقچېچەككە ئوخشاش، ئۇرۇقى جۇۋىنىگە ئوخشاش ئاقۇش بولىدۇ، دېيىلگەن (5.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىنىڭ تەركىبىدە ئالكالوئىد بار، بۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى كوۋمىن (kouminidine)، كوۋمىنتىسىن (kouminocine)، كوۋمىندىن (kouminidine)، گلېسمىن (Glsemine)، سېمپېرۋىن (Sempervine)، كوۋنىدىن (kounidine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] شەۋكىرانىڭ ئاساسلىق زەھەرلىك تەركىبى، كوۋمىن، كوۋمىنتىسىن، كومىندىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كوۋمىنتىنىنىڭ ئۆي توشقىنىغا نىسبەتەن ئۆلتۈرۈش مىقدارى ھەر بىر كىلوگرام ئۈچۈن 0.8 مىللىگرامدىن ئىبارەت.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، سېزىمسىزلاندۇرۇش، يەرلىك ئورۇننى مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، تارتىشىشنى يوقىتىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ياللۇغلار، مەقئەت ياللۇغى، بۇۋاسىر، بوغۇم ئاغرىقى، تىترىمە كېسەل، ئەسەبىي كېسەللىكلەر، كونا يۆتەل، زىققە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شەۋكىراننىڭ هۆل يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتىدىن بولغان ياللۇغلارنى قايتۇرىدۇ.

2. شەۋكىراندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، گاۋزىبان ۋە خام زەنجىۋىل بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، ئەسەبىي كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. شەۋكىراندىن 15 گرام، زەيتۇن يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇننى مايلاپ بەرسە، مەقئەت كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~0.5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سېزىمنى سۇسلاشتۇرىدۇ، ئەسەبلەرنى بوشىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] هەسەل، ئەفسەنتىن، قۇندۇز قەھرى.

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەر، ياۋروپا، شىمالىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] بۇ بىر خىل زەھەرلىك دورا بولۇپ، مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە ياكى مىقدارى ئالتە گرامغا يەتسە، گالنى بوغۇلۇپ، نەپەس يولىنى توسۇپ، نەپەس بوغۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىمارنىڭ هاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەۋكىران قاينىتىلمىسى، مەلھىمى شەۋكىران.

## كاپۇر

(樟脑 zhang nao)

[ئەرەبچە نامى] كافور

[پارسچە نامى] كپور

[ئوردۇچە نامى] كاپور

[لاتىنچە نامى] Camphora

[ئىنگلىزچە نامى] Camphor

[تونۇش]

بۇ كامپۇرا ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 2 ~ 3 مېتىر ئۆسىدىغان، دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان كامپۇرا دەرىخىدىن ئېلىنىدىغان كرىستال شەكىللىك جەۋھەردىن ئىبارەت (Cinnamonum Camphora L. pres) بولۇپ، پۇرىقى ئۆتكۈر، بۇ دەرەخنىڭ مۇشۇ جەۋھىرى «كاپۇر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (6.22 ـ رەسىم).

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يەرلىك ئورۇنغا بولغان تەسىرى: كاپۇرنى تېرىگە سۇركىسە غىدىقلايدۇ ھەم چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەڭگىل دەرىجىدە سۇركىسە، مېتالغا ئوخشاش سالقىن سېزىم بولىدۇ. ئۇ يەرلىك ئورۇننى يەڭگىل سەزمەس قىلىش رولىغا ئىگە.

2. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كاپۇرنىڭ پۈتۈن بەدەنگە بولغان تەسىرى ئاساسلىقى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. بولۇپمۇ ئالىي نېرۋا مەركىزىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قوزغايدۇ.

چوڭ مىقداردىكىسى چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ھەرىكەت رايونى ۋە مېڭە غولىغا تەسىر قىلىپ، تارتىشىش پەيدا قىلىدۇ.

3. قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى : كاپۇر ياسالمىسى يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا قىلىپ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ.

4. بەدەن ئىچىدىكى جەريانى: كاپۇر شىللىق پەردە، تېرە ئاستى مۇسكۇلىدىن ئۆتۈپ ئاسان شۈمۈرۈلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالقۇغ قايتۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، ئارام بېرىش، تارتىشىشنى بوشىتىش، قوزغىتىش، تەرلىتىش، يەرلىك ئورۇننى مەست قىلىش ۋە يەڭگىل دەرىجىدىكى چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئىچىنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، قورساق ئېسىلىش، بەل ئاغرىقى، ئۆپكە جاراھىتى، سىل، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۇيقۇسىزلىق، بۇرۇن قاناش، يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 125 ~ 500 مىللىگرام كاپۇرنى سۇتتە ئېرىتىپ ئىستېمال قىلسا، سىل، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، بۇرۇن قاناش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. 120 مىللىگرام كاپۇرنى 30 مىللىگرام ئەپيۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۇمىلاچ قىلىپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەپ ياتسا ئېھتىلام بولمايدۇ.

3. كاپۇرنى گۇلاب، ئاق سەندەل قاتارلىقلار بىلەن باشقا، چاپسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى ساقايتىدۇ ۋە سەزگۈ نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. كاپۇرنى قائىدە بويىچە گۇل يېغى ۋە سىركە بىلەن قوشۇپ پېشانىگە چاپسا، سەپرا خاراكتېرلىك باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، قىزىق تەپلەرگە ئۇبدان تەسىر قىلىدۇ.

5. كاپۇرنى يۇمغاقسۇتنىڭ سۈيى ۋە پاقىيوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا چاپسا (باشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوققۇر جايغا قويسا)، بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

6. كاپۇردىن ئازىرا مىقدارى ئېلىپ بادرۇج، سىركە، غورا سۈيى قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئۇيقۇسىزلىق ۋە مېڭە ئاجىزلىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

7. كاپۇرنى يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقى ۋە مېڭە مەنبەلىك بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

8. كاپۇرنى يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ سۇيۇپ تەييارلاپ چىشقا باسسا، قۇرت يېگەن چىش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

9. كاپۇرنى ئىپار ۋە ئەنبەر بىلەن قوشۇپ يېسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەر خىل زەھەرلىك ھاۋالارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

10. كاپۇرنى ئېزىپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 125 ~ 500 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، ھەزىمنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، چاچلارنىڭ ئاقىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساققا تاش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئىپار، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى، گۇلقەنت، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] تاباشىر، ئاق سەندەل.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي ئۆلكىلىرى ۋە ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇرسى كاپۇر.

# لوفاھ

(颠茄草 dian qie cao)

[ئەرەبچە نامى] لفاح، يبروج الصنم

[پارسچە نامى] مردم گیاه

[ئوردۇچە نامى] [illegible]

[لاتىنچە نامى] Herba Atropae Belladonnae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Atropa Herb

[تونۇش]

بۇ پېدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاتروپانىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، يوپۇرماق يۈزى سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، ئۈستى يۈزىنىڭ رەڭگى تۇتراق، ئىككىلا يۈزىدە ئاز ساندا تۈكلەر بار. گۈلى توق سۆسۈن رەڭلىك بولىدۇ. ئۆزى نېپىز ھەم چۈرۈك، تەمى ئاچچىق، ئۇرۇقى ئاجىز (7.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بېللادوننانىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 0.5% گىچە ئالكولوئىد تۇتىدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بەزرۇلبەنجى ئالكولوئىدى، ھىئوسسىيامىن (Hyoscyamine) ۋە ئاز مىقداردا سكوپولامىندىن (scopolamine) ئىبارەت. ھىئوسسىيامىن ساقلاش، پىششىقلاش، تەييارلاش جەريانىدا تەدرىجىي ئاتروپىنغا (Atropine) ئايلىنىدۇ. يەنە ئاز مىقداردىكى ئالكوئىد ئاپوئاترو ئاتروپىن (Atropine)، بېللادونىن (Belladonine)، نورھىئوسىيامىن (Norhyoscyamine)، نورئاتروپىن (Noratropine)) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا ئۇچۇچان مەنبەلىك تۇز ئاساسلىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بېللا دوننانىڭ ئاساسلىق ئۈنۈملۈك تەركىبى ھىئوسىيامىن بولۇپ، بۇنى ئېلىش جەريانىدا ئاتروپىنغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) سىلىق مۇسكۇلنىڭ تارتىشىشىنى تورمۇزلايدۇ، ئاتروپىن نورغۇنلىغان سىلىق مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرۇپ، ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرى سىلىق مۇسكۇللىرىنىڭ قاتتىق لۆمۈلدىشى ياكى قىسقىرىۋېلىشىنى تورمۇزلايدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەي سانجىقىنى يەڭگىللىتىدۇ. سۈيدۈك چىقىرىش نەيچىسى ۋە دوۋساق، سۈيدۈك كەلتۈرۈش مۇسكۇلىغا نىسبەتەنمۇ تەشەننۇچىنى بوشاشتۇرۇش تەسىرى بار. كلىنىكىدا ھەرخىل ئىچكى ئەزالار سانجىقى، مەسى-

لەن: ئاشقازان ـ ئۈچەي سانجىقى، بۆرەك سانجىقى ۋە دوۋساقنىڭ غىدىقلىنىش ئالامەتلىرى، سۈيدۈك تامچىلاش كېلىش، سۈيدۈك قىستاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى خېلى ياخشى.

(2) بەز تەنچىلىرىنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى تورمۇزلايدۇ. ئاتروپىن شۆلگەي بېزى ۋە تەر بېزىنى تورمۇزلاپ، ئېغىز قۇرۇش ۋە تېرە قۇرغاقلىشىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ياش بېزى ۋە نەپەس يولى سېكرىتسىيىسىنىمۇ زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ. ئاترپىن پۈتۈن بەدەننى ناركوز قىلىشتىن ئىلگىرى بېرىلسە، نەپەس يولى، سىكروتسىيىسىنى ئازايتىدۇ. ئاجراتمىلىرىنى توختىتىپ، نەپەس يولىنى قۇرىتىدۇ ۋە سۈمۈرۈش مەنبەلىك ئۆپكە ياللۇغى يۈز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

(3) كۆز سىللىق مۇسكۇلغا بولغان تەسىرى: ئاتروپىن كۆز قارىچۇقى، پۈرمە مۇسكۇلى ۋە كىرپىكسىمان مۇسكۇلنىڭ قىسقىرىشىنى تورمۇزلاپ كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىدۇ. كۆز بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ ۋە پالەچلىنىشنى تەڭشەيدۇ. بۇ رەڭدار كىرپىكسىمان تەن ياللۇغىغا ئىشلىتىلسە، رەڭدار پەردە بىلەن كرىستال تەننىڭ چاپلىشىپ قېلىشى ۋە كۆز قارىچۇقى، توسۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. گلائوكوما كېسىلى بارلار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

(4) بۆرەك قان تومۇر قىسمىغا بولغان تەسىرى:

① داۋالاش دوزىسىدىكى ئاتروپىن بىر قىسىم كېسەللەرنىڭ يۈرەك رىتىمى ۋاقىتلىق ئاستىلىدۇ. چوڭراق مىقدارى (1—2mg) يۈرەك رىتىمىنى تېزلىتىدۇ.

② ئاداشقان نېرۋا ئارتۇقچە قوزغىلىشتىن كېلىپ چىققان ئۆتكۈزۈش توسۇلۇش ۋە يۈرەك رىتىمىنى بۇزۇلۇشقا قارشى تۇرالايدۇ. نورمال كىشىلەر بەدىنىگە نىسبەتەن سۇس، دالانچە تۈگۈنىنىڭ ئۆزىنى تۈتۈشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يۈرەك دالانچىسىنىڭ تەسىرلەنمەسلىك دەۋرىنى قىسقارتىپ، يۈرەك دالانچىسى ئىچكى ئۆتكۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاداشقان نېرۋا ئارتۇقچە قوزغىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سىنوس دالانچىسى توسۇلۇش، دالانچە توسۇلۇش قاتارلىق ئاستا خۇسۇسىيەتلىك يۈرەك رىتىمى قالايمىقانلىشىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئىككىلەمچى سىنوس دالانچە تۈگۈنىنىڭ خىزمىتى تۆۋەنلەپ كېتىش بىلەن پەيدا بولغان قېرىنچە مەنبەلىك غەيرىي رىتىم قاتارلىقلارنى داۋالايدۇ.

(5) مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: چوڭراق مىقدار (بىر ئىككى مىللىگرام) ئۇزۇنچاق مېڭە ۋە چوڭ مېڭىنى يەڭگىل دەرىجىدە قوزغىتىدۇ، ئىككى ـ بەش مىللىگرامنىڭ غىدىقلاش تەسىرى كۈچلۈكرەك بولۇپ، تاقەتسىزلىك، بىئاراملىق، كۆپ

سۆزلەش، خۇدىنى يوقىتىش قاتارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. زەھەرلەش مىقدارى ئادەتتە خىيالىي تۇيغۇ، يۆنىلىش، تۇسالغۇغا ئۇچراش، ھەرىكەت يوقىلىش ۋە تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

(6) كلىنىكىدا شوك كېسەللىكىگە چوڭ مىقداردا ئاتروپىن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆتكۈر تارقىلىشچان مېڭە يۇلۇن پەردە ياللۇغى، زەھەرلىنىش مەنبەلىك باكتېرىيىلىك تولغاق، زەھەرلىنىش مەنبەلىك ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلار پەيدا قىلغان يۇقۇملىنىش مەنبەلىك قاتارلىقلار.

شوك، ئاتروپىن قان تومۇرنىڭ قىسقىرىۋېلىشىنى يوقىتىپ، ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتىدۇ، مىكرو قان ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ. لېكىن تەسىرى پرىنسىپى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ئورگانىك فوسفاتازا تۈرلىرى بىلەن زەھەرلىنىشنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دورا ياساش سانائىتىدە لوفاھ ئېكستراكىنى ۋە تىنكتۇرىسى تەييارلىنىدۇ. بۇ ياسالمىلار تارتىشىشنى قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، بەز ئاجرالمىلارنى چىقىرىش خىزمىتىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق توختىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، مەست قىلىش، تېرىنى قىزارتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، سۇيدۇك ھەيدەش، تەرلەشنى توختىتىش، سۈتنى كېمەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، ئاقكېسەل، كونا يۆتەل، زىققە، دوۋساقنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشى، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، كۆپ تەرلەش، سۈتنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆرۈنجان، سانا، بەديان، ئىزخىرلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن، بېلادوننا بىر كگرام ئېلىپ زىمات تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، بەل پۇت ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. بېلادوننا ئۈچ گرام، گۈل يېغى دىن10 مىللىگرام ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، مۇچە ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بەزرۇلبەنجى، كەندىر 10 گرام، ئەپيۇن 1.0 گرام، بېلادوننادىن 5.0 مىللىگرام

ئېلىپ، تالقان تەييارلاپ بىر گرامدىن ئىچىپ بەرسە، ھەرخىل جىددىي خاراكتېرلىك ئاغرىقلارنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 0.5 مىللىگىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل، لاچىندانە

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇن.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىمالايا تاغ ئېتەكلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇن بەرشىشا، ھەببى ئىمساك.

## ئۇسرۇل
(萝芙木 luo fu mu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Rauvolfiae Verticillatae

[ئىنگلىزچە نامى] Common Devilpepper Root

[تونۇش]

بۇ، تال گۈل ئائىلىسىدىكى چاتقال ئۇسۇملۇك راۋولفىيە چاتقىلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇملۇكنىڭ يىلتىزى «ئۇسرۇل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان يىلتىزى كونۇس شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۈل رەڭگە مايىل، خورمارەڭلىكم ئۆزى قاتتىق بولۇپ ئاسان سۇنمايدۇ، تەمى ئاچچىق، ئازراق خۇش پۇراق كېلىدۇ (8.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇسرۇل يىلتىزىدىن رېزېرپىن (Reserpine)، ئەجمەلىتسىن (Ajmalicine)، سېرپىنتىن (Serpentinine)، ئەجمالىن (Ajmaline)، راۋۋۇلفىن (Rauvolfine)، ساماتىن (Samatine)، راۋولفىيا RaurolfiaA) A)، ۋېللو زىمىن (Vellosimine)، پېراكسىن (Peraksine) قاتارلىق كۆپ خىل ئالكولوئىدلار ئايرىپ ئېلىنغان، بۇلارنىڭ مىقدارى 2%—1 كە يېتىدۇ، ئۇسرول تەركىبىدە يەنە ئورزولىك كىسلاتاسى (Ursolic acid) بار، ئەجمىلىن ئەمەلىيەتتە ھۆل يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسىدۇر.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان بېسىمىنى چۈشۈرگۈچى رېزېرپىنسىمان تەسىرى، رېزېرپىن ئونىزول ئۆسۈملۈكنىڭ ئاساسلىق ئالكالوئىدى بولۇپ، ئۇنىڭ (1) قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بار.

رېزېرپىن قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ ۋە يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلىتىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى ناھايىت ئاستا، ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ، بۇ دورىنى يېگەندىن كېيىن، ئادەتتە بىر ھەپتە ئۆتكەندە تەسىر ئاندىن كۆرۈلىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ۋېنا تومۇرغا ئوكۇل قىلىنسىمۇ تەسىرى تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش تەسىرى بىر سائەت ئەتراپىدا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، رېزېرپىننىڭ نېرۋا، بۆرەك ۋە ھورمون مەنبەلىك يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكلىرىگە نىسبەتەن قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش رولى بار.

(2) مەركىزىي نېرۋا سىستېمىغا بولغان تەسىرى: رېزېرپىننىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تىنچلاندۇرۇش رولى بار. بىر ئاز مىقداردا ئىشلىتىلسە، ماغدۇرسىزلىنىش، تىنچلىنىش، ئۇخلىتىش پەيدا قىلىدۇ، لېكىن بەك قاتتىق ئۇخلىمايدۇ، ئاسانلا ئويغىنىدۇ، بەدەن ئىچىدىكى جەريانى: ئىچكەندىن كېيىن بىر قىسمى سۈمۈرۈلىدۇ، كۆپ قىسمى ئۈچەيدە بۇزۇلىدۇ، ئوكۇلنىڭ ئۈنۈمى ئىچكەنگە قارىغاندا ياخشى، سۈمۈرگەندىن كېيىن بەدەندە تېزلا بۇزۇلىدۇ، ئاز ساندىكى بۇزۇلمىغانلىرى سۈيدۈكتە پەيدا بولىدۇ، شۇڭا رېزېرپىنىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەسىرى بىلەن يىغىلىپ قىلىش خۇسۇسىيىتى دورىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئۇخلىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۇيقۇسىزلىق، مالىخولىيا، ساراڭلىق، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ (ئۇسرۇل ھازىر ئارام بەرگۈچى دورىلار قاتارىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ).

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەندەل، بىدمىشكى، قىزىلگۈل 10 گرامدىن، ئۇسرولدىن 0.25 مىللىگرام قائىدە بويىچە كاشكاپ تەييەرلاپ ئىچىپ ئىچسە، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ.

2. ئۇستىقۇددۇس، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، لاچىندانە، سازەج 20 گرامدىن، ئۇسرولدىن 0.25 مىللىگرامدىن قائىدە بويىچە كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، مالىخولىياغا شىپا بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

3. بىنەپشە، نىلۇپەر، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 10 گرامدىن، ئۇسرولدىن 0.25 گرامدىن ئېلىپ كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.25~0.45 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئىتياغىقى گۈلى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن ھەم ھىندىستان ۋە غەرب ئەللىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى شىپا.

## قەھۋە

(咖啡 ka fei)

[ئەرەبچە نامى] قهوه

[پارسچە نامى] قهوه

[ئوردۇچە نامى] قهوه

[لاتىنچە نامى] Semen Caffeae

[ئىنگلىزچە نامى] Caffee

[تونۇش]

بۇ رويان ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ ئەرەبىستان قەھۋەسى (Caffea arabica) بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋە پوستى بىلەن ئۇرۇق پوستى ئېلىنغۇېتىلگەندىن كېيىن قېپقالغان ئۇرۇقى «قەھۋە» ياكى «بون» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (9.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قەھۋە تەركىبىدە ئاساسلىقى كوففېىن (Caffeine) بار، يەنە تەخمىنەن 1~2% كىچە شۈمشا ئىشقارى، ترىگونېللىن (Trigonelline)، 9% تاننىن كىسلاتا (Tannic acid)، 10~12% كىچە ياغ، 8% كىچە قەنت خىللىرى ۋە سۇدا ھاسىل بولىدىغان ماددا كوففېئىك ئاتسىد (Caffeic acid)، كۇينىك ئاتسىد (Quinic acid) قاتارلىقلار بار، قورۇلغان كافى يەنە پۇراقلىق ماددا كوففېئول، كوفېئون (Caffiol, Cofione) قاتارلىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل قەھۋە ئالاھىدە پۇراقلىق بولىدۇ.

**[فارماكولوگىيلىك تەسىرى]** 1. قەھۋە يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى، بولۇپمۇ چوڭ مېڭە، نېرۋىلىرىنى قوزغىتىش تەسىرىگە ئىگە. شۇڭا نېرۋا مەركىزىنى تورمۇزلىغۇچى دورا ـ ناركوز دورىلىرى، ئۇخلاتقۇچى دورا ۋە مورفىن قاتارلىقلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

2. كوففېئىك كىسلاتاسى ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە. كىچىك دوزىسى ھىدروگېنسىز ئۆت كىسلاتاسىغا قارىغاندا تەسىر قىلىش ۋاقتى ئۇزۇن ھەمدە ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ھەيدىمىگەندىن كېيىنمۇ ئۆت سۇيۇقلۇقى ئاجرىلىپ چىقىرىلىشىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئازايتىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە قاناش ۋاقتىنى ۋە قان قېتىش ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ.

**[تەبىئىتى]** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**[خۇسۇسىيىتى]**

ئاغرىق پەسەيتىش، نۇسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]**

پۈتۈن بەدەن ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، غەيرىي تەبىئىي خىلتلاردىن بولغان قىزىتما، يۆتەل، جىگەر، ئۆت كېسەللىكلىرى، ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، روھىي ھالىتى نورمال بولماسلىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەھۋە قاينىتىپ يەپ بەرسە، پۈتۈن بەدەن ئاغرىقى ۋە باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەھۋەنى يۇمشاق ئېزىپ ھەسەل بىلەن قوشۇپ لوئوق تەييارلاپ بېرىلسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى قەھۋەنى چالا قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** زەنجىۋىل، زەپەر.

**[چىقىش ئورنى]** پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسسىق بەلۋاغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**[پىششىق دورا ياسالمىسى]** قەھۋە دەملىمىسى، قەھۋە قاينىتىلمىسى.

# تاماكا يوپۇرمىقى
(烟草 yan cao)

[ئەرەبچە نامى] تنباك
[پارسچە نامى] تنباكو
[ئوردۇچە نامى] بجربنك
[لاتىنچە نامى] Herba seu Folium Nicotianae Tabaci
[ئىنگلىزچە نامى] Common Tobacco Herb or Leaf
[تونۇش]

بۇ پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاماكا بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى «تاماكا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئېللىپسسىمان تېمىنە شەكىللىك يوپۇرماق ساپىقى قىسقا، پەيسىمان بولىدۇ. ئالدى يۈزى سارغۇچ خورما رەڭلىك، ئارقا يۈزى سۇسراق، ئاساسىي تومۇرى كەڭ ھەم تومپىيىپ چىققان، نۇرغۇنلىغان بەز تۈكچىلىرى بار، سەل نەمدەلسە يېپىشقاقلىق پەيدا قىلىدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق بولىدۇ (22.10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ 1~9% كىچە ئالكولوئىد ۋەروتىن (Rutin)، ئورگانىك كىسلاتالار، ماي، دېۋىرقاي، ئانئورگانىك ماددىلارنى تۇتىدۇ، تاماكا يوپۇرمىقىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان ئالكولوئىد 14 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن 12 خىلىنىڭ قۇرۇلمىسى بېكىتىلىپ بولدى، بۇلاردىن ئاساسلىقى نىكوتىن (Nicotine)، ئانابازىن (Anabasine)، ئاناتابىن (Anatabine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تاماكىنىڭ پۈتۈن چۆپچىن نىكوتىن تۇتىدۇ. پەقەت يوپۇرمىقىنىڭ تۇتقان مىقدارى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن چۆپىدە تۇتقان مىقدارىنىڭ 64% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا يىلتىزىدا 13%، غولىدا 18%، گۈلىدە 5% بولىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تاماكىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى نىكوتىن بولۇپ، بۇ ئومۇمىي ئالكولوئىدنىڭ 93% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا تەركىبلەرنىڭ مىقدارى ئاز بولغاچقا، ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئاساسەن زەھەرلىك ماددىلار ئىلمىدە ئىشلىتىلىدۇ. نىكوتىندىن

ئۆتكۈر زەھەرلەنگەندە ئۆلۈشى تېز بولىدۇ. چوڭ 50 مىللىگرام ئەتراپىدا ئىشلەتسە ئۆلتۈرىدۇ. بىر تال يۆگەلگەن سىگارتتا 30~20 مىللىگرام نىكوتىن تۇتىدۇ. تاماكىنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى بىمارلارغا ناچار تەسىرى بار. ئادەتتە يۈرەك رىتىمى نورمالسىز بولۇش ۋە تاجىسمان قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. تاماكىنى كۆپرەك چەكسە يەنە باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق نېرۋا كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، چۇشكۇرتۇش، ئاغرىق توختىتىش، قابىز قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلاش ۋە مېڭە ئەسەبلەرنى قوزغىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نەپەس سىقىلىش، بۇرۇن قاناش، ھەر خىل كونا جاراھەتلەر، چىش ئاغرىقى، نەزلە زۇكام قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ھۆللۈكتىن بولغان چىش ئاغرىقى، يۆتەل، دەم سىقىلىش، بۇرۇن قاناش، ھەرخىل كونا جاراھەتلەرگە، چىش ئاغرىقىغا سۈپۈپ قىلىپ تەييارلاپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاماكا 0.1 گرام، قىزىل گۈل يېغىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، زەخمىلەرگە سۈرسە تېز ساقىيىدۇ. جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ.

3. قەلەمپۇر، پىلپىل، قارىمۇچ 5 گرامدىن، تاماكىدىن يېرىم گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ بۇرنىغا تارتىپ بەرسە، مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5~0.25 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە، يۈرەككە، مېڭىگە، ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، قاننى قويۇلدۇرۇپ، تومۇردا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يېڭى سېغىلغان سۈت.

[ئورۇنباسارى] بېلىق دورىسى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

# ئۈزبەر
(荆芥 jing jie)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Sehizonepetae Tenuifoliae

[ئىنگلىزچە نامى] Fineleaf Schizonepeta Herb

[تونۇش]

بۇ، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئۈزبەر بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى «ئۈزبەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (11.22 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ئۈچۈچان مايدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆسۈملۈكىدە 0.43~2.05%، باشقىدا 0.51~4.11%، يوپۇرمىقىدا 2% گىچە ئۈچۈچان ماي بار، يىلتىز ۋە ئۇرۇقىدا ئۈچۈچان ماي تەركىبى يوق.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قىزىتما قايتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، يۈرەك رىتىمىنى تېزلىتىش، زىققىنى پەسەيتىش، بالىياتقۇ مۇسكۇلىنى قورۇش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، قەنت سىيىش كېسىلىنى داۋالاش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش قاتارلىق رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئاغرىق پەسەيتىش، تارتىشىپ قېلىشنى قايتۇرۇش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سوغۇقتىن بولغان زۇكام، باش ئاغرىش، بۇرۇن قاناش، تۇغۇتتىن كېيىنكى تارتىشىپ قېلىش، يېرىم باش ئاغرىقى، يەلتاشما (ئېشەكيېمى) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۈزبەر، كەۋرەك، زۇپا 12 گرامدىن، خام زەنجىۋىلدىن تۆت گرام ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، يېرىم باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئۈزبەردىن 70 گرام ئېلىپ، تالقان قىلىپ كۆنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا سەككىز گرامدىن كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكى ياكى قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، بۇرۇن قاناش، تۇغۇتتىن كېيىنكى پۇت ـ قول تارتىشىپ كىرىشىپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۈزبەر ۋە خام گەجلەرنىڭ ھەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 8 گرامدىن ئىچىپ بەرسە، باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۈزبەردىن 35 گرام ئېلىپ قازاندا قورۇپ، لاتا خالتىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ئاغرىق ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە، يەلتاشمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

[چىقىش ئورنى] غۇلجا، كۆنەس، ماناس، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى]

## ئوسۇك ئۇرۇقى

(萵苣子 wo ju zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالخس

[پارسچە نامى] تخم کاہو

[ئوردۇچە نامى] کاہو کی بیج

[لاتىنچە نامى] Fructus Lactucae Angustatae

[ئىنگلىزچە نامى] Thickstem Garden Lettuce

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق

ئۆسۈملۈك ئوسۇڭ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «ئوسۇڭ ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (12.22 ـ رەسىم).

ئۇرۇقى ئېللىپس شەكىللىك، سەل ياپىلاق، سىرتقى يۈزى كۈل رەڭگە مايىل ئاق ياكى سارغۇچ ئاق رەڭلىك، تەمى سەل ئاچچىق، پۇرىقى ئاجىز كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئوسۇڭ ئۇرۇقى تەركىبىدە ئاتسىدوم لاكتونىكۇم (Lactunic acid)، ئوسۇڭ ئېلېمېنتى (Lactucarin)، ئالما كىسلاتاسى، كەھرۇبا كىسلاتاسى، ئاسپاراگىن، ياغ، ۋىتامىن A، B، C، E، كۆل ماددىلىرى، ئاقسىل قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق توختىتىش، مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، سپازما بوشىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىقى، ساراڭلىق، چاچ چۈشۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا ۋە قان خىلىتىدىن بولغان قىزىتما، مالىخولىيا، كۆپ ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوسۇڭ ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ناۋات قوشۇپ ئىچسە، باش ئاغرىقى، قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئوسۇڭ ئۇرۇقىنى ئېزىپ پېشانىگە چاپسا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئوسۇڭ ئۇرۇقىنىڭ شىرنىسىنى چىقىرىپ، چاچقا چاپسا، چاچ چۈشۈشنى توختىتىدۇ.

4. ئوسۇڭ ئۇرۇقىدىن تەييارلانغان ياغنى بۇرۇنغا تېمىتسا ياكى باشقا سۈركىسە، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ ۋە چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى ۋە ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] خەشخاش.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئېرىپ ئۆستۈرىدۇ.

## بالەنگۇ چۈپى
(紫苏 zi su)

[ئەرەبچە نامى] بالا

[پارسچە نامى] بالنگو

[ئوردۇچە نامى] بالنگو

[لاتىنچە نامى] Caulis Perillae

[ئىنگلىزچە نامى] Cultivated Perilla

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بالەنگۇ چۈپى (رەيھاننىڭ بىر خىل تۈرى) نىڭ يەر ئۈستى قىسمى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئۈستى قىسمى «بالەنگۇ چۈپى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (22.13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى ئۇچۇچان ماي بولۇپ، يوپۇرمىقىدا 0.2~0.9% ، ئۆسۈملۈكىدە (غولىدا) 0.2~0.78% گىچە ماي تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، نېرۋا سىستېمىسىنى كۈچەيتىش، يۆتەلنى، زىققىنى توختىتىش، قان توختىتىش، قان قېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قان قەنتىنى يۇقىرىلىتىش، بۆرەكنى كۈچەيتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش راكقا قارشى تۇرۇش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى تىنچلاندۇرۇش، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەمنى چىقىرىپ يۆتەلنى توختىتىش، بەدەندىكى سوغۇقلۇقنى تارقىتىش، بەدەننى تازىلاش، كۆڭۈلنى ئېچىش، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ، هۆنى پەسەيتىش، يەللەرنى تارقىتىپ، ئاشقازاننى بوشىتىش، هامىلىنى ئاسراش، زەهەرنى تارقىتىپ، يارىلارنى پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سوغۇقتىن بولغان زۇكام، زۇكام تەسىرىدىن باش ئاغرىش، ئىشتىهاسىزلىق، ئىچى

سقىلىش، ئىسسىق ئۆتۈپ، كۆڭلى ئاينىش؛ كاناي ياللۇغى، بەلغەملىك يۆتەل، قۇسۇپ كۆڭلى ئېلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زۇپا، پىرسىياۋشان، چىلان، ئەنجۇر مونكى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بالەنگۇ چۆپى قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كاشكاپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سوغۇقتىن بولغان زۇكامغا شىپا بولىدۇ.

2. بالەنگۇ چۆپى، دارچىن، قەلەمپۇر، پىنىنە، زىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ، يەللەرنى تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۈل بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] رەيھان.

[چىقىش ئورنى] غۇلجا، ماناس، قەشقەر، گۇچۇڭ قاتارلىق ئورۇنلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

## شازاندىرا

(五味子 wu wei zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Furctus Schisandrae Chinensis

[ئىنگلىزچە نامى Fruit of Chinese magnoliavine

[تونۇش]

بۇ شازاندىرا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان، ياغاچلانغان، پېلەك غوللۇق، ئېگىزلىكى 5 ~ 8 مېتىر ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى سۆسۈنگە مايىل قىزىل، سىرتى ئادەتتە چاڭلار بىلەن قاپلانغان، مېۋىسى

گۆشلۇك، مايلىق، ئىچىدە ئۇرۇقى بار، تەمى ئاچچىق، ئاززاق پۇراقلىق بولۇپ، «شازاندىـ
را» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (22. 14 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋە تەركىبىدە 3% ئۇچۇچان ماي بار، قۇرۇق مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە 12% لىمون كىسلاتاسى، 10% لىك ئالما كىسلاتاسى بار. ئۇرۇق تەركىبىدە تەخمىنەن 33% مايلىق ياغ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ.

2. يۈرەك قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ.

3. نەپەسنى قوزغاش تەسىرىگە ئىگە.

4. بالىياتقۇ سىلىق مۇسكۇلىنى قوزغىتىدۇ.

5. مادداا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

5. ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى نورماللاشتۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، ئۈپكىنى تازىلاش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىي كۆپەيتىش، مېڭە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، دەم سىقىش، كۆپ تەرلەش، يۈرەك قوزغىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئېغىز قۇرۇش، بۆرەك ئاجىزلىقى، سېرىقلىق چۈشۈش، جىگەر كېسەللىكى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈش، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شازاندىرادىن 9 ~ 15 گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، نېرۋا ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پېچەككۈل بەن شازاندىرادىن 15 گرامدىن ئېلىپ، چىلان مېغىزى، ئارچا ئۇرۇقى توققۇز گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

3. شازاندىرا، چاكاندا، جىنكېۋىزىدىن توققۇز گرامدىن ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، زىققە كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۇچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.
[ئورۇنباسارى] غارىقۇن.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي جەنۇبىي جۇڭگو قاتارلىق جايلاردىن، چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

## كۆكنار پوستى[①]

(罂粟壳 ying su ke)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

## ئىتياغىقى ئۇرۇقى[②]

(曼陀罗子 man tuo luo zi)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، مەست قىلىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش (قابىزلىق)، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۇخلىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش.

## بەزرۇلبەنجى[③]

(天仙子 Tian xian zi 莨菪子 lang dang zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

① تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
ئىرقىنى تىنچلاندۇرۇپ، مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، بىھوش قىلىش، قۇرۇ-
تۇش، قان توختىتىش.

## ئىتياكىقى يوپۇرمىقى[1]

(曼陀罗叶 man tuo luo ye)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
مەست قىلىش، تەشەننۇچ (سپازما)نى بوشىتىش، ئىرقىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## كەندىر ئۇرۇقى[2]

(火麻仁 huo ma huang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
مەست قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، تۇتۇش (قابىزلىق)، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، خۇشال قىلىش.

## ئىتياكىقى گۈلى[3]

(洋金花 yang jin hua)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

---

① تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل ھەيدەش، مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكە، كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، سپازما بوشىتىش.

## قاندالا[1]

(升麻 sheng ma)

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تەرلىتىش، ئەسۋەلەرنىڭ تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەللەرنى تارقىتىش.

## يالپۇز جەۋھىرى[2]

(薄荷脑 bo he nao)

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قان توختىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش.

① تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب مەست قىلغۇچى دورىلار

مەس قىلىش تەسىرىنى بېرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ مەس قىلغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

هەرخىل سەۋەبلەر تەسىرىدىن پەيدا بولغان كۈچلۈك ئاغرىقلارغا (مېڭە پەردە ياللۇغى، ئۇيقۇسىزلىق، مالىخولىيا، نەزلە، بەلغەملىك يۆتەل، قۇلاق ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى ...) ياكى تاشقى كېسەللىكلەردىكى ئوپېراتسىيەنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە نېرۋىلارنى مەس قىلىپ ۋاقىتلىق ئاغرىق ئازابىنى يوقىتىش، جىددىيلىكنى پەسەيتىش، تەشۋىشلىنىشنى تۈگىتىش، ئۇخلىتىش مەقسىتىدە مەس قىلغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەس قىلغۇچى دورىلارنى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتكەندە يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەس قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا ئىشلەتكەندە، سەۋەبىگە قارىتا، مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەس قىلغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار ئاساسلىقى، نېرۋىلارنى ۋاقتىنچە تورمۇزلاش، ئاغرىق يوقىتىش تەسىرى ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتىپ، ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتىنى تەڭشەيدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار مەس قىلغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كەندىر ئۇرۇقى، ئىتياڭىقى گۈلى، ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى.

## ئەپيۇن

(雅片 ya pian)

[ئەرەبچە نامى] لبن الخشخاش

[پارسچە نامى] ترياك

[ئوردۇچە نامى] افيون، آفيم

[لاتىنچە نامى] Opium, Succus papaveri

[ئىنگلىزچە نامى] Opium Resena

[تونۇش]

بۇ ئەپيۇنگۇل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك كۆكنارنىڭ خام ۋاقتىدىكى غوزىسىنى تىلىپ قويسا، ئېقىپ چىقىپ قاتقان خورما رەڭلىك، ئاچچىق تەملىك يېلىمدىن ئىبارەت بولۇپ، يېلىمى «ئەپيۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.23 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئەپيۇننىڭ ئاساسلىق تەسىر قىلغۇچى ئالكالوئىدلىرىدىن هازىر-غىچە ئېنىقلانغانلىرى 25 خىل بولۇپ، ئۇلار ئومۇمىي مىقدارنىڭ %25—10 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق ئاتسىدوم مېكونىكوم بىلەن بىرىكىپ، تۇز هالىتىدە (مېكونات) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ياپونىيە ئەپيۇنىنىڭ ئالكالوئىدلىرى ئاساسلىقى %5.24 مورفىن (MorPhine)، %7~4 ناركوتىن (Narcotine)، پاپاۋېرىن (Papaverine)، %0.5 نارسېئىن (Narceine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كودامىن (codamin)، كوتارنىن (cotarnin)، كىرىپتوپىن (cryptopnme)، گىنوسېئوپىن (Ghoseopine)، هىدروكوتارنىن (Hydrocotarnine)، لانتوپىن (Lanthopine)، لاۋدانىدىن (Laudanidine)، مېكونىدىن (Meconidine)، ناركوتولىن (Narcotoline)، نىئوپىن (Niopine)، ئوكسىناركوتىن (oxynarcotine)، پاپاۋېرامىن (Papaveramine)، پورمىزوكسىن (Porhyroxine)، كسانتا-لىن (xanthaline) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئەپيۇن تەركىبىدە 20 نەچچە خىل ئالكالوئىد بار، ئەمما كلىنىكىدا ئىشلىتىلىدىغىنى پەقەت مورفىن، كودېئىن، پاپاۋېرىن ۋە ناركوتىن قاتارلىق تۆت خىلدىن ئىبارەت. باشقا ئالكالوئىدلارنىڭ مىقدارى ئاز بولغاچقا، ئەپيۇننىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ئانچە زور ئەمەس.

1. ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى: مورفىننىڭ ئاغرىق پەسەيتىش رولى كۆزگە كۆرۈنەر-لىك هەم يۇقىرى دەرىجىدە تاللاشچانلىقى بار. داۋاملىق ئەگىشىپ كېلىدىغان ئاغرىقلاردىن ئازابلىنىدىغان ئەھۋاللار تۆگەيدۇ.

2. ئۇخلىتىش تەسىرى: مورفىننىڭ ئۇخلىتىش تەسىرى بار. لېكىن ئۇيقۇ قىسقا بولىدۇ هەم بىمار ئاسان ئويغىنىپ كېتىدۇ. ھەقىقىي ئۇخلاتقۇچى دورا دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

3. نەپەسلىنىشنى تورمۇزلاش ۋە يۆتەل توختىتىش تەسىرى: مورفىننىڭ نەپەس مەركى-زىنى يۇقىرى دەرىجىدە تاللاش خاراكتېرلىك تورمۇزلاش رولى بار، نەپەس مەركىزىنى

تورمۇزلاشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىسى نەپەسلىنىش رىتىمى قىسقىراشتىن ئىبارەت. نەپەس مەركىزىنىڭ پالەچ بولۇپ قېلىشى مورفىندىن زەھەرلىنىشنىڭ بىۋاستە سەۋەبىدىن ئىبارەت.

مورفىننىڭ يۆتەل توختىتىش تەسىرىمۇ كۈچلۈك، بۇ ئاساسلىقى مورفىننىڭ يۆتەل مەركىزىنى تورمۇزلىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

4. يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى:

داۋالاش دورىسىدىكى مورفىننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىمارنىڭ قان بېسىمى، يۈرەك رىتىمى ۋە باشقا رىتىملەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىرى يوق، قان تومۇرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش مەركىزىگىمۇ روشەن ھالدا تەسىرى يوق. لېكىن بەدەننىڭ تۇرۇش ئورنى مەنبەلىك تۆۋەن قان بېسىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پاپاۋېرىن ھەر خىل سىلىق مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ چوڭ قىزىل تومۇرلارنىڭ سىلىق مۇسكۇللىرىدا سپازمىلىنىش مەۋجۇت بولۇۋاتقاندا، بوشىتىش تەسىرى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

5. ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە باشقا سىلىق مۇسكۇللۇق ئەزالارغا بولغان تەسىرى:

مورفىن قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. ئاساسلىق سەۋەبى: ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى ۋە ئۆلاردىكى يۈرمەك مۇسكۇللارنىڭ تارقىلىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەزىم سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئازايتقانلىقى ۋە تەرەت قىلىش ھېسسىياتىنى ئاستىلاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۈچەي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ماڭدۇرىدىغان ھەرىكەت زور دەرىجىدە ئاستىلاشقانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

پاپاۋېرىن ئۈچەي سىلىق مۇسكۇلىنى تورمۇزلىيالايدۇ، لېكىن تەسىرى بەك ئاجىز، مورفىن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆت يولى سپازمىسىنى ئازايتالمايدۇ.

6. باشقىلار: مورفىننى قايتا ـ قايتا ئىشلەتكەندە چىدامچانلىق پەيدا قىلىدۇ. لېكىن پەقەت مەركەزنى تورمۇزلاش تەسىرىدىلا مەسىلەن: ئارام بېرىش، ئۇخلىتىش، نەپەسنى تورمۇزلاش قاتارلىقلاردىلا چىدامچانلىق يۈز بېرىدۇ. ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق داۋاملىق ئىشلەتكەندە مورفىنغا خۇمار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مورفىننىڭ خۇشاللاندۇرۇش ئالامىتىدە بىمارنىڭ توغرا ھۆكۈم قىلىشى ۋە باھا بېرىش ئىقتىدارى پۈتۈنلەي ساقلىنىدۇ. ھەرىكەت

ئىقتىداردىمۇ توسقۇنلۇق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى يەككە - يېگانىلىقنى ياقتۇرۇش، خام - خىياللار ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشتىن ئىبارەت.

كودېئىننىڭ «خۇشاللاندۇرۇش» ئالامىتى ۋە خۇمارغا چۈشۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەن، پاپاۋېرىن خۇمارغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغ-رىق پەسەيتىش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە قان توختىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش، روھىي ھايۋانىنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قاتتىق ئاغرىقلار، ئۇيقۇسىزلىق، مېڭە پەردە ياللۇغى، مالىخولىيا، ئىچ سۈرۈش، تولغاق، نەزلىلىك زۇكام، يۆتەل، زىققە، باش، كۆز، قۇلاق ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان كونا قىزىتما ۋە دەۋرلىك قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇندىن باشقا چىش چۈشۈپ كېتىش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ ۋە ئېچىشىپ كېلىشى ھەمدە مەنىينىڭ تېز كېتىشى، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەپيۇندىن بىر گرام ئېلىپ، تۆتكە بۆلۈپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئارپا سۈيى بىلەن ئىچسە، سەرسام، شەقىقە ۋە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەپيۇننى زەپەر بىلەن ئېرىتىپ پۈركىلسا، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

3. رەۋغىنى نارجىل 25 مىللىلىتىر، رەۋغىنى كۇنجۇت 25 مىللىلىتىر، ئەپيۇن ئىككى گرام قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغرىغان ئورۇنغا سۈركىسە، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ.

4. ئەپيۇننى بادام يېغىدا ئېرىتىپ، قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 31~50 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن كۆپ ئىشلەتسە، هوشسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ، دائىم ئىشلەتسە، خۇمار قىلىپ قويۇپ، ياman ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەگەر قاتتىق قورساق ئاغرىقى پەيدا قىلسا، ئەمەن سۈيى بىلەن ھەمەل قىلىش ياكى قۇستۇرۇش، ئاشقازاننى يۇيۇش، ھىڭ يېگۈزۈش كېرەك.

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى، قان توختىتىشقا تاباشىر، گىلى مەختۇم، كەھرىۋا.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئىران، رۇسىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇن بەرشىشا، ھەببى سىل، ھەببى ئىمساك.

## بەزرۇلبەنجى

(天仙子 Tian xian zi 莨菪子 lang dang zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالبنج

[پارسچە نامى] بزرالبنج

[ئوردۇچە نامى] اجوائن خراسانى

[لاتىنچە نامى] Semen Hyosyami

[ئىنگلىزچە نامى] Henbane Seed; Black Henbane seed

[تونۇش]

بۇ پېدىگەن ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مىڭدىۋانە بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «مىڭدىۋانە» ياكى «بەزرۇلبەنجى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، كىچىك بۆرەك شەكلىدە، ئاق قىزىل، قارا رەڭلەردە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (2.23 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بەزرۇلبەنجى تەركىبىدە ئاساسلىقى بەزرۇلبەنجى ئالكالوئىدى ـ مىئوسىيامىن (Hyoscyadmine)، سكوپولامىن (scopolamine)، ئۇندىن باشقا يەنە مايلىق ياغ 25% كە يېتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بەزرۇلبەنجى تەركىبىدىكى مىئوسىيامىن، (بۇ ئاساس-

لىقى پاراتارتارىك تەنچە ۋە ئاستروپىنلاردىن ئىبارەت) ۋە سكوپولامىن قاتارلىقلارنىڭ ئاساس-لىق فارماكولوگىيىلىك تەسىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بەز تەنچىسى ۋە سىلىق مۇسكۇلغا بولغان تەسىرى: ئاتروپىن بەز تەنچىسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تىزگىنلەيدۇ. ھەرىكەت كۆچىيىپ كەتكەن ياكى تارتىشىش ھالىتىدىكى سىلىق مۇسكۇلغا نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بوشاشتۇرۇش رولى بار. كلىنىكىدا ئاشقازان ئۈچەي سپازمىسى ۋە ئاشقازان - ئاغرىقنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

2. يۈرەك قان تومۇرىغا بولغان تەسىرى: ئاتروپىن ئاداشقان نېرۋىنىڭ يۈرەكنى تورمۇزلىشىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك رىتىمىنى تېزلىتىدۇ.

3. كۆز قارىچۇقىنىڭ كېڭىيىشى: ئاتروپىن كۆز قارىچۇقنى كېڭەيتىپ، كۆز بېسىمى-نى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە پالەچلىكنى تەڭشەش رولىغا ئىگە.

4. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: بەزرۇلبەنجى ئالكالوئىدى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. ئەمما سكوپلامىن تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. كلىنىكىدا تىترىمە، پالەچ ۋە باش قېيىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، بىھوش قىلىش، قۇرۇ-تۇش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نەزلە، بەلغەملىك يۆتەل، باش ئاغرىقى، ئىچكى - تاشقى ئەزالاردىكى قاناشلىق، جاراھەتلىك كېسەللىكلەر، قولاق ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، مالىخولىيا، ئۇيقۇسىزلىق، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەزرۇلبەنجىنى سوقۇپ سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، باش ساھەسىگە چاپسا، باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. بەزرۇلبەنجى 3 گرام، زۇپا 10 گرام، پىرسىياۋشان 10 گرام، سەرپىستان 7 گرام، ئەرەب يېلىمى، كەتىرادىن 5 گرامدىن، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، يۆتەل توختىتىدۇ.

3. ئانارگۈلى 10 گرام، موزا 5 گرام، بەزرۇلبەنجى 3 گرام، گۈزەن، ئاقاقىيادىن 10 گرامدىن ئېلىپ، تالقانلاپ سۇيۇپ تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچكى ئەزالاردىكى جاراھەتلىك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 250 مىللىگرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىستېمال قىلسا ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتسە، نېرۋا خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ، بىمار ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قايماق ياكى يېڭى سۈت ئىچۈرۈش، قايتا ـ قايتا قۇستۇرۇش.

[ئورۇنباسارى] ئەپيۇن، كۆكنار.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى بەرشىشا، قۇرسى كاكنەج.

## كەندىر ئۇرۇقى

(火麻仁 huo ma huang)

[ئەرەبچە نامى] [ بزرالقنب، بزرورق الخيال

[پارسچە نامى] تخم حشيش، تخم بنگ

[ئوردۇچە نامى] بھنگ کی بیج، شہدانہ

[لاتىنچە نامى] Fructus Cannabis

[ئىنگلىزچە نامى] Hemp Fruit

[تونۇش]

بۇ كەندىر ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 3~1 مېتىر ئۆسىدىغان، بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەندىرنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇرۇق پوستى توق يېشىل رەڭلىك، تەمى سۇس، پۇرىقى ئاز، چاينىسا تىلنى قورۇيدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى «بەڭ» ياكى «بەزرۇلقەنەب» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (3.23 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە 30% مايلىق ياغ بولۇپ، بۇ ياغنىڭ يېڭىسى سارغۇچ يېشىل، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قوڭۇرسىمان سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. مايىنىڭ تەركىبىدە 10% تويۇنغان ماي كىسلاتاسى، 12% ياغ كىسلاتاسى، 53% زىغىر

كىسلاتاسى بار.

[فارماكولوگىيلىك تەسىرى] بۇنىڭ تىنكتورىنىڭ ئىسپىرت چىقىرىۋېتىلگەندىن كې-
يىنكى سۇتسىمان ياسالمىسى ناركوز قىلىنغان مۇشۇكنىڭ 12 بارماق ئۈچەيىگە بىر كىلوگ-
-رامغا ئىككى گرامدىن كىرگۈزۈلسە، يېرىم سائەت ئۆتكەندە قان بېسىم تۆۋەنلەشكە باشلاپ،
ئەسلىدىكى سەۋىيىسىنىڭ يېرىمىغىچە چۈشىدۇ، يۈرەك رىتىمى ۋە نەپەستە ھېچقانداق تۆۋەن-
لەش كۆرۈلمەيدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، تۇتۇش (قابىزلىق)، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما
قايتۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش،
خۇشال قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ئادەتلەنگەن باش ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقى، ھەيز كۆپ
كېلىش، ئۇيقۇسىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، ھەر خىل ئاغرىشلىق كېسەللىكلەر قاتارلىقلار-
غا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەندىر ئۇرۇقى 1.5 گرام، تاباشىر ئۈچ گرام، سوقۇپ، كالا سۈتى بىلەن قوشۇپ
ئىچسە، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

2. كەندىر ئۇرۇقى بىر گرام، ئۇستقۇددۇس بەش گرام، گاۋزىبان يەتتە گرام، سوقۇپ
سۇپۇپ قىلىپ ئىچسە، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كەندىر ئۇرۇقى ئىككى گرام، سۆئاپ ئۈچ گرام، شاقاقۇل بەش گرام، بۇغا
مۈڭگۈزى 1.5 گرام، سوقۇپ سۇپۇپ قىلىپ ئىچسە، باھ ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] نەشىنى كۆپ ئىشلىتىپ ئادەتلەنسە، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، مېڭە
خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، مالىخولىيا ۋە
ساراڭلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قايماق، سۈت، سىركەنجۇبىل، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] كۇنجۇت، پىستە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

## ئىتياقىقى گۈلى

(洋金花 yang jin hua)

[ئەرەبچە نامى] زہر جوز ماثل

[پارسچە نامى] گل تاتورہ، گل کر ماثل

[ئوردۇچە نامى] دھتورہ کی پھول

[لاتىنچە نامى] Flos Daturae Metelis

[ئىنگلىزچە نامى] Hindu Datura Fmower

[تونۇش]

بۇ پىدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاق گۈللۈك ئىتياقىقى ياكى تۈكلۈك ئىتياقىقى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «ۋاقىنىڭ گۈلى»، يوپۇرمىقى «ۋاقىنىڭ يوپۇرمىقى»، ئۇرۇقى «ۋاقىنىڭ ئۇرۇقى» ياكى «جەۋزماسىل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. گۈلى چوڭ، بىر ئاز پۈراقلىق، تەمى ئاچچىق، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېلىدۇ، بۇنداق كەلگەنلىرى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (4.23 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاق گۈللۈك ئىتياقىقى ئۆسۈملۈكىنىڭ ھەممە قىسمىنىڭ تەركىبىدە ئالكالوئىد بار، ئەمما گۈلىنىڭ تەركىبىدە تۇتقان مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 0.43% كە يېتىدۇ. ئالكالوئىد تەركىبىدە ئاساسلىقى بەزرۇلبەنجى ئالكالوئىدى، ھىئوسىن (Hyosine)، ھىئوسىئامىن (Hyoseyamine) لار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئاق گۈللۈك ئىتياقىقى گۈلىنىڭ ئاساسلىق ئۈنۈملۈك تەركىبى ھىئوسىندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. ئادەتتىكى دوزىسى كىشىلەرنى ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇخلىتىدۇ، ئۇ يەنە كەيپىياتتىكى ھاياجانلىنىشنى يوقىتىدۇ، ئايرىم بىمارلاردا بىئاراملىق، ھاياجانلىنىش، خىيالىي تۇيغۇ، ھەتتا ئېسىنى يوقىتىشتەك ئاتروپىنغا ئوخشاش قوزغىتىش ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ بۇرۇن پەقەت ناركوز

قىلىشتا بىرىلەتتى، دۆلىتىمىز فىزىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، سكوپولامىن چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ۋە ئوتتۇرا مېڭە تورسىمان قۇرۇلمىسىدىكى جانلاندۇرۇش سىستېمىسىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە، كلىنىكىدا ئىسپاتلىنىشىچە، فىزو-ستىگمىن ناھايىتى ياخشى ئويغۇ كەلتۈرگۈچى تەسىرگە ئىگە ئىكەن، سكوپولامىن نەپەسلە-نىش مەركىزىنى قوزغىتىدۇ، بۇنىڭ بۇنداق تەسىرى ئاتروپىندىن كۈچلۈك.

2. ئەتراپقا بولغان تەسىرى: سكوپولامىن قارىچۇقنى كېڭەيتىش، كۆز پالەچلىنىشى-نى ياخشىلاش، بەزلەرنىڭ سۈيۇقلۇق ئاجرىلىتىشىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. بۇ خىل تەسىرى ئاتروپىندىن بىر ھەسسە كۈچلۈك، يۈرەك ئاداشقان نېرۋىسىغا نىسبەتەن تەسىرى ئاجىزراق، جۇڭيى دورىلىرى بىلەن ناركوز قىلىش جەريانىدا يۈرەك رىتىمى تېزلىشىدۇ. بۇنداق چاغدا ئالدىدا بىرىلىدۇ پروپىرانولول (شىندىئەن)، ئۇنىڭ خولىپستېرىنغا قارشىلىق تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىتياكقى گۈلىنىڭ ئومۇمىي ئالكالوئىددىن ياسالغان ئوكۇل سۈيۈقلۇقى فوسفور ۋە يېزا ئىگىلىك دورىلىرى بىلەن زەھەرلىنىشنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلە-دۇ. ئۇ ئاتروپىنغا ئوخشاش قان تومۇرلاردا سپازمىنى بوشىتىدۇ، شوكقا قارشى رولىمۇ بار.

3. بەدەن ئىچىدىكى جەريانى ۋە زەھەرلىك تەسىرى: ئىتياكقى گۈلى ئومۇمىي ئىشقارى ئىچىلسە سۈمۈرلۈشى تېز بولۇپ، پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، بالا ھەمراھى ۋە تۆرەلمىسىدىن ئۆتۈپ ئايلىنىدۇ.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل ھەيدەش، مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكە، كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، سپازما بوشىتىش1

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زىققە، بوغۇم ئاغرىقلىرى، يۆتەل، بەل ۋە پۇت ئاغرىقى، كىچىك بالىلاردىكى تۇتقاقلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئوپېراتسىيە ناركوز دورىسى سۈپىتىدە ئىشلە-تىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەپيۇن 0.01 گرام، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى 2 گرام، بەزرۇلبەنجى 2 گرام، ئىتياكقى گۈلى 0.2 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلسە، ھەرخىل جىددىي خاراكتېر-لىك ئاغرىقلارنى توختىتىدۇ.

2. سۆرۈنجان، سانا، بەدىيان، جىنتىيانا 10 گرامدىن، ئىتياكقى گۈلى 0.2 گرام، دورىلاردىن سۈپۈپ تەييارلاپ ئىچسە، پۇت، بەل ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

3. ئەنسىل، زۇپا، پىرسىياۋشان، زىغىر 10 گرامدىن، ئىتياڭىقى گۇلىدىن 0.2 گرامدىن ئېلىپ كاشكاپ تەييارلاپ بەرسە، يۆتەل، زىققىغە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.3 ~ 0.6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇچ، بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] بەزرۇلبەنجى، كۆكنار گۇلى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى خەشخاش.

## ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى

(曼陀罗叶 man tuo luo ye)

[ئەرەبچە نامى] ورق جوز ماثل

[پارسچە نامى] برگ تاتوره، برگ گز ماثل

[ئوردۇچە نامى] دھتوره کی پتہ

[لاتىنچە نامى] Folium Daturae

[ئىنگلىزچە نامى] Jimson weed Leaf

[تونۇش]

بۇ پىدىگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئاق گۈللۈك ئىتياڭىقى ياكى تۈكلۈك ئىتياڭىقى قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، يوپۇرماق ئالىقىنى تۇخۇم شەكىللىك، ئىككى يۈزى تۈكسىز ياكى قىسقا، يۇمران تۈكلەر شالاڭ ئۆسكەن، يوپۇرماق تومۇرى تومپىيىپ چىققان بولىدۇ (5.23 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاق گۈللۈك ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى تەركىبىدە نۆلدە ئالتە پىر-سەنتكىچە ئومۇمىي ئالكالوئىد تۇتىدۇ، بۇ ئاساسلىقى ھىيوسىن (Hyoscine)، ھىئوسىئامىن (Hyoseyamine) ۋە ئاتروپىن (Atropine) لاردىن ئىبارەت.

تۈكلۈك ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى تەركىبىدە نۆلدە بەش پىرسەنتكىچە ئومۇمىي ئالكالوئىد تۇتىدۇ. بۇ ئاساسلىقى ھىيوسىن ۋە ھىئوسىئامىن يەنە كوسكو ھىگرىن (Cuscuhygrine)، مىتىلوئىدىن (Meteloidine) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ياۋروپا ئىتياڭىقى يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە نۆلدە قىرىق بەش پىرسەنتكىچە ئالكالوئىد بار، بۇ ئاساسلىقى ھىئوسىئامىن، ھىئوسىن، ئاتروپىن قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن. يوپۇرمى-

قى تەركىبىدىكى ئومۇمىي ئالكالوئىدىنىڭ تۇتقان مىقدارى يېرىم كېچىدە ئۆزگىرىدۇ، كەچ سائەت 23 دىن كېيىن كۆپىيىدۇ. ئەتىگەن يەتتىدىن كېيىن ئازىيىدۇ. سۆسۈن گۈللۈك ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى تەركىبىدە ئومۇمىي ئالكالوئىدىنىڭ مىقدارى ئازراق، لېكىن گۈلىدە ھىئوسىئامىن ۋە ھىئوسىن بار.

**[تەبىئىتى]** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**[خۇسۇسىيىتى]**

مەست قىلىش، تەشەننۇچ (سپازما) نى بوشىتىش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]**

زىققە، كۆكيۆتەل، بوغۇم ئاغرىقى، بوغۇم ئىششىقلىرى، بەل ئاغرىقى، پوقاق، بەز ئىششىقى، كۆيگەن جاراھەت، پەي، نېرۋا ئاغرىقلىرى، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، سۈت بېزى ياللۇغى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. ئىتياڭىقىنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنىڭ سۈپۈپىنى تاماكا ئورنىدا چېكىپ، تۈتۈنىنى پۈرىسا، زىققە ۋە يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

2. 0.5 گرام ئىتياڭىقى ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ قۇلاققا تېمىتسا، ئاغرىق توختىتىدۇ.

3. ئىتياڭىقىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ياغ بىلەن قايناتىپ، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورۇننى ياغلىسا، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە باشقا ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

4. ئىتياڭىقىنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، خېمىر قىلىپ سۇنغان جاينىڭ ئۈستىگە چاپلىسا، سېرىق سۇ يىغىلىشىنى توختىتىدۇ ھەم بەدەندىكى ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

5. ئىتياڭىقىنىڭ يوپۇرمىقىنى قايناتىپ سۈيى بىلەن پۇتلىرىنى يۇسا، پۇت ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** 0.6 گرام.

**[زىيانلىق تەسىرى]** زەھەرلىك بولۇپ، قان تومۇرلارغا زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** قارىمۇچ، بەديان.

**[ئورۇنباسارى]** كۆكنار پوستى ۋە گۈلى.

**[چىقىش ئورنى]** ئېلىمىز ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

**[پىششىق دورا ياسالمىسى]** ھەببى شىپا.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب قابىز دورىلار

تۇتۇش تەسىرى بولغان دورىلار بولۇپ بۇ خىل دورىلار، ئەزا توقۇلمىلارنىڭ بوشاپ كېتىشى، كېڭىيىپ كېتىشى، تۇتۇش قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىك (يەنى سوڭى چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقۇقى، مەنى تۇتالماسلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ تەرلەش، ئۇزۇن ۋاقىت ئىچى سۈرۈش، تەرەتتىن قان كېلىش …) ئالامەتلىرىگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

كلىنىكىدا ئورگانىزمنىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدىن بولغان كېسەللىك ئالامەتلىرى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرىغانلىقتىن، قابىز دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ. بۇ تۈردىكى دورىلارنىڭ قورۇش، قۇرۇتۇش، چىڭىتىش تەسىرى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ.

بۇ خىل دورىلارنى ئىشلەتكەندە دورىنىڭ مىقدارى ۋە ئىشلىتىلىش ۋاقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ خىل دورىلار كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ بەدەندىن چىقىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەللىكلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياكى غەيرىي تەبىئىي خىلىتلاردىن بولغان كېسەللىكلەردە، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى پىشۇرۇشتىن ئىلگىرى ئالدىراپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: يۇلغۇن، قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى، چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقى، ئاتقۇلاق ئۇرۇقى، مامسا، بەللۇت، جىگدە، كۇندۇر، ئانار ئۇرۇقى، ئازغان مېۋىسى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، تاجىگۈل، كۆكمارال، قاندالا، كەھرىۋا، ئاقاقىيا، تاباشىر، سالاجىت، ئوچاق چالمىسى، تازىلانغان شور، سىماقۇلئەبغەيىن، غاز تۇخۇم شاكىلى، ياچىۋەك تۇخۇمى، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك.

جىگدە، ھەببۇلئاس ئۇرۇقى، كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقى، شاقايىقۇننۇئمان، تالك، نىلۇپەر ئۇرۇقى، ئىنتىياگىقى ئۇرۇقى، قەھۋە، تاماكا يوپۇرمىقى، ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كەندىر ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، ئاق مەۋسەل، رەيھان ئۇرۇقى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ھىڭ.

## يۇلغۇن

(柽柳 cheng liu)

[ئەرەبچە نامى] طرفا

[پارسچە نامى] گز

[ئوردۇچە نامى] جھاؤ

[لاتىنچە نامى] Cacumen Tamaricis

[ئىنگلىزچە نامى] Branclet and leaf of Chinese tamarisk

[تونۇش]

بۇ يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ كۆپ شاخلىق يۇلغۇن بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ گۈللەشتىن بۇرۇنقى يۇمران شاخلىرى، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى «يۇلغۇن» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.24 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يۇلغۇن فىنولى، تامارىكون (Tamarikone)، تامارىكول (Tamarikol) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، يۆتەل پەسەيتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچنى قاتۇرۇش، تالنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى تارقىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيزنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ماخاۋ، سېرىقلىق چۇشۇش، جىگەر توسۇلۇش، ئىچى سۈرۈش، بالىياتقۇ قاناش ۋە بالىياتقۇ چىقۇقى، جىگەر ۋە تال قېتىش، يىرىڭلىق چاقا، بوۋاسىر، سۆگەل، سۈيدۈك ۋە ھەيز توسۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۇلغۇننى سىركە بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە، ئۆت ئاجىزلىقىدىن ۋە سەپرانىڭ ئۆتتە توختاپ قالغانلىقىدىن پەيدا بولغان سېرىقكېسەللىكە پايدا قىلىدۇ.

2. يۇلغۇن يىلتىزىدىن 240 گرامنى ھەر كۈنى قايىنتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرۇشقا پايدا قىلىدۇ.

3. يۇلغۇن، ئەنجۈر، سىركىلەرنى قايىنتىپ ئىچسە، تالنى يۇمشىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

4. يۇلغۇننىڭ ئۇرۇقىنى ئوبدان ئېزىپ چاپسا، يىرىڭلىق چاقىلارنى ۋە كۆيۈكتىن بولغان قاپارتقۇلارنى قۇرۇتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يەتتە گرام ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] باشقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] بۈزغۇي، كۆكنار.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاڭگاللىرىدا ئۆسىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] بوزۇرى شەربىتى.

## قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى

(红葡萄子 hong pu tao zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالزبيب

[پارسچە نامى] تخم مويز

[ئوردۇچە نامى] انگور خشک کی بج

[لاتىنچە نامى] Semen fructus Vitis Viniferae

[ئىنگلىزچە نامى] Seed fruit of grape

[تونۇش]

بۇ ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى قىزىل ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل قىزىل رەڭلەردە كېلىدۇ، ئۆزى قاتتىق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ (2.24 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

توتۇش، قورۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قۇرۇتۇش، مەنىي توختىتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھال، كۆپ تەرلەش، مەنىي يۈرۈپ كېتىش، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى بىلەن تاباشىرنى سوقۇپ قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بەرسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. تاباشىر 10 گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى بەش گرامدىن، سۈپۈپ قىلىپ، قېتىق سۈزمىسىدىن 20 گرامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھالنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 90 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ئۈچۈن زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجىۋىل، ئاچچىق- چۈچۈك مېۋىلەرنىڭ سۈيى، خەشخاش سۈيى.

[ئورۇنباسارى] كىشمىش.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى تاباشىر.

## چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقى

(椿白皮 chun bai pi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Cortex Toonae Sinensis Radicis

[ئىنگلىزچە نامى] Bark of chinese toona Root

[تونۇش]

بۇ يوپۇرماق تاشلايدىغان، چۈلۈك دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، مېۋىسىمۇ «چۈلۈك مېۋىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (3.24 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، تولغاق، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بوۋاسىر قاناش، ئۇزۇن مۇددەت تولغاق بولۇپ قان كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقى كاۋاۋچىن بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، ئاق خۇن كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

2. ئانار گۈلى، ئاقاقىيا، چۈلۈك يىلتىز پوستى، رۇسۇت قاتارلىقلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ ئىچىپ بەرسە، ھەر خىل بوۋاسىر قاناشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقىدىن 10 گرام، تاباشىر، نىشاستىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ، سۇيۇپ قىلىپ قېتىق سۇزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئۇزاق مۇددەت تولغاق بولۇپ قان تولغاققا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] چۈلۈك پوستىدىن 6 ~ 20 گرام، مېۋىسىدىن 4 ~ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] ئەنجىبار.

[چىقىش ئورنى] جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇپى گۈل.

## ئاتقۇلاق ئۇرۇقى

(酸模子 suan mo zi)

[ئەرەبچە نامى] بزر الحماض

[پارسچە نامى] تخم حماض، تخم ترشہ

[ئوردۇچە نامى] چوکی کی تخم

[لاتىنچە نامى] Semen Rumicis Acetosae

[ئىنگلىزچە نامى] Seed Garden Sorre

[تونۇش]

بۇ قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئاتقۇلاق ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى «ئاتقۇلاق ئۇرۇقى» ۋە «هومماز ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى، يۇمىلاق ئۈچ قىرلىق، پارقىراق، رەڭگى قارا قىزىل كېلىدۇ. تەمى ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ (4.24 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە هىپېرىن (Hyperin) بار. يىلتىزى تەركىبىدە %27.5، تاننىن، 19.8 مىللىگرام رەۋەن فىنولى، كراخمال، يېپىشقاق ماددا، شېكەر، پىگمېنت قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] هومماز يىلتىزى بىلەن ياسىغان %70 لىك مەلهەم %70 لىك ئىسپىرت بىلەن تەييارلانغان، تىنكتورىسى تەمرەتكە زەمبۇرۇغىنى تورمۇزلايدۇ، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يەككە يادرو هۈجەيرىلىك ۋە تېز خاراكتېرلىك لىمفا هۈجەيرە تىپىدىكى ئاق قان كېسىلى هۈجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە. يەنە بۇنىڭدا كىسلاتالىق كالىي ئوكسىلات ۋە ئازراق تارتىرات كىسلاتاسى، چۆپ كىسلاتاسى بولغانلىقتىن، كىسلاتا تەمى بار، بەزىدە چۆپ كىسلاتانىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە، زەهەرلەپ قويىدۇ، كىچىك بالىلار هومماز يوپۇرمىقىنى يەپ قويۇپ، ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەرمۇ بار، سۇدا ئايرىپ ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ زەمبۇرۇغقا قارشى تۇرۇش تەسىرىمۇ بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۇتۇش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ هارارىتىنى پەسەيتىش، ئاغرىق توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، تولغاق، ئۈچەي يارىسى، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئۆتكۈر ئۈسسۈزلۇق ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. نىشاستە، تاباشىر يەتتە گرامدىن، قېتىق سۈزمىسى بەش گرام، ئاتقۇلاق ئۇرۇقى ئۈچ گرام، دورىلارنى قائىدە بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىپ ئىچسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. ئەنجىبار 10 گرام ، كەهرىۋا بەش گرام، خۇنسىياۋشان، ئاتقۇلاق ئۇرۇقى 10

گرامدىن، ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلەتسە قاناشلىق جاراھەتلىك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئاتقۇلاق ئۇرۇقىنى چاينىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، قايىنتىپ سۈيىدە ئولتۇرغۇزسا، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھ، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شېكەر ۋە بەدىيان.

[ئورۇنباسارى] ھومماز بوستانى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن ھەم ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈيۈپى تىيىن، قۇرسى كەھرىۋا.

## مامىسا

(丽春花 li chun hua)

[ئەرەبچە نامى] مامثا

[پارسچە نامى] بن پوسته

[ئوردۇچە نامى] مامثا

[لاتىنچە نامى] Flos papaveris Rhoeadise

[ئىنگلىزچە نامى] Corn Popl Herba

[تونۇش]

بۇ كۆكنار ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك مامىسا، يەنى ياۋا كۆكنار بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى، مېۋە سۈيى ياكى پۈتۈن چۆپى «مامسا» ياكى «بەن پوسته» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى خەشخاش بەھرىگە ئوخشايدۇ، چوڭلۇقى قارا كۈنجۈت مىقدارىدا، رەڭگى سېرىق قارىغا مايىل، ئاسان سۇنىدۇ، ئاچچىق سۈيى بار، تەمى ئاچچىق (24 .5 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن چۆپىدە زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاجىزراق بولغان ئالكالوئىدلاردىن رېئادىن (Rhoeadine)، رېئاگېنىن (Rhoeagenin)، پروتوپىن (Protopine)

قاتارلىقلار، ئۇرۇق پوستىدا مورفىن (Morphine) ، ناركوتىن (Narcotine) ، تېبائىن (Thebaine) ئۇرۇقى، 47.6% ياغ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مورفىن، ناركتىنىن، تېبائىن قاتارلىقلارنىڭ ئۇخلىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش تەسىرى بار، ئۇرۇقى تەركىبىدىكى پولىساخارىدى تۇرىدىكلەرنىڭ راكقا قارشى تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، سوۋۇتۇش، قۇرۇتۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىقتىن بولغان كۆز ياشاڭغىراش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش، باش ئاغرىش، ئىسسىقتىن بولغان پۇت - قول بوغۇملىرىنىڭ ئاغرىقى ۋە ئىششىقى، يەلتاشما، پۇت - قول ئۇيۇشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مامىسا ئۇسارىسىنى سۈيۈلدۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، سىفلىس، ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك، ئۇچەي ئېچىشىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ ھەم چوڭ بوغۇم ئاغرىقلىرىنى توختىتىدۇ.

2. مامىسا بەش گرام، تاباشىر ئۈچ گرام، سوقۇپ سۈيۈپ قىلىپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مامىسا ئۈچ گرام، مەرۋايىت كۆشتىسى 1.5 گرام، سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ～ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تاتلىق بادام، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] سۆماق

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزدىن ۋە ياۋروپادىن چىقىدۇ.

# بەللۇت

(橡实 xiang shi)

[ئەرەبچە نامى] بلوط

[پارسچە نامى] بلوط

[ئوردۇچە نامى] شاه بلوط سیا ساری

[لاتىنچە نامى] Semen Cyclogalanopsis Glaucae

[ئىنگلىزچە نامى] Boue Japanese Oak Seed

[تونۇش]

بۇ دوب دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك دوب دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بۇ مېۋە قاتتىق، يۇمىلاق ۋە ئۇزۇنچاق ئىككى خىل بولىدۇ، يۇمىلاق كەلگىنى «شاھى بەللۇت» دېيىلىدۇ، بەللۇتنى چاقسا، ئىچىدىن مېغىزى چىقىدۇ، مېغىزىنىڭ ئۇستىدە نېپىز پەردە بار بولۇپ، بۇ خاسىڭ مېغىزىنىڭ پوستىغا ئوخشايدۇ، بۇ «جۇپتى بەللۇت» دېيىلىدۇ، ئۇ ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، رەڭگى ئوچۇق يېشىل بولۇپ، قۇرۇغاندا ئاقۇش سېرىق رەڭگە كىرىدۇ (24.6 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 60.4% كراخمال، 15~25% ماي بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، چىش مىلىكى قاناش، بوۋاسىر قاناش، ئاشقازان جاراھىتى، قان تۈكۈرۈش، مەنىي يۇرۇپ كېتىش، تولغاق، ئۈچەي يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بەللۇتنى سەئىدى كوفى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ ئىچسە، سۈيدۈك تېمىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 2 گرام بەللۇتنى سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ كاپ ئەتسە، ئىچنى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

3. 10 گرام بەللۇتنى 7 گرام سەئىدى كوفى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سۈپۈپ تەييارلاپ،

ئىچسە، سۈيدۈك تېمتىپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ.

4. ئاقاقىيا، بەللۇت، ئانارگۈلى 10 گرامدىن، سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئەزالاردىن كەلگەن ھەرخىل قاننى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] گالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] ئانارگۈلى، مەستىكى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ھەم ھىندىستان، نېپال قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى ئىمساك.

## جىگدە

(沙枣 sha zao)

[ئەرەبچە نامى] غبيرا

[پارسچە نامى] خوب دانه

[ئوردۇچە نامى] سنجد

[لاتىنچە نامى] Fructus Elaeagni Angustifoliae

[ئىنگلىزچە نامى] Russian olive Fruit

[تونۇش]

بۇ جىگدە ئائىلىسىدىكى چاتقال ياكى كىچىكرەك دەرەخ (Elaeagnus angustifolia) جىگدە ئۆسۈملۈكىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت، ئېللىپس شەكىللىك ياكى تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى سۇس سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى تاتلىق، ئىچىدە ئۇزۇنچاق، قارا ئاق يوللۇق ئۇرۇقى بار (24.7 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە %59~43 قەنت (بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن %20 مېۋە قەنتى)، تەخمىنەن %10 ئاقسىل ۋە تاننىن، فلاۋونلار، شىلىمشىق ماددا قاتارلىقلار بار، گۈلىنىڭ تەركىبىدە نۆل تۆت پىرسەنتكىچە ئۇچۇچان ياغ

كېمپپرول (Kaempfetol) ، لىۋكوئانتو سىيانىدىن (Leu coanthocyanidin) ، مايلىق ياغ قاتارلىقلار بار، يىلتىزى ۋە دەرەخنىڭ تەركىبىدە ئالكالوئىد بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] مېۋە چىلانمىسىنىڭ قورۇتۇلغان سۇيۇقلۇقى ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە. تەجرىبە قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىچى سۈرىدىغان ھايۋانلارغا نىسبەتەن كىچىك ئۈچەينىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تورمۇزلاش رولى بار، شۇڭا ئۈچەي ياللۇغىدىن كېلىپ چىققان ئىچى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، جىگدە يوپۇرمىقىنىڭ سۇدا ئېرىگەن مەھسۇلاتى يۈرەك كېسەللىكى ۋە يۈرەك سانجىقىنى داۋالاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىنى تۇتۇش، قان تازىلاش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۈيدۈكنىڭ تېمىپ كېلىشى، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سەپرادىن بولغان تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بالىلارغا بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جىگدە 5 تال، قەلەمپۇر، دارچىن، پوستى تۇرۇنجى 10 گرامدىن، بەدىيان 15 گرام، سوقۇپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، يەل تارقىتىدۇ.

2. جىگدە 10 تال، نىشاستە، تاباشىر، 5 گرامدىن ئېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 10 ～ 40 دانە.

[زىيانلىق تەسىرى] يەل پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، بەدىيان، زىرە.

[ئورۇنباسارى] پىندۇق، چىلان.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جىگدە شەربىتى.

# كۆندۈر
(乳香 ru xiang)

[ئەرەبچە نامى] كندر
[پارسچە نامى] كندرس
[ئوردۇچە نامى] كندر
[لاتىنچە نامى] Olibanum
[ئىنگلىزچە نامى] Frankin Cense
[تونۇش]

بۇ زەيتۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى كىچىك دەرەخ كارتېرى كۆندۈر دەرىخى (Bodowdri Biiretra Calilewso) دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى «كۆندۈر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىمپورت قىلىنغان كۆندۈر ئادەتتە سومالى كۆندۈرى ۋە ئېفىئوپىيە كۆندۈر-دىن ئىبارەت بولۇپ، سومالى كۆندۈرى ئۇزۇن، يومىلاق شەكىللىك، دانچە ياكى بىر-بىرىگە يېپىشىپ كەتكەن مونەكلەردىن ئىبارەت. سىرتقى يۈزى ئاق ۋە سۇس سېرىق رەڭلىك، تەمى سەل ئاچچىق، ئالاھىدە خۇش پۇراق كېلىدۇ. ئېفىئوپىيە كۆندۈرى سىرتقى يۈزى تەكشى بولمايدۇ، ئۇششاق دانچىسىمان شەكىلدە بولۇپ، سۇس سارغۇچ ئاق رەڭلىك ياكى سۇس سارغۇچ يېشىل رەڭلىك بولىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، لىمونىدەك پۇرىقى بار (24.8 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كۆندۈر تەركىبىدە 60~70% دەرەخ يېغى، 35~37% دەرەخ يېلىمى، 3~8% گىچە ئۇچۇچان ماي تۇتىدۇ. دەرەخ يېغىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى α—β—بوسۋېللىك كىسلاتا (α,β—Bo we llic acid)، 33% ئولبانورىزىن (olbanorsene) لاردىن ئىبارەت. دەرەخ يېلىمى ئاساسلىقى ئارا بىك كىسلاتاسى (Arabic acid) نىڭ كالتسىي تۇزى ياكى ماگنىي تۇزى 6% باسورىن (Bassorin) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇچۇچان ماينىڭ رەڭگى سۇس سېرىق، پۇراقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا پىنىن (Pinene)، دىپېنتىن (Dipentene) ۋە α، β، فىللاندرېن، (α,β—Phellandrene) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسىنى پۈتتۈرۈش، ئىششىق، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئاغرىق پەسەيتىش رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى ۋە ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، پارقىرىتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كالتە يۆتەل، كاناي شاخچىلىرى كېڭىيىپ كېتىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، ھەر خىل يارا، قاناشلىق كېسەللىكلەر، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، مەنىي يۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. جويۇز، بەسباسە، كۇندۇر، ئاقىرقەرھا ھەر بىرىدىن ئىككى گرامدىن ئېلىپ تالقانلاپ، ئىچىپ بەرسە، باھ ئاجىزلىقى، ئاق خۇن كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەنتىمۇن، غارىقۇن، ئۇستقۇدۇس، كۇندۇردىن 15 گرامدىن، ھەسەلدىن 200 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، ئىچىپ بەرسە، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. كۆكنار، نەغەز گۈلى، شادىنەج، كۇندۇر بەش گرامدىن، تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، قان توختىتىدۇ.

4. كۇندۇر 10 گرام، خۇنسىياۋشان يەتتە گرام، تاباشىر 10 گرام، ئەنزىرۇت 10 گرام، كەھرىۋا بەش گرام، مەستىكى 10 گرام، گۈل ئەرمىنى بەش گرام، قەنتتىن 20 گرام، قائىدە بويىچە تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، ئىچكى ئەزالار جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كۇندۇر، مەستىكى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ تالقانلاپ ئىچىپ بەرسە، مەنىي يۇرۇپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلەتسە ئىسسىق مىزاج كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] تەمرى ھىندى، نىلۇپەر.

[ئورۇنباسارى] مەستىكى.

[چىقىش ئورنى] ئېفىئوپىيە، سۇدان، جەنۇبىي ئەرەبىستان، سومالى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش كۇندۇر.

# ئانار ئۇرۇقى

(石榴子 shi liu zi)

[ئەرەبچە نامى] حب الرمان

[پارسچە نامى] اناردانہ

[ئوردۇچە نامى] انارکی بیج

[لاتىنچە نامى] Semen Punicae Granati

[ئىنگلىزچە نامى] Pomegranate Seed

[تونۇش]

بۇ ئانار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئانار كۆچىتىنىڭ كۈزدە مېۋىسى پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، ئانار دانىلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ سىقىپ سۈيى چىقىرىۋېلىنىپ، ئۇرۇقىنى ئايرىپ ئېلىپ، قۇرۇلغان قىسمى بولۇپ، بۇ ئۇرۇق «ئانار ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى قىرلىق، ئۇرۇق پوستى سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك، قاتتىق كېلىدۇ، ئۇرۇق مېغىزى سۈتتەك ئاق، تەمى ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق بولىدۇ (24. 9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئانار ئۇرۇقى تەركىبىدە ئانار كىسلاتاسى ۋە ماي قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئانار ئۇرۇقى يېغى ئوكۇلىنى تۇخۇمدېنى ئېلىۋېتىلگەن ياش چىشى چاشقان ياكى بالا چاشقانغا ئوكۇل قىلسا، ھورمونغا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قۇرۇش، تۇتۇش، ئىچ سۈرۈشنى، قاننى توختىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تاماق سىڭدۈرۈش، ھەزىمنى ياخشىلاش، چىشنىڭ تۈۋىنى چىڭىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ھەزىم ئاجىزلىقى، تولغاق، چىش تۈۋى بوشاپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئانار ئۇرۇقى، تاباشىر، قېتىقتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئانار پوستى بىلەن

تاباشىرنى سوقۇپ قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پىننە 10 گرام، ئانار ئۇرۇقى سەككىز گرام، قاقىلە بەش گرام، لاچىندانە بەش گرام، قەلەمپۇر ئۈچ گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ، تالقانلاپ، تاسقاپ چايلىق قىلىپ ئىچسە، ئىشتىھاسىزلىق ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئانار ئۇرۇقىنى قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تالقان تەييارلاپ، كۈندە 3 قېتىم ھەر قېتىمدا بەش گرامدىن ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ئاجىزلىقى، تولغاق، ئىچ بوشاپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 6~4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، بادام مېغىزى.

[ورۇنباسارى] زىغ.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

## ئازغان مېۋىسى

(蔷薇果 qiang wei guo)

[ئەرەبچە نامى] عوج

[پارسچە نامى] سفيدخار

[ئوردۇچە نامى] عوج

[لاتىنچە نامى] Fructus Rosa Multiflorae

[ئىنگلىزچە نامى] Fruit of Japanese rose

[تونۇش]

بۇ ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئانار دەرىخىگە يېقىن بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈك ئازغاننىڭ پىشقان مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «ئازغان مېۋىسى» ھەم «ئازغان مونچىقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، سىرتقى يۈزى قىزىل، پۇرىقى سۇس، تەمى ئاچچىقراق بولىدۇ. مېۋىسى ئىچىدە نۇرغۇن ئۇرۇقلىرى بار (24.10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئازغان مېۋىسى تەركىبىدە كېمفىرول (kaemprfol)، مولتىفلو-

رىن (multiflorin) قاتارلىقلار بار. گۈلىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي، كىتون، ئاستىراگا-
لىن (Astragalin) بار.

[فارموكولوگىيىلىك تەسىرى] كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى، تولغاق تاياقچە باكتېرىيە-
سى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىلەرنى
توسۇش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەنىينى تىزگىنلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، سۈيدۈكنىڭ قېتىم
سانىنى ئازايتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆپ ئېھتىلام بولۇش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشى، سىيىپ يېتىش، ئىچ سۈرۈش،
ئاق خۇن كۆپ كېلىش، كۆپ تەرلەش، بەل ۋە پۇت ـ قوللارنىڭ ئاغرىشى، يۆتەل، زىققە،
قىچىشقاق، كۆزگە ئاق چۈشۈش، قوتۇر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئازغان مېۋىسىدىن 10 ~ 15 گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، كۆپ ئېھتىلام بولۇش،
ئىششىق ياندۇرىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

2. ئازغان مېۋىسىدىن 25 ~ 30 گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، يۆتەل توختىتىدۇ.

3. ئازغان مېۋىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا،
چىقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

4. ئازغان مېۋىسىنى سىقىپ سۈيىنى سىقىۋېتىپ، رۇبىسىنى يەتتە كۈنگىچە ئۈزمەس-
تىن كۆزگە تېمىتسا، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

5. ئازغان مېۋىسىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ چايناپ بەرسە، ئېغىز ئىچىگە چىققان ھەر
خىل مۇدۇر چاقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. ئازغان مېۋىسىنى سىقىپ سۈيىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ،
تاشقى تەرەپتىن چاپسا، تېرە قىزىرىپ قېلىش كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] تالغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەترا.

[ئورۇنباسارى] ئاغنچە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە، رۇسىيە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئازغان مېۋىسى شەربىتى.

## سېمىزئوت ئۇرۇقى
(马齿苋子 ma chi xian zi)

[ئەرەبچە نامى] بزر بقلة الحمقا

[پارسچە نامى] تۇخمى بستان افروز

[ئوردۇچە نامى] خرفہ كى بيج

[لاتىنچە نامى] Semen Portulacae

[ئىنگلىزچە نامى] purslane Seed

[تونۇش]

بۇ سېمىزئوت ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك سېمىز ئوتنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇرۇقى ناھايىتى ئۇششاق، رەڭگى قارا، تەمسىز، پۇرىقى ئاجىز بولىدۇ (24.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا نۇر ئادرېنالىن (Noradrenalin) ۋە كۆپ مىقداردا كالىي تۇزى (كالىي نىترات، كالىي خلور، كالتسىي سۇلفات قاتارلىقلار)، ئۇنىڭدىن باشقا دوپامىن (Dopamine)، ئالما كىسلاتاسى، لىمون كىسلاتاسى، گلېۇتامىك كىسلاتا، ئاسپاراگىنىك كىسلاتا، ئالانىن، قومۇش شېكىرى، ئۈزۈم شېكىرى، مېۋە قەنتى قاتارلىقلار بار. ھەربىر 100 گىرام يېگىلى بولىدىغان قىسمى تەركىبىدە ئىككىدە ئۈچ گىرام ئاقسىل ماددىسى، 0.5 گىرام ماي، 3 گىرام شېكەر، 0.7 گىرام يىرىك تالا، 85 مىللىگىرام كالتسىي، 56 مىللىگىرام فوسفور، بىردە بەش مىللىگىرام تۆمۈر، 2.23 مىللىگىرام كاروتىن، 23 مىللىگىرام ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە يەنە ئالكولوئىد، كومارىن خىلىدىكىلەر فلاۋونلار، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گلۈكوزىد، ئانتىراكوينون گلۈكوزىدى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى 4 : 1 نىسبەتلىك قويۇقلۇقىنىڭ تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچەي

كېزىكى تاياقچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچىسى ۋە ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىلەرنىمۇ تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنى تەڭشەش، سەپرا ۋە قاننىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، چىرايىنى پارقىرىتىش، قان تازىلاش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، قان توختىتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، كۆپ ئۇسساش، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بولغان كېسەللىكلەر، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش، سىزلام، قائىدە بويىچە قايناتما، مېڭە پەردە يالللۇغى (سەرسام)، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوغۇن ئۇرۇقى 10 گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى 10 گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى 10 گىرام، ئوغرىتىكەن 10 گىرام، شوخلا 15 گىرام، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ.

2. تەمرى ھىندى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، زىخ قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گىرامدىن ئېلىپ قايناتما تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قايتۇرىدۇ.

3. سېمىزئوت ئۇرۇقىنى قايىنىتىپ سۈيىدە ئاق سەندەلنى سۈرۈپ باشقا چاپسا، باش ئاغرىقىغا مەنپەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گىرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا، سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادىيان، ھەسەل، پىننە.

[ئورۇنباسارى] ئىسپىغول، سېمىزئوت.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن، جۇملىدىن خوتەندىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇرسى كاكىنەج، شەربىتى بۇزۇرى.

# پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى
(车前子 che qian zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالسان الحمل
[پارسچە نامى] تخم بارتنگ
[ئوردۇچە نامى] بارتنگ بيج
[لاتىنچە نامى] Semen Plantaginis
[ئىنگلىزچە نامى] Seed Plantain
[تونۇش]

بۇ پاقىيوپۇرمىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك پاقىيوپۇرمىقى ياكى تۈز يىلتىزلىق پاقىيو-پۇرمىقىنىڭ پىشقان ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى ئېللىپسسىمان، توق بېغىررەڭدە، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ (12.24 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا شىلىمشىق ماددىلار، ئەرەب شېكىرى (Arabinasa)، كەھرىۋا كىسلاتاسى (Svccinic acid)، ئادىنىن (adenine)، ئۆت ئىشقارى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. سۈيدۈك ھەيدەش رولىغا ئىگە.

كىشىلەر ئادەتتە پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنىڭ قايىنىتىلمىسىدىن 10 گرام ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ناترىي خلورىد ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنى سىرتقا چىقىرىدۇ.

2. بوغۇم خالتىسىغا بولغان تەسىرى: پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قايىنىتىلمىسىدىن ئاز مىقداردا توشقاننىڭ بوغۇم بوشلۇقىغا ئوكۇل قىلىنسا، ئاۋۋال سىلىق پەردە ياللۇغىنى پەيدا قىلىپ، كېيىن قوشقۇچى توقۇلمىلارنى ئۆستۈرىدۇ ھەم بوششىپ كەتكەن بوغۇم خالتىسىنى ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قورۇش، تۇتۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچى سۈرۈش، تولغاق، ھەيز كۆپ كېلىش، جۆدەتكۈچى قىزىتما، سىل قاتارلىقلارغا

ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 6 گرام پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنى سۇغا چىلاپ، سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، ئىچى سۈرۈش ۋە تولغاقتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىدىن ئەرەق تارتىپ ئىستېمال قىلسا، يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5~7 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكە ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] پاقىيوپۇرمىقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى بارنەڭ، شەربىتى بۇزۇرى.

## يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى

(芫荽实 yuan sui shi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالكشز

[پارسچە نامى] تخم کشنز

[ئوردۇچە نامى] دھنیاکی بچ

[لاتىنچە نامى] Semen Coriandrum Satiwun

[ئىنگلىزچە نامى] Coriander Seed

[تونۇش]

بۇ كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك يۇمغاقسۈتنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، يۇمىلاق، رەڭگى ئاچ سېرىق، تەمى ئاچچىق، پۇراقلىق (24 .13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا تەخمىنەن %1.4 گىچە ئۇچۇچان ماي، %29 ماي، كامفورا (Campora)، دىپىنىن، لىنالى ئاتسىتات، بوزىلى ئاتسىتات قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۇرۇقى ئاشقازان، ئۈچەي بەزلىرىنىڭ ھەزىم سۇيۇقلۇقى ئاجرىلىپ چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تەركىبىدىكى ئۈچۈچان ماي زەمبۇرۇغلارنى تورمۇزلايدۇ ھەم يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئۆپكە ياللۇغى شارسىمان باكتېرىيىسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىلەرنى تورمۇزلايدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تەڭشەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، كۆكرەك خۇشلۇق يەتكۈزۈش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتما قايتۇرۇش، سۇلۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك چالاڭغۇراش؛ مېڭە، يۈرەك، ئۈچەي، ئاشقازان ئاجىزلىقى؛ گال ئاغرىقى، باش قېيىش، قانلىق ئىچى سۈرۈش، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ھەر خىل سۇلۇق جاراھەتلەر ۋە ئىششىقلار، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، كۆز ئاغرىقى، تاماق سىڭمەسلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنى قاينىتىپ ئىچسە، قانلىق ئىچى سۈرۈش ۋە ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشىنى توختىتىدۇ.

2. سەندەل، رۇم بەدىيان، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. 10 گرام يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنى يۇمشاق ئېزىپ، يىرىڭلىق جاراھەتكە سەپسە، قان توختىتىدۇ.

4. يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنى سوقۇپ، شېكەر قوشۇپ ئىچسە، كۆز ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، گاۋزىبان، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ چالا سوقۇپ، چايلىق قىلىپ ئىچسە مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

6. شاھتەررە، شوخلا، شاتۇت، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، گال ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2 ～ 14 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھقا زىيان قىلىدۇ.
[تۆزەتكۈچىسى] ئىلىتىلغان تۇخۇم.
[ئورۇنباسارى] ئۇسۇك ئۇرۇقى، كۆكنار ئۇرۇقى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئىترىفىل كەشنىز، تەرياقى نەزلە.

## تاجىگۈل

(鸡冠花 ji guan hua)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[گرېكچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Flos Celosiae Cristatae
[ئىنگلىزچە نامى] Gockscomb Flower
[تونۇش]
بۇ قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تاجىگۈلنىڭ گۈل تىزمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى قىزىل، پۇراقسىز، تەمسىز. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «تاجىگۈل»، ئۇرۇقى «تاجىگۈل ئۇرۇقى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (24.14 ـ رەسىم)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خىمىيىلىك تەركىبى] كامپىرىفترىن (Kam Pferitrin)، پىنتول (Pintol) ۋە كۆپ مىقداردىكى كالىي نىتراتتىن بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تاجىگۈل قايناتمىسى كىشىلەرنىڭ جىنسىي يول مويلۇق تامچە قۇرتىغا نىسبەتەن ئۆلتۈرۈش تەسىرىنى بېرىدۇ.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاساسلىقى قان توختىتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ھەيز توختىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
تولغاق، ھەيز كۆپ كېلىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، سۈيدۈك ۋە مەنىي تۇتالماسلىق،

قان تۇكۇرۇش، بوۋاسىر قاناش، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاجىگۇل، ئەنجىبار، ئاقسەندەل 10 گرامدىن، قىزىلگۇل چېچىكى يەتتە گرام، قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىچسە، ھەيزنى توختىتىدۇ.

2. تاجىگۇل يەتتە گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 5 گرامدىن، قايىنتىپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەردە باش ئاغرىقنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۇزەتكۈچىسى] ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] ئەڭلىكئوت.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجىبار.

## كۆكمارال

(景天 jing tian)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba Halotele Phii Erythrostieti

[ئىنگلىزچە نامى] Common Stone Crop Herba

[تونۇش]

بۇ كۆكمارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كامچاتكا كۆكمارالى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن تېنى «كۆكمارال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] كراخمال بىئولوگىيىلىك ئىشقارلار، موزا كىسلاتاسى، فلاۋونلار، قەنتلەر ۋە ئاقسىللاردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تاجىسمان قان تومۇر كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىنچلاندۇرۇش، قان توختىتىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان توختىتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، ئىششىق تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سۆزنەك، ھەر خىل ئىششىق ۋە ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. توشقانكالپۇك 10 گرام، بابۇنە 7 گرام، ئىكلىلمىلىك 7 گرام، يەرلىك شوخلا 10 گرام، كۆكمارال 10 گرام قائىدە بويىچە قاينىتىپ يەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە، ھەر خىل ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

2. كۆكمارال، ئانار گۈلى، ئاقاقىيا، رۇسۇت قاتارلىقلاردىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە، ھەر خىل قاناشلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە.

[ئورۇنباسارى] توشقانكالپۇك.

[چىقىش ئورنى] تاغ ئورمانلىقلىرىدىكى تاش دۆۋىلىرىدە ۋە قورام تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## قاندالا

(升麻 sheng ma)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Rhizoma Cimicifugae

[ئىنگلىزچە نامى] rhizome of largetrifoliolious bugbane

[تونۇش]

ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك قاندالانىڭ يىل-

تىزسىمان غولىدىن ئىبارەت (24.16 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] cimicifugine ، salicylic acid ، tannine ، resin ، caffeic acid، ferulaic acid ، cimifuein ، alkaloid ، carbohydrato ، β—sicsteron ، cimicifuginole، cimigenol Xyloside قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئاجرالمىسى ياكى تەركىبىدىكى isoferulic acid نىڭ ساغلام چوڭ چاشقاننىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى بولۇپ، چاشقاننىڭقىزىتمىسىنى پەسەيتىدۇ.

2. سۇدىكى قايىنتىلمىسى ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش ۋە دۆلىنىشكە قارشى تۇرۇش رولى بار.

3. ئىسپىرتلىق ئاجرالمىسىنىڭ كاربون تۆت خلورىد پەيدا قىلغان چوڭ چاشقاننىڭ جىگەر زەخمىسىنى قوغداش رولى بار.

4. يۈرەكنى تورمۇزلاش، يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلىتىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، تەندىن ئايرىلغان ئۆچەي ۋە ئىچىدە تۆرەلمە بولغان بالىياتقۇنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە. لېكىن ئىچىدە تۆرەلمە بولمىغان بالىياتقۇنى نى قوزغىتىش تەسىرى بار.

5. سىل تاياقچە باكتېرىيىسى بىلەن بىر قىسىم تېرە زەمبۇرۇغلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تەرلىتىش، ئەسۋىلەرنىڭ تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەللەرنى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل تەپ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، چىش مىلىكىنىڭ ئىششىپ ئاغرىشى، ئېغىز جاراھەتلىرى، گال ئاغرىقى، تارقىلىشچان زۇكام، تىلما، كېزىك، ئۇزۇن ۋاقىت ئىچى سۈرۈپ مەقئەت چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقىقى، ھەيز كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

قاندالانى قايىنتىپ، سۇيىدە ئېغىز چايقىسا، بەدەننى ۋاننا قىلسا ياكى يۇيۇنسا، ئېغىز يارىسى، چىش مىلىكى ياللۇغى، بەدەن ئاغرىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~9 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ مىقداردا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىشكە ۋە قىزىلنىڭ ئەسۋىسى تېرىگە تېپىپ چىقىۋاتقان مەزگىللەردە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] شاھتەررە.

[ئورۇنباسارى] كەت ھىندى.

[چىقىش ئورنى] خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەتبۇخى قاندالا.

## كەھرىۋا

(琥珀 hu po)

[ئەرەبچە نامى] مصباح الروم

[پارسچە نامى] کہربائع

[ئوردۇچە نامى] کہربا

[لاتىنچە نامى] Succinum

[ئىنگلىزچە نامى] Anber

[تونۇش]

بۇ پىناتسىيە دەيدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، بۇ دەرەخ ئەرەبچىدە «خۇز» دېيىلىدۇ، ناھايىتى سوغۇق جايلاردا ئۆسىدۇ، مۇشۇ دەرەختىن سىزىپ چىققاندىن كېيىنكى يېلىمنى يەرگە بىر يىلدىن ئارتۇقراق كۆمۈپ قويغاندا، بۇ دەرەخنىڭ يېلىمى تاشقا ئوخشاش قاتىدۇ، بەزىدە تامغان بۇ يېلىمغا سامان، ئۇششاق تاش ۋە ھاشاراتلار ئارىلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇ قېتىشما «كەھرىۋا» ياكى «قەھرىۋا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. كەھرىۋانىڭ دەرىخى ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى رۇمى يەنى (ياۋروپانىڭكى)، يەنە بىرى «يەرلىك» دۇر، بۇنىڭ ياخشىراقى «رۇمى» بولۇپ، قاتتىق، سۇزۇك، پارقىراما، تىللا رەڭگىدە سېرىق بولىدۇ، ئوتقا سالسا ئۇزۇندا ئېرىيدۇ، ئەگەر بۇنى قولغا سۈركىسە قىزىپ، ئۇنىڭدىن لىمون سۈيىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، ئۇششاق سامانلارنى ئۆزىگە

تارتىدۇ، پاختا ۋە يىپنىمۇ تارتىدۇ، بۇ يىلىمنى كەھرىۋا يەنى سامانىنى تارتقۇچى دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. ئەمما يەرلىكتە يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر بولمايدۇ، ئۇ قۇۋۋەتتە «رۇمى» دىن ئاجىزراق (24.17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەھرىۋا تەركىبىدە ئاساسلىق دەرەخ يىلىمى، ئۇچۇچان ياغ بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قان تۈكۈرۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، بۇرۇن قاناش، بوۋاسىر قاناش، ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ئىچى سۈرۈش، قان تولغاق، يۈرەك چالاكغۇراش، قۇسۇش ۋە باشقا قاناشلىق كېسەللىكلەر، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بۆرەك ئاجىزلىقى، سۇنۇق، ھەر خىل زەخىملىنىش، ھەر خىل جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەھرىۋانى يۇمشاق سوقۇپ سالايە قىلىپ، تۇخۇمنىڭ ئىقىغا چىلانغان پاختىغا بۇلاپ بۇرۇنغا تىقىپ قويسا، بۇرۇندىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ.

2. كەھرىۋادىن بىر يېرىم گرام، تاباشىردىن ئىككى گرام ئېلىپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ ئىچسە، كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىن كېلىدىغان قاننى توختىتىدۇ.

3. كەھرىۋا ئىككى گرام، مەرۋايىت بەش گرام، ئاق سەندەل ئۈچ گرام. قائىدە بويىچە سوقۇپ ئەرقى گۈل بىلەن ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاكغۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كەھرىۋا 1.5 گرام، مەستىكى ئۈچ گرام، دارچىن بەش گرام، دورىلارنى سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ.

5. 1.5 گرام كەھرىۋانى سوقۇپ، سەبرى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدە زىماد تەييارلاپ، بوۋاسىرغا چاپسا، بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

6. ئىككى گرام كەھرىۋانى سوقۇپ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سۇنۇققا چاپسا، سۇنۇقنىڭ تۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~4 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى]  بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى]  سۇندۇرۇس.

[چىقىش ئورنى]  ئىلىمىزنىڭ گۇاڭشى، خېنەن، لياۋنىڭ ھەمدە بىرما، بۇلغارىيە، يە قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى]  قۇرسى كەھرىۋا.

[قوشۇمچە]  پېشقەدەم ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە كەھرىۋا بىلەن سۇندۇرۇس ئىككىسى بىر بولۇپ، مەخسۇس غەرب ۋە شىمال تەرەپتىكى شەھەرلەردە بولىدۇ، ئەمما ھەر ئىككىسى ساماننى ئۆزىگە تارتىدۇ، ئەگەر سۇندۇرۇسنى قولغا سۈركەپ بىرئاز قىزىتسا، ئاندىن ساماننى تارتىدۇ، كەھرىۋانى قولغا سۈركەپ قىزىتمىسىمۇ ساماننى تارتىدۇ، سۇندۇرۇس يۇمشاق بولىدۇ، بۇنىڭدىن لىمون سۈيىنىڭ پۇرىقى كەلمەيدۇ، بۇنى قىرىپ ئىشلەتسىمۇ ئانچە پارقىرىمايدۇ، ئەمما كەھرىۋا قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن لىمون سۈيىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، ئىشلەتكەنسېرى پارقىرايدۇ، كۆيدۈرۈلسە ئۇنىڭدىن مەستىكىنىڭ پۇرىقى چىقىدۇ، سۇندۇرۇسنى كۆيدۈرسە، ئۇنىڭدىن كۆيدۈرۈلگەن مۈڭگۈزنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ.

## ئاقاقىيا

(阿拉伯胶树汁 a la bo jiao shu zhi)

[ئەرەبچە نامى]  اقاقيا

[پارسچە نامى]  صاره بجل

[ئوردۇچە نامى]  اقاقيا

[لاتىنچە نامى]  Gummi Acaciae

[ئىنگلىزچە نامى]  Acacia Gum Arabic Gum

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئاكاتسىيە دېگەن بىر خىل چاتقالسىمان تىكەنلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىدىن قاتقان دانىچە شەكىللىك، رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق، يېرىم سۈزۈك ماددا بولۇپ، «ئاقاقىيا» نامى بىلەن دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تېنى قاتتىق، چۈرۈك، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (24 .18 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى]  ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، چاچنى قارايتىش، قۇرۇتۇش، قۇستۇرۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، چىش مىلىكنى چىڭىتىش، زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان، ئۈچەي ۋە ئۆپكە جاراھەتلىرى؛ بۇرۇن قاناش، ئۆپكە سىلىدىكى قاناش، كىندىك چىقۇقى، خۇن تەۋرەش، قانلىق ئىچى سۈرۈش، مەقئەت چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقۇقى، بوۋاسىر، ھەر خىل جاراھەتلەر، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، چىش مىلىكى قاناش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئانارگۈلى، ئانار پوستى، ئاقاقىيا، ئەنجىبار، بەللۇت 10 گرامدىن ئېلىپ، قايناتما تەييارلاپ ئىچسە، خۇن تەۋرەشكە شىپا بولىدۇ.

2. ئاقا قىيا، رۇسۇت، ئەنجىباھار، جۇۋنا، قارا ھېلىلە 60 گرام، شېكەر 20 گرام، سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

3. ئاقاقىيانى زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، باشقا چاپسا چاچنى قارايتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5.0 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئەزالارغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] ئەدەس، سەندەل، رۇسۇت.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، سۇدان، سىنگال قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى ئەنجىباھار.

## تاباشىر

(天竺黄 tian zhu huang)

[ئەرەبچە نامى] طباشير

[پارسچە نامى] بنسلوچن

[ئوردۇچە نامى] طباشير

[لاتىنچە نامى] Concertio Silicea Bambusae

[ئىنگلىزچە نامى] Taba sheer

[تونۇش]

بۇ باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆك بامبۇك قاتارلىقلارنى بامبۇك پارازىت ھەرىلىرى يەپ كاۋاك قىلغاندا، بامبۇك كاۋاك ئارىلىقلىرىدا ساقلانغان سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىپ چۇشۇپ، قېتىپ قالغان مونەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆلچەمسىز كەلگەن، ئاق شېكەرگە ياكى پارقىرايدىغان سەدەپكە ئوخشايدۇ. سىرتى سۇتتەك ئاق ياكى ئاقۇش كۇلرەڭ، يەڭگىل، چۇرۇك، سۇدا ئېرىمەيدۇ، تەمى تاتلىق، ئېغىزغا سالسا تىلغا چاپلىشىدۇ. بۇ «تاباشىر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (24.19 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كالى ھىدروكسىد (Kali Hydroxidi)، سىلىسىيە ماددىسى (Siliciom) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئۇخلىتىش؛ 2. قان ئېقىم مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ، قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ، ياللۇغقا، ئۆسمىگە زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى تۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قورۇش، تۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، مەنىي تېز كېتىش، بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپ كېلىشى، يۈرەك چالاڭغۇراش (خەپىقان)، يۈرەك ئاجىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاباشىرنى قىزىلگۈل بىلەن قوشۇپ، سۇپۇپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

2. قېتىق سۇزمىسى 20 گرام، تاباشىر 10 گرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 5 گرام، قائىدە بويىچە سۇپۇپ قىلىپ، ئىچسە، قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىسھالنى توختىتىدۇ.

3. تاباشىر 10 گرام، ئاقاقىيا، ئەنجىباھار 7 گرامدىن، خۇنسىياۋشان 5 گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باھ ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، چىلان، زەپەر.

[ئورۇنباسارى] سىمىزئوت، سۇماق، گىلى مەختۇم.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى تاباشىر، سۇپۇپى گۇل.

## سالاجىت

[ئەرەبچە نامى] جرالورا

[پارسچە نامى] سلاجيت

[ئوردۇچە نامى] سلاجيت

[لاتىنچە نامى] Native paraffin

[ئىنگلىزچە نامى] Paraffin

[تونۇش]

بۇ ئېگىزلىكى 10 ~ 20 مېتىر ئەتراپىدا بولىدىغان، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان غوللۇق بىر خىل دەرەختىن ئېقىپ چىقىدىغان يىلىم دورا بولۇپ، پۇرىقى سۇس، رەڭگى قارا، تەمى بىر ئاز ئاچچىق كېلىدۇ (20.24 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىق تەركىبى سىمۇلادىن ئىبارەت، سىمۇلا بولسا سۇما-رىسنوك كىسلاتاسى ۋە كونقىر يىلىمىدىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشىنى توسۇش، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، يەل ھەيدەش، مەنىي ۋە سۈيدۈكنى تۇتۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك يوللىرىدىكى تاشنى ئېزىپ چىقىرىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ۋە بارلىق ئەزالارغا قۇۋۋەت بېرىش، كۆڭۈلنى كۆتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زەھەرلىنىش، يۆتەل، كاناي ياللۇغى، قورساق ئېسىلىش، باھ ئاجىزلىقى، مەنىي ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىق، سۈيدۈك يوللىرىغا تاش پەيدا بولۇش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۈندۈر، مەستىكى 10 گرامدىن، تۇخۇم سېرىقى 2 دانە، سالاجىت بەش گرام، قائىدە بويىچە سۈپۈپ تەييارلاپ يېسە، بالدۇر مەنىي يۈرۈپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئەرەب يېلىمى بەش گرام، رۇببۇسۇس، زۇپا 7 گرامدىن، سالاجىت 3 گران؛ قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە، يۆتەل ۋە كاناي ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پىننە، بادىيان، ئوغرىتىكەن 7 گرامدىن، سالاجىتتىن بەش گرام ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ بەرسە، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، قارىئۆرۈك.

[ئورۇنباسارى] كۈندۈر.

[چىقىش ئورنى] لائوس، ۋېيتنام، تايلاند قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى سالاجىت، ھەببى سالاجىت.

## ئوچاق چالمىسى
(伏龙肝 fo long gan)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Terra Fravausta

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ قالانغان ئوتۇن ۋە ئوت ـ چۆپلەردە ئىسلىنىپ كۆيگەن سارغۇچ قىزىل ئوچاق چالمىسى بولۇپ، «ئوچاق چالمىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (21.24 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە $H_2SiO_3$ ، $Fe_2O_3$ ، $Al_2O_3$ ، $K_2O$ ، $Na_2O$ ، $Ca_3PO_4$ ، $CaO$ ، $MgO$ قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قۇسۇشنى توختىتىش.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تال ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قۇسۇشنى ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھامىلدارلىقتىكى قۇسۇش، سوزۇلما ئۈچەي ياللۇغىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناش، بالىياتقۇ قاناش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئوچاق چالمىسى بىلەن قەغەز كۈلىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا بېسىپ بەرسە قان توختىتىدۇ.

2. ئوچاق چالمىسىنى گۈلقەنتكە ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا يەپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز. ئەمما تاش كۆمۈر قالىغان ئوچاقنىڭ توپىسى زەھەرلىك بولۇپ، ئۇ دورىغا ئىشلىتىلمەيدۇ، قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بېھى.

[ئورۇنباسارى] ئوتۇن كۆمۈرى.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## تازىلانغان شور

(硝石 xiao shi)

[ئەرەبچە نامى] شوره قلمی

[پارسچە نامى] البقر

[ئوردۇچە نامى] شوره کمار

[لاتىنچە نامى] Nitrum

[ئىنگلىزچە نامى] Niter

[تونۇش]

بۇ تەبىئىي ناترىي سۇلفىدنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ھاسىل بولغان كرىستال ماددا گلائۇبېر تۇزى بولۇپ، سۇسىز شور دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇزۇك چۇرۇك بولغانلىقى ئۈچۈن «تازىلانغان شور» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (24.22 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قورۇش، تۇتۇش، ئىچىنى توختىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ھارارەت پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۇمشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ۋە ئۈچەي جاراھىتى، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك تولغاق، ئېغىز يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاقاقىيا، بەللۇت، ئانارگۈلى، تازىلانغان شور قاتارلىقلارنى 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە ئۈچەي جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى بەش گرام؛ قېتىق سوزمىسى، تازىلانغان شور 10 گرامدىن؛ تاباشىر 7 گرام؛ قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىچسە، تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. تازىلانغان شور 7 گرام، ئەنجباھار 10 گرا، مەستىكى 5 گرام، خۇنسىياۋشان 12 گرام، كەھرىۋا 3 گرام؛ قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىچسە، قان توختىتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەي جاراھىتىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 8 ~ 16 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] پىيازەك بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىشكە ۋە ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[ئورۇنباسارى] يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زىمادى جاراھەت.

# سىماقۇلئەبغەيىن
(五倍子 wu bei zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Galla Chenensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Nut－gall

[تونۇش]

بۇ تاغدا بولىدىغان ئۈششاق موزا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ شېخىدا پەيدا بولىدىغان هاشارات قاپچۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ هاشارات قاپچۇقى «سىماقۇلئەبغەيىن» ياكى «ئۈششاق تاغ موزىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (24.23 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ياغ، ئاقسىلدىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۈچەي يولىدىكى ياللۇغنى قايتۇرۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، زەهەر قايتۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش قاتارلىق رولى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، تەر توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، سوزۇلما ئىچى سۈرۈش، مەقئەت چىقىپ قېلىش، كۆپ تەرلەش، قاناش، هەر خىل جاراهەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تاباشىر 10 گرام، سىماقۇلئەبغەيىن 5 گرام، سۇماق 10 گرام، ئىسپىغۇل 6 گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ 50 گرام قېتىق سۈزمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، يېسە قاندىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سىماقۇلئەبغەيىن بىلەن خۇنسىياۋشاندىن 5 گرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە جاراهەت ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ.

3. سىماقۇلئەبغەيىن 5 گرام، تۇخۇم شاكىلى 3 گرام؛ قائىدە بويىچە سوقۇپ يەرلىك

ئورۇنغا سەپسە قان توختىتىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 2~8 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بەدىيان، ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] سۇماق.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇب ۋە ئوتتۇرا قىسىم ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇپى سىماقۇلئەبغەيىن.

## غاز تۇخۇم شاكىلى

(鹅蛋壳 e dan ke)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Chorion Ovi Anserinus
[ئىنگلىزچە نامى] goose egg—shell
[تونۇش]
غاز تۇخۇمىنىڭ شاكىلى بولۇپ، رەڭگى ئاق رەڭدە، سەل قاتتىقراق، قېلىنراق كېلىدۇ.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
قۇرۇتۇش، قورۇش، تۇتۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
غەلۋىرەك ۋە ھەر خىل جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. غەز تۇخۇم شاكىلىنى قۇرۇتۇپ، سوقۇپ، سىركە بىلەن يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ، ئېغىز ئالمىغان غەلۋىرەكنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.
2. ئەنزىروت بىلەن غاز تۇخۇم شاكىلىنى قوشۇپ، سوقۇپ جاراھەتكە سەپسە جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتىدىن ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا.
[زىيانلىق تەسىرى] تېرىلەرنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[تۆزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ھەم باشقا مەملىكەتلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى ئاقاقىيا.

## ياچىۋەك تۇخۇمى

(桑螵蛸 sang piao xiao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Ootheca Mantidis

[ئىنگلىزچە نامى] Mantis Egg—case

[تونۇش]

بۇ ياچىۋەك تۇخۇمىنىڭ قېپى بولۇپ، شەكلى ئۇزۇنچاق، تۇخۇمسىمان، رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر، قاتمۇقات قەغەزسىمان ماددىدىن تۈزۈلگەن، چىڭ ھەم يېنىك بولۇپ، شاخقا يېپىشىپ تۇرغان تەرەپتە ئۇزۇن چوڭقۇر ئوقۇرى بولىدۇ، دۈمبە تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۆرتۈپ چىققان قىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن تۇخۇمى بار، بۇ قاپ «تۇشك تەۋرەتى»، «خىمىل دەستەڭ» ياكى «ياتا تۇڭ» ھەم «ياچىۋەك تۇخۇمى» نامىدا دورىغائىشلىتىلىدۇ (24.24 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، يىرىك تالا، تۆمۈر، كالتسىي، كاروتىن، لىمۇن كىسلاتاسى، ئامىنو كىسلاتاسى، تىرىئوتىن، ھىستىرىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ھېرىپ چارچاشنى تۈگىتىش، ئىممونىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، مايىنى ئېرىتىش، سۈيدۈك تۇتۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەنىي تۇتۇش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سىيگەكلىك، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، بەدەن ئاجىزلىقتىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياچمۇەك تۇخۇمى، قانتېپەر 12 گرامدىن؛ سېرىقيۈگەي ئۇرۇقى، مالىنا 20 گرامدىن؛ قائىدە بويىچە سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، سىيگەكلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ياچمۇەك تۇخۇمىدىن 8 گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ تۇز بىلەن قوشۇپ ئىچسە، كۆپ ئېھتىلام بولۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ياچمۇەك تۇخۇمى، سېرىقيۈگەي ئۇرۇقى، ئالقاتتىن 12 گرامدىن؛ قانتېپەردىن 16 گرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، بەدەن ئاجىزلىقتىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بەل تېلىپ ئاغرىش ۋە ماغدۇرسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 16 گرام.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن بولۇپمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

## تاشقا ئايلانغان سۆڭەك

(龙骨 long gu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Os Draconis

[ئىنگلىزچە نامى] Dragon's Bones

[تونۇش]

بۇ قەدىمكى ھايۋاناتلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭىكى بولۇپ، يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە قېزىۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ تۇپىدىن چىققاندىن كېيىن شامالداش بىلەن ئاسان ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ، شۇڭا قىلىن قەغەز بىلەن پۇختا ئوراپ قويۇش لازىم، بۇنىڭ گۈللۈك سىزىقلىرى بار قىسىملىرى تاللىۋېلىنىپ باشقا نەرسىلىرى چىقىرىۋېتىلىپ، ئۇۋۇتىلسا بۇ خام ھايۋانات سۆڭىكى بولىدۇ. خام ھايۋانات سۆڭىكىنى چوغدا قىزارتىپ، سۇۋۇغاندىن كېيىن ئۇۋۇتىلسا، پىشقان ھايۋانات سۆڭىكى بولىدۇ (24 .26 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاساسلىقى كالتسىي كاربونات، كالتسىي فوسفات ھەم ئاز مىقداردا تۆمۈر، كالىي، ناترىي، خلور قاتارلىق ماددىلار بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]
مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، كۆپ تەرلەشنى توختىتىش، مەنىنى تىزگىنلەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۈتۈش، جاراھەت ۋە يارا ئېغىزلىرىنى قۇرۇتۇش، گۆش ئۆندۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، كېچىسى سىيىپ يېتىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئاسارون 8 گرام، ئودسەلب 10 گرام، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك 10 گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچسە نېرۋا ئاجىزلىقى ھەم ئۇنتۇغاقلىققا شىپا بولىدۇ.

2. كۈندۈر، مەستىكى، ئاقىرقەرھا، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 5 گرامدىن ئېلىپ، سۇپۇپ قىلىپ ئىچسە سۈيدۈك تۇتالماسلىق، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ~ 35 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەك ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ئىتئۈزۈمى.

[ئورۇنباسارى] شادىنەج، كەھرىۋا.

[چىقىش ئورنى] ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] تاشقا ئايلانغان سۆڭەك قاينىتىلمىسى.

## جىگدە[1]

(沙枣 sha zao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]
ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، مەنىنى تۇتۇش، قان تازىلاش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش.

① تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

## ھەببۇلئاس[1]
(香桃木实 xiang tao mu shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
جاراھەت پۈتتۈرۈش، تەر ۋە قاننى توختىتىش، تۇتۇش، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش.

## كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقى[2]
(磨盘草子 mo pan cao zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، سۈت كۆپەيتىش.

## شاقايىقۇننۇئمان[3]
(白头翁 bai tou weng)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، بۇنىڭدىن ئېلىنغان ئەپيۇن، ئەزالارنى تۈيغۇسىز قىلىشتا ۋە مەست قىلىشتا كۆكنارنىڭ ئەپيۇندىن كۈچلۈك، شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستى كۆكنارنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستىدىن كۈچلۈك كېلىدۇ.

---
① تەپسىلاتى 25 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

## تالك[1]
(滑石 hua shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئەۋۋىلىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
قىزىتما قايتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ھارارەت پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

## نىلۇپەر ئۇرۇقى[2]
(莲子 lian zi)

[تەبىئىتى] خىمى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، پىشقى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆت ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما قايتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش، مەنىينى قويالتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

## ئىتياغىقى ئۇرۇقى[3]
(曼陀罗子 man tuo luo zi)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، مەست قىلىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش (قابىزلىق) ، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۇخلىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش.

## قەھۋە[4]
(咖啡 ka fei)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 21 ـ بابقا قاراڭ
④ تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، تومۇرلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

## تاماكا يوپۇرمىقى①

(烟草 yan cao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، چۈشكۈرتۈش، ئاغرىق توختىتىش، قايىز قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تومۇرلارنى ئېچىش، مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلاش ۋە مېڭە ئەسەبلەرنى قوزغىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

## ئەپيۇن②

(雅片 ya pian)

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مەست قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاغ-رىق پەسەيتىش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ۋە قان توختىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەڭشەش، روھىي ھايۋانىنى قۇۋۋەتلەش.

## بەزرۇلبەنجى③

(天仙子 Tian xian zi 莨菪子 lang dang zi)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، مەست قىلىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، بىھوش قىلىش، قۇرۇ-تۇش، قان توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ

## كەندىر ئۇرۇقى[1]
(火麻仁 huo ma huang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
مەست قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، تۇتۇش (قابىزلىق)، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، ئۇيقۇ كەلتۇرۇش، خۇشال قىلىش.

## يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى[2]
(芫荽实 yuan sui shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ياللۇغ قايتۇرۇش، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۇرلۇكىنى تەڭشەش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتما قايتۇرۇش، سۇلۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش، قان توختىتىش.

## ئاق مەۋسەل
(麦冬 mai dong)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، ئاشقازان، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## رەيھان ئۇرۇقى[4]
(罗勒子 luo lei zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

---

① تەپسىلاتى 23 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
④ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]
يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق توختىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىچنى قاتۇرۇش.

## ئەرەب يېلىمى[1]

(阿拉伯胶 a la bo jiao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەيىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## كەتىرا[2]

(西黄耆胶 xi huang shi jiao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل توختىتىش، يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش.

## ھىلتىت[3]

(阿魏 A wei)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
باھ، پەي ـ نېرۋىنى، بالىياتقۇ، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تېرىنى پارقىرىتىش، ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنى تەڭشەش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

# يىگىرمە بەشىنچى باب جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار

جاراھەت ئېغىزىنى قورۇپ، مىكروب ئۆلتۈرۈش، توقۇلمىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شەلۋەرەشكە قارشى تۇرۇش ھەمدە گۆش ئۈندۈرۈش تەسىرىنى بېرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇ-رۇپ جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرى (تاشقى زەخىملىنىشتىن توقۇلمىلار يېرىلىپ شەلۋەرەش، گۆشخور چاقا، ئاقما، ئاشقازان يارىسى، قىچىشقاق، سىفلىس …) دىن يەرلىك ئورۇن توقۇلمىلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغاندا، ئورگانىزمدا تۇرلۇك كېسەللىك ئۆزگىرى-شىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىرلاي-دۇ.

جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلارنىڭ تۇرى ۋە تەسىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، كېسەللىكلەر-گە ئىشلەتكەندە، مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار-نىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەسىرى قۇرۇق ئىسسىق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ، بۇ خىل دورىلار جاراھەت پۈتتۈرۈپ، گۆش ئۈندۈرۈش؛ توقۇلمىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىكروپ ئۆلتۈ-رۈش، بۇزۇق گۆشلەرنى يېيىش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: گۈل مەختۇم، مەدەستان، ھەبىئۇلئاس، كەتىراچىنى، كەركىدان مۈڭگۈزى، كۆكتاش، سەرتان نەھرى، سەرتان بەھرى، چارپاقا، گەج، سەنگى جاراھەت، رال، قەلەي، زەرنىخ، ئەنزىروت، ئانار پوستى، ئابنۇس، قەشقەر ئۈپىسى، تەبىئىي مىس، تەلق، تۇخۇم ئېقى پەردىسى.

ئاق موم، ئەڭلىك ئوت، تالك، جۇزنەك، ئاقاق، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك، رۇبىبىسۇس، راتيانەج، ئەرەب يېلىمى، موزا، كۆپىكى دەريا، مورمەككى، كات ھىندى، ئىشەك سۈتى.

# گىلى مەختۇم
(赤石脂 chi shi zhi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Halloysitum Rubrum

[ئىنگلىزچە نامى] red halloysite

[تونۇش]

مەختۇم سېغىزى سۇس قىزىل تەمسىز، پۇراقسىز؛ ئادەتتە پىششىقلاپ ئىشلەنگىنى تۇگمە شەكلىدە كېلىدۇ، بۇ سېغىز «گىلى مەختۇم، تىنول مەختۇم، قىزىللاي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (1.25 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، تۇتۇش، قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سىل كېسىلىدىكى قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي يارىسى، ھەر خىل جاراھەت، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، ھەر خىل زەھەرلىنىش، ئىچى سۈرۈش قاتار- لىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گىلى مەختۇمنى يۇمشاق سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، سىل كېسىلىدى- كى قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەي يارىسىدىكى قاناش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، جاراھەتنى قۇرۇپ قۇرۇتۇپ ساقىيىشنى تېزلىتىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى گىلى مەختۇمنى قايناق سۇ بىلەن نەمدەپ ھەر خىل ھاشارات چېقىۋالغان يەرگە سۈرتۈپ بەرسە، ھاشارەتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3. گىلى مەختۇمدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئەرقى گۇل بىلەن ئىچىپ بەرسە،

يۇرەكنى قۇۋۋەتلەپ، يۇرەك خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراشنىڭ ھەم يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر-نىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

4. گىلى مەختۇمدىن 3 گرام، تاباشىردىن 5 گرام، ناۋاتتىن 10 گرام ئېلىپ سۇپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپ-تىن 3 ~ 1 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئالغا زىيان قىلىدۇ، توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، قىزىلگۈل، بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] گىل ئەرمىنى.

[چىقىش ئورنى] چەتئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجىباھار.

## مەدەستان

(密陀僧 mi tuo seng)

[ئەرەبچە نامى] مرداخ

[پارسچە نامى] مردانگ

[ئوردۇچە نامى] مردارسنگ

[لاتىنچە نامى] Lithargyrum

[ئىنگلىزچە نامى] Litharge

[تونۇش]

بۇ تازىلانمىغان قوغۇشۇن ئوكسىد بولۇپ، ئۇ تۆمۈردىن باشقا مەدەنلەردىن ياسىلىدۇ، كۆپرەك قوغۇشۇن ۋە قەلەيدىن ياسىلىدۇ، كۈمۈشتىن تەييارلانغىنىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ، قوغۇشۇندىن ياسالغىنىنىڭ رەڭگى قىزىل سېرىققا مايىل بولىدۇ، ئالتۇندىن ياسالغى-نىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ، بۇنىڭ ياخشىراقى ساپ، رەڭگى سېرىق، پارقىراق، ئېغىر كەلگىنىدۇر (2.25 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] مەدەستاننىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى قوغۇشۇن ئوكسىد بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، جاراسىملارنى يوقۇتۇش تەسىرى

بار.

[تەبىئىتى] تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت ۋە زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش، يەل تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، يېڭى گۆش ئۈندۈرۈش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، قان توختىتىش، ئۈچەيدىكى قۇرتنى ئۆلتۈرۈش، بەلغەم بوشىتىش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل يىرىڭلىق ھۆل چاقىلار، قارا داغ، قوتۇر، قىچىشقاق، كۆپ تەرلەش، تېرە يېرىلىش، سۆزنەك، ھەر خىل جاراھەت، سىفلىس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى مەدەستاننى سوقۇپ، ئاچچىق بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، يۇزىگە چاپسا داغنى چۇشۇرىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى مەدەستاننى سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە زەخمىنى پۈتتۈرىدۇ. گۆش ئۈندۈرىدۇ.

3. مەدەستان كۈشتىسىدىن 0.3 گىرام ئېلىپ ئەرقى شاھتەررە ۋە ئىترىفىل چۆپچىنى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قائىدە بويىچە ئىچىپ بەرسە، سۆزنەك، سىفلىسقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچىدىن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىچكى تەرەپتىن ئىشلەتسە، سەللا ئېھتىيات قىلمىسا، ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى گىرامى ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، سۈيدۈكنى توختىتىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، نەپەسنى توختىتىدۇ، تىلنى تارتىشتۇرۇپ قويىدۇ، گالنى بوغىدۇ، ھەتتا ئۈچەينى تېشىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زەھەرلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، قۇستۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش، بەدەننى سېرىقچېچەك، ئەنجۈرنىڭ سۈلىرى بىلەن يۇيۇش، 3 گىرام مۇرمەككىنى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچكۈزۈش، ، گۆشلەرنى يېگۈزۈش، قوزا ۋە قېرى خورازنىڭ شورپىسىنى بېرىش، ھەر خىل مۇناسىپ شاراب سىركىسىنى بېرىش، تەرلىتىدىغان دورىلارنى بەدەنگە چېپىش، ياغلار بىلەن ياغلاش، قەۋزىيەت بولسا تەرەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلارنى بېرىش ياكى

ھومۇل قىلىش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ.
[ئورۇنباسارى] ئالتۇن كۆمۈش كۆشتىسى.
[چىقىش ئورنى] ئىلىمىزنىڭ خۇنەن، جاڭشا، جياڭسۇ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## ھەببۇلئاس

(香桃木实 xiang tao mu shi)

[ئەرەبچە نامى] حب الآس
[پارسچە نامى] تخم مۆرد
[ئوردۇچە نامى] حب الآس، آس کی بیج
[لاتىنچە نامى]
[ئىنگلىزچە نامى] Semen Myrtus Communis
[تونۇش]
بۇ مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ئاس دەرىخى بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ پىشاي دەپ قالغان مېۋىسى بولۇپ، «ھەببۇلئاس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا رەڭگى قارا، تەمى ئازراق ئاچچىق، تىلنى قورۇيدۇ (25 .3 ـ رەسىم).
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
جاراھەت پۈتتۈرۈش، تەر ۋە قاننى توختىتىش، تۇتۇش، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش، چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
قاناش، ئىچى سۈرۈش، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، قان سىيىش، ھەيز كۆپ كېلىش، يۈرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىچكى تەرەپتىن؛ ئۆتكۈر ئىششىقلار، يارا، يىرىڭلىق چاقا، كۆيۈك، چىش مىلىكى قاناش، ئېغىز ئاغرىقلىرىغا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ھەببۇلئاسنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى ئېزىپ كۆيگەن جايغا چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. ھەببۇلئاستىن 5 گرام، ئانار گۈلىدىن 5 گرام ئېلىپ سوقۇپ چىشقا چاپسا،

چىش مىلىكى قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ھەببۇلئاسنىڭ سۇپۇپىدىن 6 گرام ئېلىپ قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئىچى سۇرۇش، قان سىيىش ۋە ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشىنى تەڭشەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گۇلبىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] ئاقاقىيا، رۇسۇت، ئۇجمە.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستان، مالايسىيا، سىرلانكا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ، ئېلىمىزدە ئاز مىقداردا ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ھەببۇلئاس، جاۋارىش جالىنۇس.

## كەتىراچىنى

(黄芪 huang qi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix astragali

[ئىنگلىزچە نامى] Milkvetch Root

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى 50 ~ 80 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك شىنجاڭ كەتىراسىنىڭ يىلتىزى (Astragali propinqus Schisehk) بولۇپ، قۇرۇتۇلغان يىلتىزى سىلىندىر شەكىللىك، يۇقىرى تەرىپى تومراق، تۆۋەن تەرىپى ئىنچىكىرەك، سىرتى كۇلرەڭگە مايىل سېرىق رەڭدە، تەمى سەل تاتلىق، پۇرىقى سۇس بولىدۇ، يىلتىزى «كەتىراچىنى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (25.4 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە دىھىدرو ـ دىمتوكىسى فلاۋون، ئۆت ئىشقارى (Choline)، ئاچچىق ماددا، قىزىلچا ئىشقارى (Betain)، ئامىنو كىسلاتاسى، قومۇش شېكىرى، ئۈزۈم شېكىرى، شىلىمشىق ماددا، ئاز مىقداردا يوپۇرماق كىسلاتاسى،

كەندىر مېيى كىسلاتاسى قتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يۈرەك قان تومۇرلارغا بولغان تەسىرى: يۈرەك كلاپانلىرىنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىش، تاجىسىمان قان ـ تومۇر، يۈرەك قان ـ تومۇرىنى ھەم پۈتۈن بەدەندىكى قان ـ تومۇر ئۆچلىرىنى كېڭەيتىش، تېرە قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، بالىياتقۇنى قىسقارتىش تەسىرى بار.

2. باكتېرىيىلەرنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق ياندۇرۇش، تېرىنى يۇمران قىلىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، گۆش ئۈندۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، تەرلەشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئىچىنى توختىتىش، ھەر خىل چىقۇقلارنى ئورنىغا كەلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆپ تەرلەش، ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈش، سېرىق چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقۇقى، سوزۇلما خاراكتېرلىك يۈرەك جامى ياللۇغى، سۈت بېزى ياللۇغى، سوزۇلما خاراكتېرلىك يارا، ھەر خىل ئىششىق، ئۆزۈنغىچە ئېغىز ئالمىغان غەلۋىرەك، ھەيز توختاپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەتىراچىنىدىن 15 گرامنى 9 گرام قانتېپەر، 6 گرام پەرپىيۇن بىلەن قوشۇپ قايىنتىپ ئىچسە، سوگى چىقىپ قېلىش ۋە بالىياتقۇ چىقۇقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. كەتىراچىنىدىن 15 گرام ئېلىپ، 15 گرام كەرەپشە ئۇرۇقى، 5 دانە چوڭ چىلان قوشۇپ قايىنتىپ ئىچسە، يەڭگىل ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 15 ~ 8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى.

[ئورۇنباسارى] كەتىرا.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتاي، ئاقسۇ، تارباغاتاي رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەربىتى ئەنجىباھار.

[ئىزاھات] شىنجاڭدىن چىقىدىغان بىر خىل كەتىرا دەرىخى بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى بۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىپ ئادەتلىنىپ كېلىنگەن، بۇنىڭدىن كېيىن كەسپداشلار-نىڭ بۇ دەرەخنىڭ يىلىمىنى ئىشلىتىپ تەتقىق قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## كەركىدان مۈڭگۈزى

(犀牛角 xi niu jiao)

[ئەرەبچە نامى] قرن الحريب
[پارسچە نامى] شاخ کرگدن
[ئوردۇچە نامى] گینڈے کاسینگ
[لاتىنچە نامى] Cornu Rhinoceri otis
[ئىنگلىزچە نامى] Asiatici
[تونۇش]

بۇ قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان چوڭ ھايۋانات تۈرلىرىدىن بىرى بولغان كەركىدان ئائىلىسى-دىكى ھايۋانات بىر قانچە خىل كەركىداننىڭ مۈڭگۈزىدىن ئىبارەت. بۇ مۈڭگۈزلەر كونۇس شەكىللىك بولۇپ، تۆۋىدىن چىققانسېرى تەدرىجىي ئىنچىكىلەيدۇ، سىرتقى يۈزى قارا رەڭ-لىك، ئاستى تەرىپىنىڭ ئەتراپىدا ھەرە چىشسىمان چىشلىرى بولىدۇ، پۈرىقى خۇشپۇراق، تەمى ئاچچىق ئەمەس (5.25 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە مۈڭگۈز ئاقسىلى، كېراتىن (Keratin) بار، ئۇنىڭ-دىن باشقا ئاقسىللارمۇ بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يۈرەك قان تومۇرلىرىغا بولغان تەسىرى: كەركىدان مۈڭگۈزى قايناتمىسى نورمال ۋە ئاجىزراق چارپاقىغا بېرىلسە، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى كۆرۈلىدۇ.

2. قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى: كەركىدان مۈڭگۈزى ۋە كەڭ كەركىدان مۈڭگۈزلىرى-نىڭ، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى ئارقىلىق قىزىتما ھاسىل قىلىنغان توشقانغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىرى بولمىغان.

3. باشقا تەسىرى: كەركىدان مۈڭگۈزى ۋە كالا، قوي مۈڭگۈزلىرى توشقان ئۈچىيىنى قوزغىتىش رولىنى ئوينىغان.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش، مىزاجنى تەڭشەش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
بوۋاسىر، ئەزالار قاناش، ھەر خىل جاراھەت، قىيىن تۇغۇت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ تۈتۈنى بىلەن بالىياتقۇنى ئىسلىسا، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.
2. ئاقاقىيا، رۇسۇت، ئەنجىباھار، خۇنسىياۋشان 10 گرامدىن، كەركىدان مۈڭگۈزىدىن 5 گرام ئېلىپ تالقانلاپ ئىچسە، ئىچكى تاشقى ئەزالاردىكى قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ، ئىچىدىن 7~3 گرامغىچە.
[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ئاق سەندەل.
[ئورۇنباسارى] بۇغا مۈڭگۈزى.
[چىقىش ئورنى] كۆپرەك ھىندىستان ۋە ئافرىقىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] كەركىدان مۈڭگۈزى سوپۇپى.
[كەركىدان مۈڭگۈزىنى چىلاپ تەييارلاش ئۇسۇلى] (1) مۈڭگۈزنى يالپاقلاپ، قايناق سۇغا چىلاپ ھورلانغاندىن كېيىن يالپۇز جەۋھىرىدىن بىرئاز سېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. (2) مۈڭگۈزنى ئېزىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى مۇرەككەپ دورىلار تەركىبىگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

## كۆكتاش

(胆矾 dan fan)

[ئەرەبچە نامى] توتیاے اخضر
[پارسچە نامى] توتیاے اخضر
[ئوردۇچە نامى] نیلا توتیا
[لاتىنچە نامى] Chalcanthitum

[ئىنگلىزچە نامى] Chalcanthite

[تونۇش]

بۇ سۇلفات كىسلاتا تۇزلىرى تۈرىدىكى كان ماددىسى كۆكتاشنىڭ كرىستال رۇدىسى ياكى سۇنئىي ياسالما، تەركىبىدە سۇ تۇتقان مىس سۇلفات كىسلاتاسىدۇر. مىس كانلىرىدىن قېزىپ ئېلىپ كۆك رەڭلىك ۋە سۈزۈكلىرى تاللىۋېلىنىدۇ، بۇ رۇدىنىڭ تازىلاپ ئېلىنغان ماددىسى ياكى سۇنئىي ياسالغىنى «كۆكتاش» ياكى «دانە پەرەڭ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆلچەمسىز كاللەك شەكىللىك كرىستال جىسىم، رەڭگى توق كۆك ياكى سۇس كۆك، يېرىم سۈزۈك بولىدۇ، ئەينەكتەك، پارقىرايدۇ، ئۆزى چۈرۈك بولۇپ، ئاسان ئېزىلىدۇ، تەمى قىرىق، پۇراقسىز بولىدۇ (6.25 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭدا ئاساسلىقى مىس سولفات (Copper sulfate) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بار.

[تەبىئىتى] تۈتىنجى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت قۇرۇتۇش، بۇزۇق گۆشنى يېيىش، ئىچى غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل يارا ۋە جاراھەتلەر، ئىچى سۈرۈش ھەمدە قان بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆكتاشنىڭ كۇشتە قىلىنغان تالقىنىنى مۇناسىپ ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن چېپىپ بەرسە، زەخىملەرنى، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش.

2. كۆكتاشنىڭ كۇشتە قىلىنغان تالقىنىنى يەرلىك ئورۇنغا مۇۋاپىق سېپىپ بەرسە، كۆزنىڭ بۇرجەكلىرى، ياش خالتىسى، چىش مىلىكىگە چۈشكەن قاپارتقۇلار ۋە چىش مىلىكى قاناش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] زەھەرلىك، سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] مىقداردىن ئېشىپ كەتسە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قايماق، سۈت، تۇخۇم ئېقى، شورپا قاتارلىقلار.

[ئورۇنباسارى] مەدەستان.
[چىقىش ئورنى] يۈننەن، شەنشى، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھەمى زەنكار.

## سەرتان نەھرى
(河蟹 he xie)

[ئەرەبچە نامى] سرطان نهرى
[پارسچە نامى] خرچنگ
[ئوردۇچە نامى] سرطان محرق
[لاتىنچە نامى] caro eriocheiris
[ئىنگلىزچە نامى] meat of mitten Crab
[تونۇش]
بۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ياشايدىغان بىر خىل سۇ جانىۋارى بولۇپ، بېشى چايانغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جانىۋار «سۇ چايىنى» دېيىلىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى چىشىسى بولۇپ، بۇنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇنىڭ بەدىنىگە يىڭنىنى سانجىپ كۆرسە، ئەگەر ئاق سۇ چىقسا، چىشى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر سۇ چىقمىسا، ئەركىكى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ چوڭ ئۆستەڭ ۋە سۈيى تاتلىق دەريالاردا بولغىنى ياخشى ھېسابلىنىدۇ (25 . 7 ـ رەسىم)
.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
جاراھەت پۈتتۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، غىزا بولۇش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، سەمرىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، مەستلىكنى كېسىش، زەھەر قايتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ھەر خىل جاراھەت، باھ ئاجىزلىقى، ئورۇقلاش، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، كۆپ ئۇسساش، مەستلىك، يۇقىرى قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. سەرتان نەھرىدىن ئىككى ياكى ئۈچ دانە ئېلىپ قول ـ پۇتلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، يۇيۇپ، ئارپا ئۇنى بىلەن پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، سىل ۋە ئىسسىقتىن بولغان قۇرۇق يۆتەلگە

پايدا قىلىدۇ، ئەزالاردىكى قۇرۇقلۇقنى يوقىتىدۇ، ئىسسىقچان ۋە ئورۇق كىشىلەرنى سەمرىتىدۇ.

2. سەرتان نەھرىنى كەرەپشە، ئارپىبەديان بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ، قاينىتىلغان سۈيىدىن 90 مىللىلىتىر ئەتراپىدا بېرىلسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى ئېزىدۇ، سۈيدۈكنى ۋە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ.

3. سەرتان نەھرىنى تاغ رەيھىنى بىلەن ئېزىپ چايان چاققان كىشىلەرگە بەرسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

4. سەرتان نەھرىنى ئاق هاراق بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، سىيەلمەسلىك كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك يولىدىكى ئۇششاق تاشلارنى چۈشۈرىدۇ.

5. سەرتان نەھرىنى ئېشەك سۈتى بىلەن ئىچسە ئۆمۈچۈك، چايان ۋە باشقا زەھەرلىك هاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

6. سەرتان نەھرىنىڭ ئېزىپ چىقىرىلغان شىرنىسىدىن 20 گرامنى غار ـ غار قىلسا، گال بوغۇلۇپ قېلىش ۋە گال ئاغرىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. سەرتان نەھرىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلىنى زىمات قىلسا ئەمچەك راكىغا پايدا قىلىدۇ.

8. سەرتان نەھرىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ چاپسا، ئاق داغ ۋە يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، جاراھەتنى قۇرۇتىدۇ.

9. سەرتان نەھرىنىڭ كۈلىنى زەيتۇن يېغى، سىركە، جاۋشىر، يۇلغۇن يېلىمى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ، غالجىر ئىت چىشلىگەن يەرگە چاپسا پايدا قىلىدۇ، ئەگەر كېسەل بىرئاز كونىراپ قالغان بولسا، ئىككى قوشۇق مىقداردا ئىچىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈلى ۋە خېمىرىدىن 1 ~ 12 گرام بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] گىلى مەختۇم.

[ئورۇنباسارى] سەدەپ قۇلۇلىسى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ دەريالىرىدىن چىقىدۇ.

[كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى] بۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئىچىنى تازىلاپ، ئاندىن كېيىن سۆگەت ياغىچىنىڭ كۈلى ۋە تۇز بىلەن ئوبدان يۇيۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن سۇ تەگمىگەن ساپال كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئوبدان بېكىتىپ، بۇغداي كېپىكى، لەيلىقازاق ۋە تۇز بىلەن لاي قىلىپ كوزا ئېغىزى چاپلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن ئوت سېلىنغان

تونۇرنىڭ ئوتىنى تارتىۋېلىپ، كوزىنى ئوتتۇرىسىدا قويۇپ، تونۇر دۇملەپ قويۇلىدۇ، ئاخشامدا قويساق ئەتىگەندە، ئەتىگەندە قويساق ئاخشامدا ئېلىپ ئىشلىتىمىز.

## سەرتان بەھرى

(海蟹 hai xie)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] caro eriocheiris

[ئىنگلىزچە نامى] meat of mitten crab

[تونۇش]

بۇ شور دەريا قاتارلىق دېڭىزلاردا ياشايدىغان، بېشى چايانغا ئوخشايدىغان بىر خىل سۇ جانىۋىرى بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، داۋاملىق دەريادا تۇرسا يۇمشاق تۇرىدۇ، دەريادىن چىقىرىلغاندىن كېيىن ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىش بىلەنلا تاشتەك قاتىدۇ، ئاق، يۇمشاق كېلىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىرى بەك ئاق كېلىدۇ، ئاياللار قولىقىغا سالىدىغان زىرىگە ئوخشايدۇ (8.25 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قابىز، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە سىلى، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى، قاپاق ساڭگىلاش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەرتان بەھرىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى تاش سۇرمە بىلەن يۇمشىتىپ كۆزگە تارتسا، كۆزنىڭ ھۆللۈكىنى يوقىتىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

2. سەرتان بەھرىنى ئېزىپ يۈزگە چاپسا داغ ۋە سەپكۈنگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتقى تەرەپتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەگەر ئىشلىتىلسە ئادەمنىڭ هاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك، ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] گىل ئەرمىنى.

[چىقىش ئورنى] ھىندى دېڭىزىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈيۈپى سەرتان.

## چارپاقا

(蟾蜍 chan chu)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Succys Bufo

[ئىنگلىزچە نامى] Dried Toad

[تونۇش]

بۇ پاقا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چار پاقا (Rana nigroma culata Hallowell) نىڭ قۇرۇتۇلغان پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، «چارپاقا» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (25 . 9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] پۈتۈن تېنىدە سۇ، ئاقسىل، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىن A، $B_1$، $B_2$، C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] 1. پاقا گۆشىنىڭ فوسفات تۇزلۇق ئېرىتمىسى بىلەن ئېلىنغان سۈيۈقلۇق ئادرېنالىن ۋە نورئادرېنالىننىڭ تەسىرىنى بۇزىدۇ.

چارپاقىنىڭ تېرىسى، گۆشىدىن 3 خىل پېپتىد ئاجرىتىپ ئېلىنغان، بۇنىڭ بىر خىلى برادىكىنىن (Bradykinin) دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەندىن ئايرىلغان بالىياتقۇنى قىسقارتىدۇ.

2. يۈرەكنى كۈچەيتىش تەسىرى: كىچىك مىقداردىكى پاقا ئېرىتمىسى تەندىن ئايرىلغان پاقىنىڭ يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىدۇ.

يەرلىك ئۇرۇننى ناركوز قىلىش تەسىرى: پاقا ئېرىتمىسىنى تېرە ياكى يەرلىك ئورۇن شىللىق پەردىلىرىگە چاپلاندا يەڭگىل دەرىجىدە مەست قىلىدۇ، ئەڭ تۆۋەن ئۈنۈملۈك مىقدارى يېرىم پىرسەنت.

4. ئاغرىق پەسەيتىش رولى: پاقا ئېرىتمىسىنى كىچىك چاشقان، ئۆي توشقىنىغا تەجرىبە قىلغاندا ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش رولى بارلىقى ئېنىقلانغان.

5. ياللۇغلىنىشقا قارشى تەسىرى: پاقا ئېرىتمىسىنى تەندىن ئايرىلغان ئەزاغا تەجرىبە قىلسا باكتېرىيىنى تىزگىنلەش رولى يوق، بىراق يەرلىك ئورۇندىكى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ۋە زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىلەردىن يۇقۇملانغان ئۆي توشقانلىرىغا مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلغاندا كېسەل ئوچىقىنىڭ كېڭىيىشىنى توسقان.

6. پاقا تېرىسى ئېرىتمىسى كىچىك چاشقاننىڭ ئۆسمىسىنى تىزگىنلەش رولىغا ئىگە.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆسمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، چاچ چىقىرىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل قاناش، سۇلۇق ئىششىق ۋە ھەر خىل جاراھەتلەر، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، چاچ چۈشۈپ كېتىش، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. پاقىنىڭ قارنىنى يېرىپ يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا، پىچاق، قىلىچ كىرگەن جاراھەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قۇرۇتۇلغان پاقىنى سوقۇپ سۈپۈپىنى سىرتىدىن سەپسە قان توختىتىدۇ.

3. پاقىنىڭ قارنىنى يېرىپ قاينىتىپ سۈيىدە ئېغىزنى چايقىسا چىش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. پاقىنىڭ پۇت - قوللىرىنى كېسىۋېتىپ، ئىچ ئەزاسىنى تازىلاپ، بۆرەك يېغىدا پىشۇرۇپ، يېغىنى چىقىرىپ سىرتىدىن ياغلىسا بۇۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى]  مىقدارى ئېشىپ كەتسە ياكى كۆك، سېرىق، قارا پاقا ئىستېمال قىلىنىپ قالسا، ئىچكى ئەزا ئىششىش، تېرە رەڭگى بۇزۇلۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۈرەك ئاغرىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى]  تۇز، سېرىقچېچەك سۈيى، سىركەنجىۋىل، دارچىن.

[ئورۇنباسارى]  قىزىل قولتۇقلۇق پاقا.

[چىقىش ئورنى]  ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدىن چىقىدۇ ھەمدە چەت ئەللەردىنمۇ چىقىدۇ.

[قوشۇمچە]  پاقىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىلى پاقىسى (قىزىل قولتۇقلۇق پاقا) كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

## گەج

## (石膏 shi gao)

[ئەرەبچە نامى]  نوره كلس

[پارسچە نامى]  گچ

[ئوردۇچە نامى]  چونا، آهک

[لاتىنچە نامى]  Gypsum Fibrosum

[ئىنگلىزچە نامى]  Gypsum

[تونۇش]

گەج تېشى ھەممىگە تونۇش بولغان بىر خىل قاتتىق مىنېرال بولۇپ، ئۇ ئوچۇق ئاق رەڭگە كىرگۈچە قىزدۇرۇلۇپ سوۋۇغاندا سوقۇپ گەج تەييارلىنىدۇ (10.25 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]  ئاساسلىق تەركىبى: كالتسىي فوسفات بولۇپ، يەنە ئاز مىقداردا ئالىيومىن، ماگنىي، فتور، مانگان، سىنىك قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى]  قىزىتما پەسەيتىش، بەدەننىڭ ئىممونىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، مۇسكۇللار ھەرىكىتىنى ياخشىلاش، تەسىرىگە ئىگە.

[تەبىئىتى]  ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، قىزىتمىنى چۈشۈرۈش، ئاغرىق

پەسەيتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل جاراھەت، ھەر خىل ئىششىق، ئۆتكۈر قىزىتما، بۇرۇن قاناش، بالىياتقۇ قاناش، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى گەجنى سوقۇپ سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا، قان توختىتىدۇ. جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

2. گەج، تۇخۇم ئېقى، تۇز، ئەمەنلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىركە بىلەن مەلھەم تەييارلاپ، پېشانىگە چاپسا، توختىمىغان بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. بالىياتقۇ ساھەسىگە چاپسا، بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

3. گەجنى يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ چاپسا، يەلتاشما ۋە تېرە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 گرام ئاساسەن سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] سېغىز.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] گەج مەلھىمى.

## سەنگى جاراھەت

(硅酸镁 gui suan mei)

[ئەرەبچە نامى] حجرالاجراحي

[پارسچە نامى] سنگ جراحت

[ئوردۇچە نامى] سرگولا

[لاتىنچە نامى] magnesia silicste

[ئىنگلىزچە نامى] Soap stone

[تونۇش]

بۇ ئاقۇش پوررەڭ ياكى يېشىلغا مايىل كەلگەن كاللەك، ياپىلاق شەكىللىك تاش بولۇپ، ئۇنى تۇتسا سوپۇندەك مايلىشاڭغۇ سېزىم بېرىدۇ، ئۇۋۇلىسا ئاسانلا تالقانغا ئايلىنىدۇ، سۇدا ياخشى ئېرىمەيدۇ، بۇ تاش «سەنگى جاراھەت» ياكى «جاراھەت تېشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (25.11 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، ئىچنى قاتۇرۇش، قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەيز كۆپ كېلىش، قان سىيىش، قان تۈكۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، ھەر خىل يارا، مودۇرلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سەنگى جاراھەت 1 گرام، تاباشىر 10 گرام، قېتىق سۇزمىسىدىن 20 گرام ئېلىپ، مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك قىلىپ قانىغان ئورۇنغا باسسا قان توختىتىدۇ ياكى تالقىنىنى يېپە قانلىق ئىسھالغا شىپا بولىدۇ.

2. سەنگى جاراھەتنى يۇمشاق ئېزىپ يارىلارغا سەپسە، يارىلار ساقىيىدۇ.

3. سەنگى جاراھەت سۇپۇپىنى سۇ ياكى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا، ھەر خىل ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

4. سەنگى جاراھەتنى كۆيدۈرۈپ، سۇنۇن تەييارلاپ چىشقا سۈركىسە، چىشنى چىڭىتىدۇ ۋە پارقىرىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1 ~ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] دوۋساقا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بەديان، ئوغرىتكەن، ئىتئۈزۈمى.

[ئورۇنباسارى] خۇنسىياۋشان، شادىنەچ.

[چىقىش ئورنى] ئەرەبىستاننىڭ باياۋانلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياساللىسى] سۇپۇپى سەنگى جاراھەت، مەجۇنى سەنگى جاھارەت.

# رال

(娑罗双树 suo luo shuang shu)

[ئەرەبچە نامى] شجر

[پارسچە نامى] لعل معبرى

[ئوردۇچە نامى] رال

[لاتىنچە نامى] Resina Shorea robustae

[ئىنگلىزچە نامى] Shall Fruit Eagleswood

[تونۇش]

بۇ سەنۇبەر تۈرىدىكى سال (ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ «سىكدە» دېگەن بولۇپ، «سال» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) دېگەن دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، يېلىمى «قەيقەھرى» ياكى «رال» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يۇمشاق، بوش بولۇپ، ئېزىلىشى ئوڭاي، ئوت هارارىتى بىلەن ئېرىيدۇ، قىزىلراق ئاپئاپتىمۇ ئېرىيدۇ، پۇرىقى سېسىق، نېفىت پۇرىقىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى سېرىققا مايىل، ئېرىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پارچىلىرى بىر ئاز ياپىلاق ئاق سېرىق، بەزىلىرى تۇپا رەڭ، تەمى تېتىقسىز، ئازراق شىلىمشىق بولىدۇ (25 .12 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

تۇتقاقلىق كېسەل، زىققە، ئىستىسقا، ھەيز توسۇلۇش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش ۋە ئاغرىش، ھەر خىل جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. خۇنسىياۋشان، گىل ئەرمىنى، ئانارگۈلى، رال قاتارلىقلارنى 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ ئىچسە ئىچكى ئەزالاردىكى قاناشنى توختىتىدۇ.

2. تۇتىيا 1 گرام، مامىرانچىنى، كۆپىگى دەريا، راللارنى 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ تالقانلاپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆزگە تارتسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

3. رالنى سوقۇپ تالقانلاپ، ھەسەل سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىچسە ھەيزنى راۋان

قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، كۆكنار.

[ئورۇنباسارى] ئەنزىرۇت.

[چىقىش ئورنى] ھىندىستاندىن چىقىدۇ.

## قەلەي

(锡 xi)

[ئەرەبچە نامى] رصاص ابيض

[پارسچە نامى] ارزير

[ئوردۇچە نامى] رانگ، قلعى

[لاتىنچە نامى] Stannum

[ئىنگلىزچە نامى] Stann

[تونۇش]

قەلەي كۈمۈش رەڭلىك، يۇمشاق، پارقىراق مېتال بولۇپ، ئادەتتە قوغۇشۇندىن سەل قاتتىقراق، كېڭىيىشچانلىقىمۇ بىرئاز يۇقىرى، ئاسان ئېگىلىپ، ئاسان سۇنىدۇ، سۇندۇ. رۇلغان يۈزى ھەرە چىشىسىمان كېلىدۇ (13.25 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ئىششىق تارقىتىش، قان توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، قورۇش ئورۇقلىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بويۇن بەز سىلى، تەمرەتكە، سەرتان، ئەمچەك جاراھىتى، كۆز قىزىرىش، بالىياتقۇ جاراھىتى، ئەرلەر جىنسىي ئەزا جاراھىتى، سىفلىس قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۆشتە قىلىنغان قەلەينى گۈل يېغى ۋە ياكى زەيتۇن يېغى ياكى قەلەمپۇر يېغى

بىلەن بىرگە مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ، خانازىر، تەمرەتكە، سەرتان ۋە ئەمچەك جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قەلەينى قەغەزدەك نېپىز قىلىپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا ياكى ياپلاقلاپ سىركە بىلەن كۆشتە قىلىپ چاپسا، ھەر خىل ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كۆشتە قىلىنغان قەلەي تالقىنى 12 گرام، شاھتەررە 10 گرام، بۆلارنى سىركە بىلەن مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن چاپسا، قىچىشقاق، تەمرەتكە، قوتۇر، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. قەلەينىڭ تالقىنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قۇلاققا قويسا، قۇلاققا كىرىپ كەتكەن سىمابنى ئۆزىگە تارتىپ چىقىرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 125 ~ 250 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك، مىقداردىن ئېشىپ كەتسە ئادەم ئۆلتۈرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، سۈت.

[ئورۇنباسارى] سۈرمە.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] قەلەي مەلھىمى.

[قوشۇمچە]

1. قەلەيدىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى: تىلغا ئاق گەز باغلاش، تامغاق ۋە تىل قۇرۇش، قىلىنلىشىش، يۆتىلىش، ھېق تۇتۇش، ئاشقازان ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ھەسەل ۋە ئەنجۈر سۈيى بېرىپ قۇستۇرۇلىدۇ، سۈرگۈ دورىسى سۈپىتىدە سوقمۇنىيانى كۈندە بىر قېتىم ھەسەل سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ، ئەفسەنتىن شەربىتى ئىچكۈزۈپ سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. سۈت ۋە قايماق، ياغلىق تائام كۆپرەك بېرىلىدۇ، ئۇيقۇ مۇمكىنقەدەر چەكلىنىدۇ.

2. قەلەينى كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى:

1 ـ خىل ئۇسۇل: قەلەينى يەتتە قېتىم قىزدۇرۇپ ئېرىتىپ قايماققا تاشلاپ داغلىغاندىن كېيىن قايماق يۇقۇندىلىرىنى تازىلىۋېتىپ، تاۋىغا سېلىپ، ئوچاققا قويۇپ ئاستىدىن ئوت يېقىلىدۇ، قەلەي ئېرىگەندە شور قەلىمىدىن ئاز ـ ئازدىن سېپىپ بەرگەچ، يەڭگىل قوچۇپ بېرىلىدۇ. مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقاندا ئوت تۇتۇشۇشقا باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا قەلەينى

ئوچاقتىن ئېلىپ سوۋۇتۇپ ۋە يۇيۇۋېتىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر خام قالغان بولسا، بۇ مەشغۇلات تەكرار ئىشلىنىدۇ.

2 ـ خىل ئۇسۇل: قەلەينى يەتتە قېتىم قىزدۇرۇپ ئېرىتىپ، قايماققا تاشلاپ داغلىغان-دىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قايماق يۇقۇندىلىرىنى تازىلىۋېتىپ چۇمۇچكە سېلىپ، ئوتتا قويۇپ ئېرىگەندە ھۆل، يېڭى ماندا يىلتىزى بىلەن قوچۇلىدۇ، مەشغۇلاتنى داۋاملاشتۇرۇش نەتىجە-سىدە قەلەي سېرىق رەڭگە كىرگەندە ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

3. قەلەينىڭ كۆشتە بولغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى: كۆشتە قىلىنغان قەلەيدىن ئازراق ئېلىپ تازا يالقۇنجاپ تۇرغان چوغ ئۈستىگە تاشلىساق، ئۇ سېرىق رەڭگە مايىل بولسا، كۆشتە بولغان بولىدۇ، ئەگەر باشقا رەڭگە كىرىپ قالسا خام قالغان بولىدۇ.

## زەرنىخ
(雄黄 xiong huang)

[ئەرەبچە نامى] زرنیخ طبقی
[پارسچە نامى] زرنیخ
[ئوردۇچە نامى] ہری تال
[لاتىنچە نامى] Realgar (arsenic)
[ئىنگلىزچە نامى] Red Orpiment
[تونۇش]

بۇ سۇلفىدلىق بىرىكمە بولغان مېتال ماددا زەرنىخدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ گۆگگۇرت پوقىغا ئوخشايدۇ، بۇ بىر خىل كان ماددىسىغا ھىدروگېن سۇلفىد تەسىر قىلىشتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ زېمىن ماددىسى كۆپ بولغاچقا، ئېغىر ۋە ھۆللۈكى ئارتۇق، گۆگگۇرت پوقى ماددىسى ئاز، شۇڭا بۇ ئوتتا يانمايدۇ، بۇ سېرىق، قىزىل، كۆك، ئاق، قارىدىن ئىبارەت بەش خىل رەڭدە بولىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىدىن ياخشىراقى ياپلاق سېرىق رەڭدە كەلگىنى بولۇپ، بۇ خىلدىكىسى ئالتۇنغا ئوخشاش پارقىراق بولىدۇ، بۇ «ۋاراقى زەرنىخ» ياكى «سېرىق زەرنىخ» دەپ ئاتىلىدۇ. زەرنىخنىڭ تۇرلىرى كۆپ بولۇپ، تېبابەتتە ئىشلىتىلىدى-غىنى ئاساسەن «سېرىق زەرنىخ»، ئۇنىڭدىن قالسا «قىزىل زەرنىخ» دۇر (25.14 ـ رەسىم).

[خمىيلىك تەركىبى] زەرنىخنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى ئارسېنىك سۇلفىد بار، يەنە ئاز مىقداردا باشقا ئېغىر مېتال تۇزلىرى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] 1. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى: زەرنىخنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى (2 : 1 نىسبەتتە) تەجرىبە نەيچىسىدە كۆپ خىل تېرە زەمبۇرۇغلىرىنى ئۇخشىمىغان دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ. ئىگىر، ئەمەن ۋە زەرنىخنى بىرلەشتۈرۈپ 2~3 سائەتكىچە كۆيدۈرۈپ ئىسلانسا ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، شەكىل ئۆزگەرتكۈچى تاياقچە باكتېرىيە، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ.

2. قان شورىغۇچى قۇرتقا قارشى تەسىرى: قان شورىغۇچى قۇرت بىلەن يۇقۇملانغان ياپونىيىنىڭ ئىنچىكە قۇيرۇقلۇق چاشقىنىغا يۇقۇملىنىشتىن ئىلگىرىكى ئۈچ كۈندە زەرنىخ، فۇفەل، ھىڭ، دارچىن قاتارلىق دورىلارنىڭ بىرىكمىسىدىن ھەر 20 گرام بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 0.2 مىللىگرام ھېسابلاپ بېرىلگەن، يۇقۇملىنىشتىن كېيىن داۋاملىق 12 كۈن مۇشۇ دورا بېرىلگەن شۇنىڭ بىلەن قان شورىغۇچى قۇرتنىڭ ئازىيىش نىسبىتى 75 پىرسەنتكە يەتكەن.

[تەبىئىتى] سېرىقنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قىزىلنىڭ تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قاننى قىزىتىش، زەخىملەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش؛ تاز، قوتۇر، گۆشخور چاقىلارنى يوقىتىش؛ قورساقتىكى تۈرلۈك قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، تۈكلەرنى چۈشۈرۈش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئىچكى ـ تاشقى بوۋاسىر، ھەر خىل يارا، تاز، دانىخورەك، قىچىشقاق، قوتۇر، سۆگەل، زەخمە، بەرەس، نەپەس سىقىلىش، كونا يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەرنىخنى ھاكقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن كۈچسىزلەندۈرۈپ چاپسا تۈك چۈشىدۇ (بۇ جەھەتتە كۆيدۈرگىنىڭ قۇۋۋىتى ئارتۇقراق).

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى زۇرنىخنى زەيتى بىلەن قوشۇپ سوقۇپ تالقانلاپ گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، تىرناقتىكى بەرەسكە پايدا قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەرنىخنى چاۋا ياغ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا،

دانخورەكلەرنى يوقىتىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەرنىخنى گۈل يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا بوۋاسىر ۋە بۇرۇننىڭ جاراھەتلىرى ئۇچۇن پايدا قىلىدۇ، (بۇ جەھەتتە قىزىلنىڭ ئۈنۈمى ياخشىراق).

5. مىئەسائىلە، مېغىزى، بادام مېغىزى ۋە زەرنىخلەرنىڭ ھەر بىرىدىن 0.35 گرامدىن ئېلىپ، بۆي سېلىپ نەيچە ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسسىنى گالغا ئالسا، نەپەس سىقىلىش ۋە كونا يۆتەل ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ (بۇ ئۇسۇلنى بىر قانچە قېتىم قىلىش كېرەك ۋە بۇ ئۇسۇلنى قىلغاندىن كېيىن بۇغداي ئۇنى، بادام مېغىزى ۋە يېڭى سېرىقماي بىلەن ئاتالا ئېتىپ ئىچىش لازىم، چۈنكى مەزكۇر ئاتالا دورا ئىسسىنىڭ گالغا يامان تەسىر بېرىشىنى يوق قىلىدۇ).

6. قولتۇق ياكى بىرەر ئەزاغا تۈك ئۈندۈرمەسلىك توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن شۇ ئەزانىڭ تۈكلىرىنى پاكىزە يۇلۇۋېتىپ، ئاندىن قىزىل زەرنىخنى يېڭى قار ياكى مۇز سۈيى بىلەن مەزكۇر ئەزاغا ئوبدان سۈركەپ قويسا، قايتا تۈك چىقمايدۇ.

7. ئەگەر قىزىل زەرنىخنى كالىنىڭ ئۆتى، ھەمىشبار، سېرىقچېچەكلەرنىڭ سۈيى بىلەن قولغا ياكى باشقا ئەزاغا چېپىپ، ئاندىن ئوتنى تۇتسا ئوت كۆيدۈرمەيدۇ.

8. كۆيدۈرۈلگەن زەرنىخنى ئاق قۇشقاچنىڭ پوقى بىلەن سۆگەلگە چاپسا، سۆگەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

9. زەرنىخنى سەبرى، ھەببۇلبان ۋە كۆدە سۈيى بىلەن چاپسا، بوۋاسىرنىڭ دانىلىرىنى يوق قىلىدۇ، بارلىق زەخمە، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1.5 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] گۆشلەرنى كۆيدۈرىدۇ ۋە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، قارا داغ پەيدا قىلىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مۇسكۇللارغا بولىدىغان يامان تەسىرىنى توسۇشتا سېرىقماي بىلەن سېرىق ھېلىلە، تېرە بىلەن باھقا بولىدىغان يامان تەسىرىنى توسۇشتا سېرىق گۈل ۋە گۈرۈچنى سۈركەش.

[ئورۇنباسارى] سېرىقنىڭ ئورۇنباسارى قىزىل زەرنىخ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئورۇنباسارى گۈڭگۈرت.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] قىزىل زەرنىخ: (ئەرەبچە)، زەرنىخ ئەھمەر: (پارسچە) زەرنىخ سۇرۇخ،

ئوردۇچە مىنسىل دېيىلىدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش بولغاچقا، كۆپىنچە ھۆل قۇرۇق، قىچىشقاقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، قالغان تەرەپلەردە سېرىق زەرنىخكە ئوخشايدۇ، بۇ سېرىق زەرنىختىن كۈچلۈكرەك كېلىدۇ، زەھەرلىك، ئىشلىتىش مىقداردا ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەلھىمى زەرنىخ.

## ئەنزىرۇت

(甘草味胶 gan cao wei jiao)

[ئەرەبچە نامى] انزروت

[پارسچە نامى] انجرك،كدور

[ئوردۇچە نامى] لائى

[لاتىنچە نامى] Cummi Astragalus sarcocol

[ئىنگلىزچە نامى] Sarcocolla

[تونۇش]

بۇ پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك ئەنزىروت دەرىخىنىڭ يېلىمى بولۇپ، «ئەنزىرۇت» نامىدا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. دانچىسىمان ياكى تالقانسىمان شەكىلدە، رەڭگى قىزىلغا مايىل سېرىق، تەمى ئاچچىق كېلىدۇ (25 .15 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، يارىلارنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يىرىڭلىق جاراھەتلەر، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ھەر خىل ناسور، يىرىڭلىق چاقا، سىبلىس، قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېقىش، كۆز ياشاڭغۇراش، ھەر خىل قاناشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 3 گرام ئەنزىرۇت تالقىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، قۇلاق يىرىڭداش، قان ئېقىش ۋە قۇلاق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. ئەنزىرۇت، مامرانچىنى، مەرۋايىت، سۇرمىلەرنى 3 گرامدىن ئېلىپ، سوپۇپ تەييارلاپ، كۆزگەتارتسا كۆز ياشاڭغۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. موقەل، ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە، توربۇتتىن 7 گرامدىن، ئەنزىروتتىن 3 گرام ئېلىپ، سوقۇپ سوپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۇۋاسىر تۇگۇنچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، كەتىرا، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] باراۋەر مىقداردا سەبرى.

[چىقىش ئورنى] ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى ئەنزىرۇت، سوپۇپى سەرتان.

## ئانار پوستى

(石榴皮 shi liu pi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Pericarpium Punicae Granati

[ئىنگلىزچە نامى] PomeGranate Rind

[تونۇش]

بۇ ئانار مېۋىسىنى كۈزدە پىشقاندا يىغىۋېلىپ، ئانار دانىلىرىنى ئايرىۋەتكەندىن كېيىنكى قۇرۇتۇلغان پوستىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئانار پوستى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. پوستى خىرومىدەك قېلىن، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق رەڭدە، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سۇس كېلىدۇ (25.16 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، پەينى چىڭد- تىش، بەد بويلىقنى يوقىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، چىش مىلىكد-

نى چىگىتىش، مەنىيىنى قويۇلدۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچى سۈرۈش، قانلىق تەرەت، مەقئەت چىقىپ قېلىش، مەنىي سۇيۇلۇپ كېتىش، ئاق خۇن كۆپىيىش، قان تۈكۈرۈش، چىش مىلىكى بوشاپ كېتىش، ئۈچەي مەددە قۇرتى، قان قۇسۇش، بالىياتقۇ قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئاچچىق ئانار پوستى 10 گرام، تاباشىردىن 10 گرامنى ئېلىپ يۇمشاق 7 مىللىلىتىر سوقۇپ، تۆمۈر داغمال سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە غەيرىي تەبىئىي قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

2. ئاقاقىيا، بۇغا مۈڭگۈزى، ئەنجىباھار، ئانار پوستى ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ جاراھەت بار ئورۇنغا سەپسە جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

3. ئانار پوستى 100 گرام، فۇفەل 20 گرام، ئابزەن قىلىپ بەرسە مەقئەت چىقۇقى، ئاق خۇن كۆپىيىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 9 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، زەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] ئانارگۈلى، ئانار يىلتىزى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى ئەنجىباھار.

## ئابنۇس

(乌木屑 wu mu xie)

[ئەرەبچە نامى] آبنوس

[پارسچە نامى] آبنوس

[ئوردۇچە نامى] آبنوس

[لاتىنچە نامى] Scobis Diospyri Ebeni

[ئىنگلىزچە نامى] Ceylon Persimmon sawdust

[تونۇش]

بۇ دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخ ياغىچىنىڭ ئېكەكلەنگەن كېپىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى قارا، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر كېلىدۇ. بۇ «ئابنۇس» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (25 .17 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە تالالىق ماددىلار، يېرىم تالالىق ماددىلار، لىگنىن (lignin)، ياغاچ شېكىرى كىسلوزا (xylose−)، پېنتوزان (Pentozan)، ماننوزا (Mannose) ۋە گالاكتوزا (Galactose) قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۇتۇش، قورۇش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل جاراھەتلەردىكى قاناش، قىچىشقاق، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئابنۇس كېپىكىنى يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، جاراھەت ۋە قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 6 گرام ئابنۇس قايىنىتىلمىسىنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قىچىشقاق، تەمرەتكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. 6 گرام ئابنۇس كېپىكىگە ھەسەل قوشۇپ كۆندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن ئىچسە، ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

4. ئابنۇس كېپىكى 7 گرام، تاباشىر 7 گرام، تۆمۈر كېپىكىدىن 5 گرام ئېلىپ، سۇپۇپ قىلىپ ئىچسە، قان ۋە سەپراۋدىن بولغان ئىسھالغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىچكى تەرەپتىن كۆپ ئىستېمال قىلىسا ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، سۆمبۈل.

[ئورۇنباسارى] شېشەم كېپىكى.

[چىقىش ئورنى] گۇاڭدۇڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن ھەم ھىندىستان، مالايسىيا، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى ئابنۇس.

# قەشقەر ئۇپىسى
(碳酸铅 tan suan qian)

[ئەرەبچە نامى] اسفیداج
[پارسچە نامى] سفیداب
[ئوردۇچە نامى] سفید سفیداپ کاشغری
[لاتىنچە نامى] plumbi Carbonate
[ئىنگلىزچە نامى] Leadcarbonate
[تونۇش]

بۇ قەلەي، قوغۇشۇن ۋە تۇتىيا قاتارلىق مەدەنلەرنى كۆشتە قىلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان تالقان دورا بولۇپ، قەدىمكى زاماندا قەشقەردىكى ئۇيغۇر تېۋىپلار ئەڭ ئاۋۋال، قەشقەردىن ئەتراپقا تارقالغانلىقى ئۈچۈن، «سەفىداپ كاشغەرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ قەلەي، قوغۇشۇن، تۇتىيا قاتارلىق مەدەن جىنسلىق دورىلارنى ئايرىم - ئايرىم كۆشتە قىلىپ رەڭگى ۋە سۈپۈتى ئۆلچەمگە يەتكەندە ھەممىسىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ، تەييارلانغان قىسمى دورىگەرلىك قائىدىسى بويىچە يۇيۇپ، سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. يۇمشاق، ئۇپىدەك بولىدۇ، ۋەزنى ئېغىر، ئاق رەڭلىك كېلىدۇ (25.18 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەتنى قۇرۇتۇش ۋە گۆش ئۆندۈرۈش، چىرىگەن گۆشلەرنى يوقىتىپ، يارا يۈزىنى تازىلاش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، يۇمشىتىش، كۆيۈكنى ياخشىلاش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل يارا، جاراھەتلەر، باش ئاغرىقى، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى، كۆزدىكى يىرىڭلىق چاقا، جاراھەت، ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك، بوۋاسىر، قىچىشقاق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قەشقەر ئۇپىسىنى سىركە ياكى گۈل يېغى، كۆكنار يېغى، قاپاق مېغىزى يېغى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ چېكىگە تاڭسا، باشنىڭ ھەر خىل سەۋەبتىن ئاغرىشى ۋە باشنىڭ

يېرىمى ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قەشقەر ئۈپىسىنى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ياكى تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مەرۋايىت، ئىپار، مامرانچىنى، قەشقەر ئۈپىسى قاتارلىقلارنى 3 گرامدىن ئېلىپ سۈيۈپ قىلىپ (سۈرمە شەكلىدە) سەپسە كۆز جاراھىتى ۋە قاپاقتىكى يىرىڭلىق ئىششىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئوتتا كۆيگەن جاراھەتلەرگە قەشقەر ئۈپىسىنى تۇخۇم ئېقى، گۈل يېغى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ پاكىز داكىغا سۈركەپ چىپىپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. قەشقەر ئۈپىسىنى سىرتتىن سەپسە، بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ 2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىچىپ قالسا گالنى بوغىدۇ، ئارتۇق ئىشلەتسە، ئادەمنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ياغلىق شورپا، قايماق.

[ئورۇنباسارى] مەدەستان.

[چىقىش ئورنى] ئۆز ۋاقتىدا رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تېۋىپلار تەييارلاپ جايلارغا تارقىتىپ كەلگەن، ھازىرقى زاماندا سانائەت يولى بىلەنمۇ تەييارلىنىدۇ.

## تەبىئىي مىس

(自然铜 zi ran tong)

[ئەرەبچە نامى] نحاس

[پارسچە نامى] مس

[ئوردۇچە نامى] تانبا

[لاتىنچە نامى] Pyritum

[ئىنگلىزچە نامى] Pyrite

[تونۇش]

بۇ تەبىئىي مەۋجۇت بولغان فېررۇم سۇلفورىك رۇدىسى يەنى، ئەسلى كان ماددىسى بولغان سېرىق تۆمۈر رۇدىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «تەبىئىي مىس» نامىدا دورىغا

ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئۆلچەملىك چاسا شەكىللىك بولىدۇ. چوڭ- كىچىكلىكى بىر خىل بولمايدۇ، سىرتقى يۈزى تەكشى، سېرىق رەڭلىك بولۇپ، مېتالدەك پارقىرايدۇ، بەزىلىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ، ئۆزى قاتتىق لېكىن ئاسان ئۇۋۇلىدۇ، كەسمە يۈزى ئاقۇش سېرىق رەڭلىك، تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ (25. 19 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇ ئاساسلىقى ئىككى خىل سۇلفىدلىق تۆمۈر ($FeS_2$) بولۇپ، بۇنىڭدا 46% تۆمۈر، 53% سۇلفات بار، يەنە مەلۇم مىقداردا مىس تەركىبى بار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بۇنىڭ سۆڭەكنى تۇتاشتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، ماددىلارنى تارقىتىش، قاتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، تۇغۇت چەكلەش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، نەپەس ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل جاراھەتلەر، يۆتەل، نەزلە، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، كۆزدىكى جاراھەت، ئىستىسقا ۋە سۆڭەكلەرنىڭ سۇنۇپ كېتىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كۈشتە قىلىنغان مىسنى سىركىگە چىلاپ بىر قانچە كۈن تۇرغۇزۇپ سۈزۈپ، ئاندىن شۇ سىركە بىلەن خېمىر قىلىپ كۆكرەككە چاپسا، نەزلە ۋە يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مىس كۈشتىسىنى بېدە سۈيى ياكى بېدە ئەرقىگە بىر قانچە كۈن چىلاپ سۈزۈپ ئېلىپ كۆزگە سۈرمە قىلىپ تارتسا، كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ياخشىلايدۇ، كۆزدىكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. نەپەس ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشتا كۈشتە قىلىنغان مىستىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ھەسەل بىلەن تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە نەپەس ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. قورساققا سۇ چۈشۈش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كۈشتە قىلىنغان مىس تالقىنىنى قازان قارىسى بىلەن قوشۇپ، لىمون سۈيى بىلەن قوشۇپ ھەمەل قىلسا، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىشقا بولىدۇ!

5. كۈشتە قىلىنغان مىس تالقىنىنى كالا يېغى ياكى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قوشۇپ، ئىچكۈزۈپ، قايتا ـ قايتا قۇستۇرۇلسا، ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى تۈگىتىدۇ.

6. يۆيۆلمىغان مىسنى ئېزىپ تالقانلاپ، سىرتتىن چاپسا، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىچىدىن كۆشتە قىلىنغان مىس مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. سىرتىدىن كۆپرەك تالقان قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرلىك بولۇپ كۆشتە قىلىنماي ئىشلىتىلسە، رەئىس ئەزالارنى زەھەرلەيدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، قايماق، شورپىلىق گۆش.

[ئورۇنباسارى] سالاجىت.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## تەلق

(云母石 yun mu shi)

[ئەرەبچە نامى] طلق

[پارسچە نامى] ستاره زمين

[ئوردۇچە نامى] ابرك

[لاتىنچە نامى] Muscovitum

[ئىنگلىزچە نامى] Muscovite

[تونۇش]

بۇ كوئىنلۇن ۋە تەڭرى تاغلىرىدىن چىقىدىغان چىرىمتال دەپ ئاتىلىدىغان تاشتىن ئىبارەت (25. 20 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 43.2% $SiO_2$، 2.9% $Al_2O_3$، 3% $Na_2O$، 2.2% MgO قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يارىلارنى پۈتتۈرۈش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، دەم سىقىشنى پەسەيتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك ئاجىزلىقى، دەم سىقىلىش، تاشقى بەدەن زەخىملىنىش، يەلتاشما، تاشقى ئەزا

قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. تەلق، چاققاقئوت يوپۇرمىقى، غاز ئۆتى قاتارلىقلارنى 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىكى ھەر خىل قاناشلارغا شىپا بولىدۇ.

2. تەلق، مەدەستاندىن يەتتە گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ زەخمىگە سەپسە زەخمىلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

3. ئەرەب يىلىمى، كەتىرا، رۆبىۇسۇس، تەلقلارنى 10 گرامدىن ئېلىپ، سوپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، يۆتەل پەسەيتىپ، دەم سىقىلىشنى توختىتىدۇ.

4. كۈندۈر، ئاقىرقەرھا، سۆئلەپ مىسرى، چىلغوزا، تەلقلاردىن 10 گرامدىن، ناۋات مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوپۇپ تەييارلاپ ئىچسە، بۆرەك ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 16 ~ 32 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەمما توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئانار.

[ئورۇنباسارى] كەتىرا.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سوپۇپى سۆئال.

## تۇخۇم ئىچى پەردىسى

(凤凰衣 Feng huang yi)

[ئەرەبچە نامى] آبنوس

[پارسچە نامى] آبنوس

[ئوردۇچە نامى] آبنوس

[لاتىنچە نامى] Membrana Follicularis Ovi

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋان ئۆي توخۇسى تۇخۇمىنىڭ شاكىلى بىلەن ئىچى ئارىلىقىدىكى ئىنتايىن نېپىز ئاق پەردىدىن ئىبارەت بولۇپ، «تۇخۇم پەردىسى» نامىدا دورىغا

ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاشقازان ئاقسىل فېرمېنتى، ئاشقازان سۇيۇقلۇقى، كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، كىراتىن.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇ تەبىئىي بىر خىل بىئولوگىيىلىك مۇھاپىزەت پەردە بولۇپ، يارىنىڭ پۈتۈشىنى تېزلىتىش، يۇقۇملىنىشتىن ساقلاش، كۆيۈك جاراھەتلىرىدە تاتۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نورمال نەملىكنى ساقلاش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل جاراھەت، ياللۇغلىنىش، يارا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۈچ گرام تۇخۇم ئېقى پەردىسى بىلەن كۆشتە قىلىنغان بەش گرام تۇخۇم شاكىلىنى يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، ئىچ سۈرۈشكە، قورساق ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ.

2. كۆشتە قىلىنغان تۇخۇم شاكىلىدىن ئۈچ گرام، تۇخۇم ئېقى پەردىسى بىر گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سىرتقى جاراھەتلەرگە سېپىپ بەرسە، جاراھەت پۈتتۈرۈپ قان توختىتىدۇ.

3. 10 گرام تۇخۇم ئېقى پەردىسىنى 30 گرام سۆئەب مىسرى بىلەن سوقۇپ تالقانلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم ھەر قېتىمدا 10 گرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەپ، مەنىي تۇتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، ھەسەل.

[ئورۇنباسارى] تۇخۇم شاكىلى كۆشتىسى.

[چىقىش ئورنى] يۇرتىمىزدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زىماتى جاراھەت.

## ئاق موم[①]

(蜂蜡 feng la)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئىششىق قايتۇرۇش، پەيلەرنى بىرىشتىش، ئاغرىق توختىتىش.

## ئەڭلىكئوت[②]

(紫草 zi cao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، تېرىنى قۇۇۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش.

## تالك[③]

(滑石 hua shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئەۋۋىلىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ھارارەت پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

---

① تەپسىلاتى 11 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 10 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

## جۇزنەك[1]
(泽兰 ze lan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، ھەيزنى راۋان قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق قايتۇرۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

## ئاقاقىيا[2]
(阿拉伯胶树汁 a la bo jiao shu zhi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، چاچنى قارايتىش، قۇرۇتۇش، قۇستۇرۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، زىيادە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش.

## تازىلانغان شور[3]
(硝石 xiao shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قورۇش، تۈتۈش، ئىچىنى توختىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ھارارەت پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۇمشىتىش.

---

① تەپسىلاتى 18 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

## غاز تۇخۇم شاكىلى[1]
(鹅蛋壳 e dan ke)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
قۇرۇتۇش، قورۇش، تۇتۇش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

## تاشقا ئايلانغان سۆڭەك[2]
(龙骨 long gu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، كۆپ تەرلەشنى توختىتىش، مەنىينى تىزگىنلەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش، جاراھەت ۋە يارا ئېغىزلىرىنى قۇرۇتۇش، گۆش ئۈندۈرۈش.

## رۇببى سۇس[3]
(甘草膏 gan cao gao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتىش، ئىششىق تارقىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، خۇن كەلتۈرۈش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

## راتىيانەج[①]

(松香 song xiang)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش.

## ئەرەب يېلىمى[②]

(阿拉伯胶 a la bo jiao)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە ـ كانايىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## موزا[③]

(没食子 mo shi zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئېغىز بوشلۇقىدىكى يارىلارنى پۈتتۈرۈش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، قورۇش، قۇرۇتۇش، تۇتۇش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

## كۆپىكى دەريا[1]

(海螵蛸 hai piao xiao)

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، قان توختىتىش، جاراھەت قۇرۇتۇش، كۆز ياشاڭغىراشنى ئازايتىش، يىرىڭلىق زەخمىنى پۈتتۈرۈش، تراخوما دانىچىلىرىنى يوقىتىش، ئاق خۇننى توختىتىش.

## مۇرمەككى[2]

(没药 mo yao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئېغىز بوشلۇقىدىكى جاراھەت ۋە يارىلارنى پۈتتۈرۈش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى قاتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭىنى تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش.

## كات ھىندى[3]

(儿茶 er cha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تۇتۇش، قان تازىلاش، قان توختىتىش، چىش مىلىكلىرىنى چىڭىتىش، قۇرۇتۇش، مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 40 ـ بابقا قاراڭ

## ئېشەك سۈتى[①]

(驴乳 lu ru)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يالىلۇغ قايتۇرۇش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ھارارەت پەسەيتىش، يالىلۇغ قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاپ، يۆتەل پەسەيتىش، ئۆپكە جاراھەتلىرىنى پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

① تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

## يىگىرمە ئالتىنچى باب  زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار

زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن بەدەندە زەھەرلىك ماددىلار كۆپىيىپ كەتسە ياكى باشقا دورىلار ۋە يېمەك ـ ئىچمەك تەسىرىدىن ئورگانىزمدىكى مەلۇم بىر ئەزا ياكى پۈتۈن بەدەن زەھەرلەنسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىپ، ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىنى بۇزۇپ ھەرخىل كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولغاچقا، زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ خىل دورىلار، زەھەر قايتۇرۇپ، ئىششىق ياندۇرۇش؛ سۈيدۈك ھەيدەپ، قىچىشىشنى پەسەيتىش؛ ياللۇغ قايتۇرۇپ، سەزگۈرلۈكنى يوقىتىش ئارقىلىق زەھەر قايتۇرىدۇ. بۇنداق دورىلار زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: چاكا مۇخ، باقا شىرىسى، غاز قېنى، ھەرە كۆنىكى، شەھدان، باللار سۈيدۈكى، كاكتۇس، روشەنگۈل، فىروزە، كالا ئۆتى، ئات يادا تېشى، چايان، زەھرە موھرە، سانجىقئوت يىلتىزى، چىنار ئۇرۇقى، قىرىقئاياغ.

قىزىل سىر، قىزىل چۆپچىنى، كەكرى ئۇرۇقى، كۆك چاي، ئېگىر، جۆئەدە، ھەببى بىلسان، قاغىتىرنقى، قېرىقىز، زەيتۇن مېۋىسى، تاشتۇز، تېزەكچى قوڭغۇز، ياقۇت، سۇ بۆلجۈرگىنى، ئاق ماش، چەشمى خورۇس، قارا پارپا.

### چاكا مۇخ

(蓬子菜 peng zi cai)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Herba et Radix Galiiveri

[ئىنگلىزچە نامى] Yellow Bedstraw Hreb and Root

[تونۇش]
بۇ رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك چاكامۇخنىڭ پۈتۈن چۆپى بولۇپ، «چاكامۇخ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[خىمىيىلىك تەركىبى] پالىزترىروسىد (Palustroside)، رۇتىم، خلىروگىنىك كىسلاتا-سى قاتارلىقلار بار، ئۇچۇچان مېيىنىڭ تەركىبىدە مىتئونىللىن (methyioanillin) بىلەن پىپرونال (pipronal) بار. يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە رۇبىدىن (Rubidin) بىلەن پىسۇدىپۇرپۇ-رىن گلىكوزىد (Pserdepur purin glocoside) بار.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، قىچىشىشنى پەسەيتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
ئۆتكۈر يەلتاشما، چاقا، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، زەھەرلىك ھاشارەت چېقىۋېلىش قاتارلىقلا-رغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. چاكامۇخنى ئېزىپ چايان يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، زەھەرلەنگەن ئورۇنغا چاپسا زەھەر قايتۇرۇپ ئىششىق ياندۇرىدۇ.
2. چاكامۇخ، سەرسىبىل، چۆبچىن، زەرچۆبەلەرنى 10 گرامدىن ئېلىپ، قايىنتىپ بەدەن سىرتىدىن يۇيۇپ بەرگەندە يەلتاشمىغا شىپا بولىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گرام، سىرتقى تەرەپتىن مۇۋاپىق مىقداردا.
[زىيانلىق تەسىرى] توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.
[ئورۇنباسارى] شاھتەرە.
[چىقىش ئورنى] چىمەنلىكلەردە، تاغ باغرىلىرىدا، ئورمان بويلىرىدا ئۆسىدۇ، شىن-جاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## پاقا شىرىسى

(蟾酥 chan su)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Venenum Bufonis

[ئىنگلىزچە نامى] Dried Toads Venom

[تونۇش]

چارپاقىنىڭ قۇلاق ئارقىسىدىكى بېزى ۋە تېرە بېزىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان ئاق شىرنىلىك سۇيۇقلۇقى «پاقا شىرىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (2.26 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يۇرەكنى كۈچەيتكۈچى كۆپ خىل ستروئىدلىق بىرىكمىلەردىن تەركىب تاپقان.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان بېسىمىنى يۇقىرىلىتىش، شوكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قان ئۇيۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆسمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىسسىقلىقى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر ۋە ئىششىق قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، سپازما بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زىققە، چىش ئاغرىقى، قاپارتما، دانىخورەك، يىرىڭلىق ئىششىق، يۇرەك ئاجىزلىق، باللاردىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەزىم بۇزۇلۇش، راك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بىر دانە توخۇ تۇخۇمىنى پاقىنىڭ ئاغزىدىن ئىچىگە سېلىپ، سىرتىنى قەغەز بىلەن ئوراپ قەغەزنىڭ سىرتىدىن لاي بىلەن ئوراپ ئوچاققا سېلىپ پىشۇرۇپ، تۇخۇمنى ئېلىپ يەپ، ئاندىن ئىككى سەر سېرىق ھاراق ئىچسە، زىققىغە مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قۇرۇتۇلغان پاقا شىرنىسىدىن ئازراق ئېلىپ (ئۇنىڭغا تەڭ مىقداردا قارىمۇچ قوشۇپ) پاختا بىلەن ئوراپ ئاغرىغان چىشقا باسسا ياكى قۇرۇتۇلغان پاقا شىرنىسىنى قۇرت يېگەن تۆشۈككە سالسا قۇرت يېگەن چىش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] شىرىسىدىن 0.5 ~ 1 مىللىلىتىر، دائىم كۈمىلاچ دورىلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئىچىلىدۇ، سىرتقا مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ھامىلدار ئاياللار ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، خۇنسىياۋشان.

[ئورۇنباسارى] چارپاقا.

[چىقىش ئورنى] مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن چىقىدۇ.

# غاز قېنى
(鹅血 e xue)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Sanguis Anerinus

[ئىنگلىزچە نامى] Goose Blood

[تونۇش]

غازنىڭ قېنى بولۇپ، تەمى تۇزلۇقراق كېلىدۇ، ئازراق زەھەرلىك، مىقدارىنى ئاشۇ-رۇپ ئىچسە زەھەرلەيدۇ (3.26 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئەۋۋىلىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زەھەرلىك ئوقيا ھەم دورىلاردىن زەھەرلىنىش.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. زەھەرلىك ئوقيا تەككەن كىشىلەرگە ئىچكۈزسە ھەم سىرتىدىن سۈركەپ بەرسە زەھەر قايتۇرىدۇ.

2. دورا بىلەن زەھەرلەنگەنلەرگە ئىچكۈزۈلسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتىدىن ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا، ئىچىدىن 10~3 گرامغىچە بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] قاننى بۇزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] زەھرە موھرە.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] زىمادى زەھرەموھرە.

# ھەرە كۆنىكى
(蜂房 feng fang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Nidus Vespae

[ئىنگلىزچە نامى] Wasps Nest

[تونۇش]

بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان چوڭ سېرىق ھەرە ياكى سېرىق ھەرىنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى ئاقۇش كۈل رەڭ كېلىدۇ، ئارقا تەرىپىدە سېپى بولىدۇ، ئالدى تەرىپىدە ئالتە بۇرجەكلىك تۆشۈكلەر بولىدۇ. «ھەرە كۆنىكى» ياكى «ھەرە ئۇۋىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (26.4 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] گلۇكوزا (Glocose)، دەرەخ يېلىمى، مېۋە قەنتى، ھەسەل مومى، ھەسەل يېلىمى، بىر قىسىم ئۇچۇچان مايلار، فوسفور، Fe، Ca ماددىلىرى ۋە باشقا ئارىلاشما ماددىلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش تەسىرى، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەل تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قورساق ئېسىلىش، دورىلاردىن زەھەرلىنىش، بوۋاسىر، ھەر خىل جاراھەت، سۈت بېزى ياللۇغى، غەلۋىرەك، جاھىل تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

ھەرە كۆنىكىدىن 12 گرام، غاز تاپاندىن 35 گرام، سېمىزئوتتىن 25 گرام ئېلىپ

قايىنتىپ، سۈيىدە يەرلىك ئورۇننى يۇسا، بوۋاسىردىكى ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ھەرە كۆنىكى، زەمچە 12 گرامدىن، ئەمەن يوپۇرمىقى 20 گرام، سەپرا ئوت يىلتىزى پوستىدىن 15 گرام، قائىدە بويىچە سۇدا قايىنتىپ، يەرلىك ئورۇننى يۇسا، جاھىل تەمرەتكە ۋە تېرە ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت.

[ئورۇنباسارى] ھەسەل.

[چىقىش ئورنى] پىشايۇانلاردا، تام تۆشۈكلىرىدە، ئېگىز ئوتلاقلاردا، تاشلارنىڭ ئارىلىرىدا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## شەھدان

(金莲花 jin lian hua)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Flos Trollii chinensis

[ئىنگلىزچە نامى] Chinese Globeflo wer

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئالتاي شەھدىنى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى «شەھدان» ياكى «تەۋەككۇل چاي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ گۈلنىڭ رەڭگى ئالتۇندەك سېرىق رەڭدە، تەمى قېرىق كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] شەھداننىڭ تەركىبىدە بىئولوگىيىلىك ئىشقار ۋە فلاۋۇنلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ياللۇغ قايتۇرۇش، مىكروب ئۆلتۈرۈش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

هارارەت پەسەيتىش ۋە زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

سوزۇلما خاراكتېرلىك بادامسىمان بەز ياللۇغى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، ئۆتكۈر قۇلاق پەردە ياللۇغى، ئۆتكۈر لىمفا كانىلى ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. شەھدان، سەپدە (جۇخار) گۈلىدىن 12 گرام، خام چۇچۇكبۇيىدىن 4 گرام ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك بادامسىمان بەز ياللۇغى، ئۆتكۈر قۇلاق ياللۇغى، ئۆتكۈر لىمفا كانىلى ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. شەھدان، نېلۇپەر، بىنەپشە ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئىچسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك بادامسىمان بەز ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4~8 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت قىلىپ قويىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] قىزىلگۈل.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] شەھدان قايىنتىلمىسى.

## بالىلار سۈيدۈكى

(童尿 togn niao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Urina Infantis

[ئىنگلىزچە نامى] Infantele Urine
[تونۇش]
بۇ نورمال ساغلام ئادەمنىڭ كىچىك تەرىتى، تېبابەتچىلىكتە ئادەتتە 10 ياشتىن تۆۋەن ساغلام ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى ياخشى دەپ قارايدۇ، خەلق ئارىسىدا پۇت - قوللارنى كەتمەن، ئوغاق كېسىۋەتكەندە ياكى قاتتىق يىقىلىپ زەخىملەنگەندە، تاياق يېگەندە، كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىدىغان ياكى زەخىملەنگەن ئورۇنغا سىيدۈرىدىغان ئادەتلەر خېلى بۇرۇنلار شەكىللەنگەن. ھازىرقى زامان تەتقىقاتىدا سۈيدۈك تەركىبىدىكى ئۇروكىنازا (Urohinase)، 尿激酶 نىڭ قانتورمۇلاردا نوكچا پەيدا بولۇشنى توسۇش، ئويۇۋالغان نوكچىلارنى ئېرىتىش تەسىرىنىڭ ياخشىلىقى ئىسپاتلىنىپ، كلىنىكىدا كەڭ دائىرىدە قوللى-نىشقا باشلىدى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۈيدۈك ئىچۈرۈپ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىلىكى ۋە توغرىلىقىنى ھەقىقى ئىسپاتلىدى.
[خىمىيىلىك تەركىبى] سۈيدۈكنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ، سۈيدۈك تەركىبى ئوزۇقلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئادەتتە: urea، كالىي خلور، فوسپات كىسلاتاسى، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، سۈيدۈك كىسلاتاسى، craetinine، urokinase، ammonia، hippuric acid، phenol، چۆپ كىسلاتاسى، indican، Ca، Mg، estrogen ۋە باشقا ھورمۇنلار gonadotropine، urate، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، $B_6$، C، ئاق ئاقسىل قاتارلىقلار بولىدۇ.
[فارموكولوگىيىلىك تەسىرى] قان نوكچىلىرىنى ئېرىتىش تەسىرى بار.
[تەبئىتى] ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
توسالغۇلارنى ئېچىش، مونەكچىلەرنى يۇمشىتىش، ئېرىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، هارا-رەت پەسەيتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
قان تومۇرلار توسۇلۇش، قانلىق ئىششىق، سىرتقى زەخىملىنىش، زەھەرلىنىش، ئۆپكە سلى، ئېغىز ۋە تىل جاراھەتلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئادەتتە 10 ياشتىن كىچىك ساغلام ئوغۇل بالىلارنىڭ سۈيدۈكىنى ئوتتۇرا بۆلىكىنى ئېلىپ (باشتا ئازراق سىيدۈرۈپ، ئاندىن ئېلىنىدۇ. ئاخىرقى قىسمى ئېلىنمايدۇ). قاتتىق

يىقىلىپ زەخىملەنگەندە، كۆندە بىر ئىستاكان سۈيدۈك ئىچكۈزۈلىدۇ.

2. ئىغىز، تىل جاراھەتلىرىدە زەمچە، موزا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىغىز چايقىلىدۇ. قاتتىق تاياق تەككەن، يەرلىك ئورۇنلار ئىششىپ كەتكەندە سۈيدۈكنى مۇۋاپىق مىقداردا ھاراققا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ.

3. ئۆپكە توبېركۇليوز كېسىلىدە مۇۋاپىق مىقدار شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرىلىدۇ.

4. قانتومۇرلاردا توسۇلۇش پەيدا بولغاندا، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

5. بەزگەكنى داۋالاشتا ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزىلىدۇ.

6. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يۆتەلدە بىخسۇس بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

7. ئىچكى يارىلارغا كۈنلىكى 100 مىللىلىتىردىن 2 ۋاخ ئىستېمال قىلدۇرىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 100~200 مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازان، تالغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كاسىنە ئۇرۇقى.

[ئورۇنباسارى] تۇرۇپ سۈيى.

## كاكتۇس

(仙人掌 xian ren zhang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Caulis Opuntiae Dillenii

[ئىنگلىزچە نامى] Cholla Stem

[تونۇش]

كاكتۇس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق گۆشلۈك ئۆسۈملۈك كاكتۇسنىڭ يىلتىزى ۋە غولىدىن ئىبارەت (7.26 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] تەركىبىدە ئالكالوئىدلىق تەركىبلەردىن، Beet ، Beetdine ، فلاۋۇنلۇق تەركىبلەردىن: ئالما كىسلاتاسى، cuccinic acid ، carbamazepine ، كالىي كاربونات، دەرەخ يېلىمى، ئاقسىل، ماي، قەنت قاتارلىقلار بار. arabogalactan

[تەبئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، يەل ھەيدەش، ئىششىق ياندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئاشقازان ئاغرىقى، ئاشقازان يارىسى، تولغاق، گال ئاغرىقى، بوۋاسىر، كۆيۈك، ھۆل تەمرەتكە، گۆرەن بەز ياللۇغى، ئۆتكۈر سۈت بېزى ياللۇغى، چاقا، جاراھەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كاكتۇستىن 20 گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا 20～15 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىپ ئىچسە، ئاشقازان ئاغرىقى، گال ئاغرىقى، ئاشقازان يارىسىغا شىپا بولىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ.

2. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، كاكتۇسلاردىن 10 گرامدىن ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى گۇل بىلەن زىمات تەييارلاپ، گۆرەنبەز ياللۇغى ھەم ئۆتكۈر سۈت بېزى ياللۇغىدا يەرلىك ئورۇنغا چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ھۆلىدىن 50～100 گرامغىچە قاينىتىپ ئىچىشكە بولىدۇ، سىرتتىن ئىشلىتىشتە ئېزىپ چاپسا بولىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە

[ئورۇنباسارى] لىمون

[چىقىش ئورنى] ئەسلى ئامېرىكا قىتئەسىدە ئۆسەتتى، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆستۈرۈلىۋاتىدۇ.

## روشەنگۇل

(千里光 qian li guang)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Hera Senecionis Seandentis

[ئىنگلىزچە نامى] clim bing Groundsel Herb
[تونۇش]
بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «روشەنگۈل» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (8.26 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] روشەنگۈل ئىشقارى، β ـ كاروتىن، گىدىروخىنون، سالتىسىلىك كىسلاتاسى (Salicylic acid) قاتارلىقلار بار.
[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تولغاق باكتېرىيىسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، كېزىك باكتېرىيىسى، قوشۇمچە كېزىك باكتېرىيىسى قاتارلىقلارغا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى، جىنسىي يول تامچە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈش رولى بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
زەھەر قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، چىرىشنى يوقىتىش، گۆش ئۇندۇرۇش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
يىرىڭلىق ئىششىق، غەلۋىرەك، تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى، زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. روشەنگۈلنىڭ ھۆل چۆپىنى سوقۇپ، يانجىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ ياكى 70 ~ 105 گرام روشەنگۈلنى سۇدا قاينىتىپ ئىچسە، يىرىڭلىق ئىششىق، غەلۋىرەك، تەمرەتكە، تېرە ياللۇغى، زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. سانجىق ئوت 9 گرام، روشەنگۈل 12 گرام، يالپۇز 6 گرام، قىرىقىز ئۇرۇقى 6 گرام، زىرىقتىن 6 گرام ئېلىپ چالا سوقۇپ قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى ۋە يۇتقۇنچاق ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.
3. روشەنگۈل، شاتۇت، مامىرانچىنى قاتارلىقلارنى 10 گرامدىن ئېلىپ قاينىتىپ، ئىچسە گال ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ~ 20 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۇزەتكۈچىسى] ھەسەل.
[ئورۇنباسارى] نىلۇپەر.
[چىقىش ئورنى] تاغ باغرىلىرى، ئورمان ياقىلىرى، ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ، رايونىمىز-نىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

## فىروزە
(绿松石 lu song shi)

[ئەرەبچە نامى] فیروزج
[پارسچە نامى] پیروزه
[ئوردۇچە نامى] فیروزه
[لاتىنچە نامى] Terohesius Tuchina
[ئىنگلىزچە نامى] Tircois
[تونۇش]
فىروزە كۆك ياكى يېشىل رەڭلىك، ساپ، سۈزۈك، تىنىقسىز، ئېسىل، ئەتىۋار بىر خىل مىنېرال ماددا. ئۇ ھازىر خەلقئارادا ئەڭ ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولغان گۆھەر تاشلىرى قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ، باھاسىمۇ ناھايىتى قىممەت، ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى ھەجمى چوڭراق، رەڭگى تەكشى، سۈزۈك، دۇغسىز كەلگىنى ياخشى ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك تېببىي كىتابلاردا فىروزىگە ئىپارنىڭ پۇرىقى تەسىر قىلسا ياكى ياغلىق نەرسە تەگسە، سۇيىتىگە تەسىر يېتىدىغانلىقى، شۇڭا بۇلار بىلەن بىرگە قويماسلىق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاليومىن ھىدروفوسفور ۋە كوپىروم ھىدروفوسفور بار ۋە ئاز مىقداردا تۆمۈر بار.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
زەھەر قايتۇرۇش، خوشلۇق كەلتۈرۈش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، روھنى ئۇرغۇ-تۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، مالخولىيا، ئۇنتۇقاقلىق، سەرئى، نېرۋا ئاجىزلىقى، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش چۈشۈش، قان ئازلىق، ئىچى سۈرۈش، ئۆچەي جاراھىتى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىق، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ھەر خىل زەھەرلە-نىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. فىروزە كوشتىسىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا، چايانىڭ زەھىرىنى قايتۇ-رىدۇ.

2. ئىككى گرام فىروزە كۆشتىسىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىچسە، سەرئىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. فىروزە كۆشتىسى 1.5 گرام، مەرۋايىت كۆشتىسى 2 گرام؛ ئارىلاشتۇرۇپ سۈشنى توسىدۇ.

4. 1.5 گرام فىروزە كۆشتىسىنى ئالما ياكى ئانار شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يۈرەك زەئىپلىشىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك قىزغىلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئىچىدىن كۆشتىسىنى 0.8 ~ 2 گرام، سىرتتىن مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[ئورۇنباسارى] زەھرى موھرە، ھىقىق تېشى.

[چىقىش ئورنى] كانادا، رومۇنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] كۆھلى سۈرمە.

[قوشۇمچە] فىرۇزەنى ئىشلىتىشتە كۆشتە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنى كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق:

بىرىنچى خىل ئۇسۇل: 15 گرام فىرۇزەنى 150 گرام سەبرى لوئابى بىلەن بىر كوزىغا سېلىپ گىلىي ھېكمەت قىلىپ، 20 كىلوگرام ئەتراپىدىكى تېزەككە كۆمۈپ ئوت يېقىلىدۇ، ئەگەر خام ياكى بىرئاز قاتتىق بولسا، يۇقىرىقى مەشغۇلاتنى يەنە تەكرار قىلىنىدۇ، كۆشتە بولغاندىن كېيىن يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل: مۇۋاپىق مىقداردىكى فىرۇزەنى قىزدۇرۇپ 10 قېتىم قىزىل-

گۈل ئەرقىگە تاشلاپ داغلىغاندىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردىكى قىزىلگۈلنى سوقۇپ يۇغۇرۇپ زوۋۇلا قىلىپ، قىرۇزنى ئۇنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ گىلىي ھېكمەت قىلىپ، مۇۋاپىق مىقدار- دىكى تېزەككە ئوت يېقىپ تەييارلىنىدۇ. ئەگەر قاتتىق ياكى خام قالغان بولسا يۇقىرىقى مەشغۇلات تەكرارلىنىدۇ، تولۇق كۆشتە بولغاندىن كېيىن، ئېلىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## كالا ئۆتى

(牛胆 niu dan)

[ئەرەبچە نامى] مرارة البقر

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] گائى كاپتا

[لاتىنچە نامى] Fel Bovis

[ئىنگلىزچە نامى] Ox Gall

[تونۇش]

بۇ كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كالىنىڭ ئۆتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كالا سويغاندا يىغىۋې- لىپ سايە جايدا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ، قۇرۇتۇلغانلىرى يېشىلغا مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى سېسىق كېلىدۇ (26 .10 - رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كالا ئۆتى سۇيۇقلۇقىدا سۇدىن باشقا يەنە ئۆت سۇيۇقلۇق تۇزلى- رى، ئۆت پىگمېنتى (Bilepigmeut) ، ئاقسىل، فوسفاتلىق مايلار، فوسفات كىسلاتا قاتارلىق ئانئورگانىك تۇزلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، جاراھەت ۋە يارىنى پۈتتۈرۈش، مەنى كۆپەيتىش، مەنى تۇتۇش، ئۆت ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆزنى روشەنلەشتۈ- رۈش، گال بوغۇلۇشنى ياخشىلاش، قان تازىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ھەر خىل زەھەرلىنىش، بوۋاسىر، ئۆت، جىگەر، كۆز، مەقئەت كېسەللىكلىرى، يىرىڭلىق جاراھەت، تەمرەتكە، قىچىشقاق ۋە گال كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

〔ئىشلىتىش ئۇسۇلى〕

1. كالا ئۆتىنى زەپەر بىلەن ئېزىپ كۆزگە سۇرمە قىلىپ تارتسا، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

2. كالا ئۆتىنى توغرىغۇ ۋە ئادراسمان ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ سىرتتىن چاپسا، چاچ كېپەكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ.

3. كالا ئۆتىنى ھەسەل بىلەن بىرگە غەر ـ غەر قىلسا، گالنىڭ بوغۇلۇشىنى ياخشىلايدۇ.

4. كالا ئۆتىنى ئەرقى پۇدىنە، ئەرقى شۋاق ۋە ئەرقى شاھتەررە بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

5. كالا ئۆتىنى ئېزىپ ھەسەل بىلەن يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، مەقئەت يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. كالا ئۆتىنى راتىيانەج، توغرىغۇ، كەت ھىندى، مامىرانچىنى قاتارلىقلار بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا، يىرىڭلىق جاراھەت ۋە تەمرەتكىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

7. كالا ئۆتىنى سوقۇپ قېتىق بىلەن ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

8. كالا ئۆتىگە نوقۇتنى چىلاپ مەلۇم كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىستېمال قىلسا، مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

〔ئىشلىتىش مىقدارى〕 0.1～0.3 گرام.

〔زىيانلىق تەسىرى〕 باشنى قايدۇرىدۇ.

〔تۈزەتكۈچىسى〕 ھەسەل.

〔ئورۇنباسارى〕 زەھرە مۆھرە.

〔چىقىش ئورنى〕 مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

〔قوشۇمچە〕 كالا ئۆتىنى تازىلاش ئۇسۇلى: يېڭى سويۇلغان كالا ئۆتىدىن 100 گرام ئېلىپ، ئاليۇمىن ياكى قەلەيدىن ياسالغان قاچىغا سېلىپ، 25 گرام قالغۇچە قاينىتىپ سۈيىنى پارلاندۇرۇۋېتىپ، قالغان قىسمىنى شىشىگە قاچىلاپ ئۈستىگە 75 پىرسەنتلىك ئىسپىرتتىن قوشۇپ شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپ، ئىسپىرت پارغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تېگىدە قالغان ئۆتنى پاكىز ئېلىپ، مەخسۇس قاچىلاردا قويۇپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى ئۆتنىڭ تەسىرىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ، ئۇ يۇمشىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، تۈتۈش، ھەزىمنى ياخشىلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرگە ئىگە.

# ئات يادا تېشى
(马宝 ma bao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Calculus Equi

[ئېنگىلز نامى] Horse bezoar

[تونۇش]

بۇ ئاتنى ئۆلتۈرگەندە ئاتنىڭ ئۆچەي يوللىرى ياكى قېرىنىدىن چىقىدىغان قاتتىق، ئېغىر، تەمى تېتىقسىز، ئازراق سېسىق پۇرايدىغان، شەكلى يۇمىلاق ياكى تۇخۇم شەكىل-لىك، ئازراق پارقىراقلىقى بار بىر خىل تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، «ئات يادا تېشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ، قاتتىق، سىلىق، پارقىراق، ئاقۇش كۈل رەڭ بۇلغىنى ئەلا-ياخشىدۇر (26.11 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كالتسىي كاربونات، ماگنىي فوسفات، ماگنىي كاربونات قاتار-لىق ماددىلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، سپازما بوشىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۆتەل، سەرئى، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، غەلۋىرەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئات يادا تېشى 5 گرام، خۇنسىياۋشان 5 گرام، تاباشىر 3 گرام، سوقۇپ ئىچسە، قان توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ.

2. ئات يادا تېشى 7 گرام، جاراھەت تېشى 5 گرام، ئانار پوستى 5 گرام، سوقۇپ جاراھەت بار ئورۇنغا سەپسە، جاراھەت پۈتتۈرىدۇ.

3. ئات يادا تېشى 5 گرام، كالا ئۆتى 3 گرام، چايان 3 گرام، سوقۇپ، مۇۋاپىق

مىقداردا ئىچسە، زەھەر قايتۇرىدۇ.

4. ئات يادا تېشى 10 گرام، زۇپا، گاۋزىبان، گۈلبىنەپشە قاتارلىقلاردىن ئالتە گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ سۇيۇپ قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، يۆتەل توختىتىپ، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] بىر گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] زەھەرسىز.

[ئورۇنباسارى] پادزەھرى ھايۋانى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن، خېيلوڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ، يۈننەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇيۇپى چايان.

## چايان

(全蝎 quan xie)

[ئەرەبچە نامى] عقرب

[پارسچە نامى] کژدم

[ئوردۇچە نامى] بچھو

[لاتىنچە نامى] Scorpio

[ئىنگلىزچە نامى] Scorpion

[تونۇش]

بۇ ئامبۇرسىمان سېرىقئېشەك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چاياننىڭ قۇرۇتۇلغان تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە تۇتۇۋېلىپ، سۇزۇك سۇ ياكى تۇز سۇيىدە يۇيۇپ لاي ۋە توپىلىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن قازانغا سېلىپ چايان چۆككۈچە سۇ قۇيۇلىدۇ، ئۈستىگە بىر جىڭ چايانغا 60 ~ 50 گرام تۇز سېلىپ، چاياننىڭ دۈمبىلىرىگە سىزىق پەيدا بولغۇچە ۋە بەدىنى قاتقۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ ئېلىپ، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلىدۇ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ پۇقىرىقىدەك قۇرۇتۇلغان تېنى «چايان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (26.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] چايان زەھىرى (Katsutoxin) بولۇپ، بۇ چايان زەھىرىنىڭ بىر خىل ئاقسىلىدىن ئىبارەت.

تىرىمېتىلامىن (Trimethylamine)، بېتائىن (Betain)، يۇمشاق ماي كىسلاتاسى، ئامىنو كىسلاتا تۈرلىرى بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. چايانلىن ھەر كۈنى بىر گرام ئىشلەتسە، تارتىشىشقا قارشى تۇرالايدۇ.

2. چايان تىنىكتورىسى ۋە قايناتمىسى ۋېنادىن كىرگۈزۈلسە، قان بېسىمى چۈشۈرۈلىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش؛ چاچ قوۋۇەتلەش، سپازما بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زەھەرلىنىش، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، بوغۇم ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، سۈيدۈك يولىدىكى تاش ۋە يىرىڭلىق جاراھەت، ئاق ۋە قارا داغ، چاچ چۈشۈش، بەرەس، چاقا، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چايانىنىڭ يېغىنى چىقىرىپ يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

2. چايانىنى كۆيدۈرۈپ چاشقان مايىقى بىلەن ئېزىپ كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. چايان كۈشتىسى ئۈچ گرام، ئوغرىتىكەن يەتتە گرام، ھەجرۇليەھۇت 25 گرام، سوقۇپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلايدۇ.

4. چايانىنى كۆيدۈرۈپ زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. چايانىنى تۇتۇپ قارنىنى يېرىپ، چايان چاققان ئورۇنغا تاڭسا زەھەر قايتۇرىدۇ.

6. ھەرخىل چاقا ۋە ئوڭاي پۈتمەيدىغان يارىلارغا چايانىنى كۆيدۈرۈپ چېپىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] كۈشتىسىدىن 0.5~3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھاك تۇخۇم بىلەن چېپىلىدۇ، ياڭاق مېغىزى، ئەنجۈر، سامساق بەرگى چېپىلىدۇ، بېدە ئۇرۇقىنى ئېزىپ سىركە بىلەن چېپىلىدۇ، ئىچىدىن بۆر سۈيىمىسى يىلتىزى، ئەمەن، زىراۋەندە قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ، كالا يېغى،

قوي يېغى ئېرىتىپ چېپىلىدۇ، كاسىنە، ئارپا، قاپاق سۇلىرى ۋە قۇرسى كاپۇر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ خېنەن، سەندۇڭ، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ھەم چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[قوشۇمچە] چايان مەشھۇر بولغان زەھەرلىك ھاشارات بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرلىرى كۆپ، بىر خىلى ماگغاندا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، ئۇنى (شەيياله) ، يەنە بىر خىلى ماگغاندا قۇيرۇقىنى يەرگە سۆرەپ ماڭىدۇ، ئۇنى (جەرراره) دەيدۇ، بۇ شەييالەدىن كىچىكرەك بولىدۇ، بۇنىڭ زەھىرى ئارتۇق ھەم كۈچلۈك بولۇپ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، چىشى چاياننىڭ زەھىرى ئەركەك چاياندىن ئارتۇقراق، قارا چايان بەك يامان، قارا تۈكلۈك چوڭ قاناتلىق بولغىنى ئەقرەبىي ئەسكىرىيە دېيىلىدۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ زەھەرلىرى ئارتۇق بولۇپ، بەدەندىن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

## زەھەرمەموھرە

(花蕊心 hua rui xin)

[ئەرەبچە نامى] حجرالسيم

[پارسچە نامى] فادزهرمعدنى

[ئوردۇچە نامى] زہرمہرہ

[لاتىنچە نامى] Serpeivtin

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

زەھرەموھرە ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل مىنېرال بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ، كلاسسىك ئۇيغۇر تېبابەت كىتابلىرىدا زەھرە موھرىنى چىقىش ئورنىغا ئاساسەن بىر قانچىگە بۆلگەن، جۇڭگونىڭ تاغلىرىدىن چىقىدىغىنى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ باشقا دۆلەتلەردىن چىقىدىغىنىغا قارىغاندا ساپ، سۇپەتلىك كېلىدۇ، «زەھرە موھرە» دېگەن زەھەر قايتۇرغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ نام ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى بولغان «زەھەر قايتۇرۇش»تىن كەلگەن. زەھرە موھرىنىڭ تېنى چۇرۇك بوش بولۇپ، يېشىل رەڭدىكىسى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. تەمسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ (13.26 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]
زەھەر قايتۇرۇش؛ يۈرەك، مېڭە، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش؛ باھنى قوزغاش، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەنىي تۇتۇش، بۆرەك ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىش، قان توختىتىش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
زەھەرلىنىش؛ يۈرەك، مېڭە، جىگەر، بۆرەك ۋە تال ئاجىزلىقى؛ باھ ئاجىزلىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، خولېرا، قان تولغاق، ۋابا، ئىچى سۇرۇش، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. زەھەرموھرىنىڭ كۇشتىسىدىن 0.5 گرامنى قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان، تال، بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ؛ يۈرەك ئاجىزلىق، دەم سىقىش، مەنىي تۇتالماسلىق ۋە يۈرەك سېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
2. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەھەرموھرىنى قارىمۇچ بىلەن سوقۇپ زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا باسسا، مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەھەرموھرىنى تاباشىر بىلەن سوقۇپ، تۆمۈر داغمال سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، كونا ئىچى سۇرۇشكە شىپا بولىدۇ.
4. مۇۋاپىق مىقداردىكى زەھەرموھرىنى خۇنسىياۋشان بىلەن سوقۇپ، سۈپۈپ قىلىپ ئىچسە، قان توختىتىدۇ.
5. مۇۋاپىق مىقداردىكىزەھەرە موھرىنى مەرۋايىت بىلەن سۈپۈپ قىلىپ، ناۋات بىلەن ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] سىرتتىن ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ، ئىچكى تەرەپتىن 0.5~1.5 گرام.
[زىيانلىق تەسىرى] قان تومۇرلاردا توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] سۇمبۇل، ھەسەل سۈيى.
[ئورۇنباسارى] زۇمرەت.
[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ تاغلىرىدىن، بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىلىرىدىن ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى زەھرەموھرە، مۇپەررىيھى ياقۇت، داۋائىلمىشكى شېرىن.

# سانجىقئوت يىلتىزى
(马尾连 ma wei lian)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى] پيارانگا

[ئوردۇچە نامى] پيارانگا

[لاتىنچە نامى] Radix Thalictri Foliolozi

[ئىنگلىزچە نامى] Many leaf Meadowrue Root

[تونۇش]

بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كۆپ يوپۇرماقلىق سانجىقئوتنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولۇپ، يىلتىزسىمان غولىنىڭ كەسمە يۈزى قوڭۇر رەڭلىك، ئىچى سېرىق رەڭلىك، تەمى ئاچچىق، ئازراق پۇراقلىق كېلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە تالىكتىرىن (Thalictrin)، بېربېرىن (Berberine)، پالماتىن (Palmtine)، ساترورىزىن (Safrorrhizine) قاتارلىقلار بار.

سېرىق سانجىقئوتنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمىدا يەنە 0.65% ئالكالوئىد، 1% فلاۋون، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى گلۇكوزىد، ۋىتامىن C قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش رولى بار.

2. باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى بار.

3. سپازمىنى بوشىتىش تەسىرى بار.

4. يۈرەك قان تومۇرىنى كېڭەيتىش.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ۋابا، ئىچى سۈرۈش، تولغاق، ئۆچەي يارىسى، يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى، زۇكام، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، زىققە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سانجىقئوت يىلتىزىنى ئېزىپ، ئەرقى گۈلاب بىلەن ئىچسە، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

2. سانجىقئوت يىلتىزىدىن 27 گرامنى توققۇز گرام قۇستە بىلەن يۇمشاق سوقۇپ سۇپۇپ تەييارلاپ ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گرامغىچە، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچسە، تولغاق ۋە ئۈچەي ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

3. سانجىقئوت يىلتىزىدىن توققۇز گرامنى ئالتە گرام يالپۇز، ئالتە گرام قېرىقىز ئۇرۇقى، ئالتە گرام زىرىق، ئالتە گرام چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ سوقۇپ قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، ئېغىز ۋە تىلدىكى يارىلار، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، بادامسىمان بەز ياللۇغى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، شىزاڭ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلىرىدىن ھەمدە ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ھەببى غارىقۇن.

## چىنار ئۇرۇقى
(梧桐子 wu tong zi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Firmianae

[ئىنگلىزچە نامى] Phoenix Tree Seed

[تونۇش]

بۇ چىنار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ چىنار (Platanus) بولۇپ، قوۋزىقى پارچە ـ پارچە سويۇلىدۇ، يوپۇرمىقى كەڭ، ئەتراپى چىشلىق، ياغىچى يېنىك، پارقىراق، مېۋىسى يۇمىلاق شار شەكىللىك، كىچىك، قاتتىق، ۋەزنى يەڭگىل، مېۋىسىنىڭ تۈۋى قوڭۇر، ئۇزۇن تۈكچىلەر قاپلىغان بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى، پوستى ۋە ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (15.26 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىدا ياغ كىسلاتاسى، سېتركۇلىك كىسلاتاسى (Sferculic Acid) ۋە قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە بولغان بىئولوگىيىلىك ئىشقارلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، قان توختىتىش، قان نوك-چىسى پەيدا قىلىش، قاننى قويۇلدۇرۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] يوپۇرمىقى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، مېۋە ۋە پوستى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش، بەرەسنىڭ ۋە ھۆل جاراھەتلەرنىڭ سېسىقلىقىنى يوقىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇ-تۇش، زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كۆز ئاغرىقى، بەرەس، ھۆل تەمرەتكە، كۆيۈك، ئېغىز بوشلۇقى يالاۇغى، زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. چىنار 10 گرام، توشقانكالپۇك 10 گرام، بابۇنە 7 گرام، ئىكلىلمىلىك 7 گرام، ئىتئۈزۈمىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قايىنتىپ يەرلىك ئورۇننى يۇيۇپ بەرسە، يالاۇغ قايتۇرۇپ، ئىششىق ياندۇرىدۇ.

2. چىنار، قارىمۇچ، زەھىرى موھرە بىلەن قوشۇپ سوقۇپ سۈيۈپ قىلىپ، زەھەرلىك ھاشارات چېققان ئورۇنغا چاپسا شىپا بولىدۇ.

3. چىنار، چالمۇگرا مېۋىسى، سەرخەس قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، ھۆل تەمرەتكە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاۋاز پەردىسى، كاناي ۋە كۆزگە زىيانلىق.

[تۈزەتكۈچىسى] ئۇد ھىندى، دارچىن، يېڭى سېغىلغان سۈت.

[ئورۇنباسارى] ئانار قوۋزىقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

# قىرىقئاياغ

(蜈蚣 Wu gong)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Scolopendra

[ئىنگلىزچە نامى] Centipede

[تونۇش]

بۇ قىرىقئاياغ ئائىلىسىدىكى ھايۋان قىرىقئاياغنىڭ پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت (16.26 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەرە زەھىرى، قان ئېرىتكۈچى ئاقسىل، چۈمۈلە كىسلاتاسى، ماي، دىڭزىيا كىسلاتاسى، گۇلتامىك كىسلاتا قاتارلىق كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى، كارونىل، كالتسىي (Ca)، سىنىك (Zn)، فوسفور (P)، تۆمۈر (Fe) لەر بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىستىرخىنىن پەيدا قىلغان تارتىششقا قارشى تەسىرى، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى كۈچەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، تېرە زەمبۇرۇغلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، راك ھۆجەيرىلىرىنى تورمۇزلاش، تانوس تاياقچە باكتېرىيىسىدىن كېلىپ چىققان سپازمىنى يوقىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننى قىزىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

زەھەرلىنىش، سپازمىلىنىش، تارتىشىپ قېلىش، لەقۋا، رېماتىزم، ھەرخىل ئۆسمىلەر، پالەچ، ئىچكى ئەزالاردىكى ھەرخىل يارا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

قىرىقئاياغ ئىككى گرام، سەرتان ئۈچ گرام، چايان بەش گرام، كەتىرا 10 گرام، سەمغى ئەرەبى بەش گرام، ئوق يىلان بەش گرام؛ قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە، تارتىشىپ قېلىش، ھەر خىل ئۆسمە، ياللۇغلىنىش ۋە ئۆپكە راكىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5~5 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، گالنى قۇرۇتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] لىمون.

[ئورۇنباسارى] سەرتان.

[چىقىش ئورنى] ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى ئەفئا.

## قىزىل سىر[1]

(朱砂 zhu sha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان تازىلاش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، تۇتۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقىتىش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

## قىزىل چۆپچىنى[2]

(土茯苓 tu fu ling)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

جاراسىملارغا قارشى تۇرۇش، قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، تەرەتنى يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئارتۇق ماددىلارنى تارقىتىش، تەرلىتىش، خۇشلۇق كەلتۈرۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، رەئىس ئەزالارنى، ئاشقازان ھەم باھنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ۋە ھەيز راۋانلاشتۇرۇش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش.

## كەكرى ئۇرۇقى[3]

(苦蒿子 ku hao zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تەرەتنى يۇمشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 5 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

## كۆك چاي①

(绿茶 lu cha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، هارارەت پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، سۈيدۈك هەيدەش، مېڭە، يۈرەك نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش.

## ئېگىر②

(石昌蒲 shi chang pu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، مېڭىنى تازىلاش، هەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، سۈيدۈك هەيدەش، ئۇچەي مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈش.

## جۆئىدە③

金石蚕 jin shi can

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى تازىلاش، سۈيدۈك ۋە هەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يەل تارقىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىششىق تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش.

---

① تەپسىلاتى 1 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

## ھەببى بىلسان[①]

(麦加香脂树子 mai jia xiang zhi shu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇ-رۇش، مېڭىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، نېرۋىنى قوزغىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەي-تىش.

## قاغىتىرنىقى[②]

(光慈姑 guang ci gu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ھارارەت پەسەيتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، بۇزۇق ماددىلارنى تارقى-تىش.

## قېرىقىز[③]

(牛蒡子 niu pang zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، قان تازىلاش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىلنى سىرتقا تەپكۈزۇش، گال ئاغرىقىنى پەسەيتىش (يۇتقۇنچاقتا)، زەھەر قايتۇرۇش.

① تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

## زەيتۇن مېۋىسى[1]
(橄榄 gan lan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تەرەتنى يۇمشىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، تەرلىتىش، ئۇمۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۆپكە، كانايدىكى زەهەرلىك ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش، هەزىمنى ياخشىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قان تازىلاش، ئۇسسۇلۇقنى پەسەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش.

## تاشتۇز[2]
(石盐 shi yan)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى يەل هەيدەش، «تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، زەهەر قايتۇرۇش، ئۈندىن باشقا زېهىننى قۇۋۋەتلەش، شىلىمشىق بەلغەملەرنى تازىلاش، يەل تارقىتىش، قورساق ئېسىلىشنى پەسەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش.

## تېزەكچى قوڭغۇز[3]
(蜣螂虫 qiang lang chong)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، سىپازما بوشىتىش، زەهەر قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، تارتىشىشنى توختىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 22 ـ بابقا قاراڭ

## ياقۇت[1]

(红宝石 hong bao shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى ئېچىش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## سۇ بۆلجۈرگىنى[2]

(水杨梅 shui yang mei)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆتنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتما پەسەيتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

## ئاق ماش[3]

(白扁豆 bai bian dou)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تال، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ھامىلە چۈشۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش.

---

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 33 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 34 ـ بابقا قاراڭ

## چەشمى خۇرۇس[1]
(相思豆 xiang si dou)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش، ئىششىق تارقىتىش، تېرىنى قىزارتىش، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش.

## قارا پارپا[2]
(飞燕草 fei yan cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى، «تەبىئەت» نى، بالىياتقۇنى، تۇخۇمدانىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش ۋە تىنچلاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يۈرەك، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەپ، تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىش.

---

① تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

# يىگىرمە يەتتىنچى باب  تەبىئەتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

«تەبىئەت» ياكى ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلار ئومۇملاشتۇرۇپ تەبىئەتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن ئومۇمىي بەدەندە ياكى مەلۇم بىر ئەزادا ئاجىزلاش يۈز بەرسە نورمال ماددا ئالمىشىش سۇسلىشىپ ئورگانىزمدا تۈرلۈك كېسەللىكلەر (ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىشىش، مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك زەئىپلىشىش، بۆرەك زەئىپلىشىش، ئۆپكە سىلى، بالىياتقۇ قاناش، قان ئازلىق، سۈت ۋە مەنى كەملىك، باھ ئاجىزلىق، تەمرەتكە، قارادىغ، خانازىر، راك، رەئشە، پالەچ، ھەرخىل ئىششىق، يىرىڭلىق جاراھەت، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، بەل ۋە پۇت ئاغرىش، ئاشقازان يالللۇغى، ئاشقازان يارىسى، ئورۇقلاش، ھەرخىل سىل كېسەللىكلىرى ...) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. تەبىئەتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. تەبىئەتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق ياكى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار، «تەبىئەت» ياكى بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قان كۆپەيتىشتەك تەسىرلەرنى بېرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار تەبىئەتنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: تاشپاقا قېپى، توخۇ گۆشى، تۆگە گۆشى، ئۆلار گۆشى، قوي سۈتى، قوي يېغى، قوي گۆشى، ئادەمگىياھ، كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى، ئۆچكە گۆشى، پاختەك گۆشى، ئات گۆشى، بۇغداي، كىرپە، يەرمەدىكى، زەپەر، يۇمىر.

ئەنجۈر، تۆمۈر، پىششىق ئەگىرسۇناي، قۇرتئوت، پويرارىيە يىلتىزى، رىگ ماھى، غاز تۇخۇمى، ئاق پارپا، قارا پارپا، ئىشەك سۈتى، سەۋزە، تاش تۇز، لوبان.

## تاشپاقا قېپى

(龟甲 gui jia)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Carapaxet Plastrum Testudinis

[ئىنگلىزچە نامى] Tortose’s Carapae and Plastron

[تونۇش]

بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ئۆمىلىگۈچى ھايۋان تاشپاقىنىڭ قورساق قىسمىدىكى قېپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى دورىغا قائىدە بويىچە لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ (1.27 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] سۆڭەك كوللاگېن ماددىسى، 18 خىل ئامىنو كىسلاتاسى، ماي، يېلىم ماددىسى، كالتسىي (Ca)، فوسفور (P)، ماگنىي (Mg) قاتارلىق ماددىلار.

[فارماكولوگىيەلىك تەسىرى] بالا ياتقۇنى قوزغىتىش تەسىرى، قالقانسىمان بەز ئىقتىدارىنى تىزگىنلەش، ئىممۇنىتېتلىق شارچە ئاقسىلىنى كۆپەيتىش، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش، قان تولۇقلاش، ئاغرىق پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش.

[تەبىئىتى] قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، ھارارەت پەسەيتىش، قان توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئۆپكە سىلى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، بالىياتقۇ قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

تاشپاقىنى لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: سۇ قاچىلانغان ساپال كۆمزەككە تاشپاقىنى سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، 30 كۈن چىلاپ قويغاندىن كېيىن سېسىق سۇنى تۆكۈۋېتىپ، يەنە كۈنىگە بىر قېتىم سۇ يۆتكەش شەرتى بىلەن يەتتە كۈن چىلاپ قويۇپ، ئاندىن تاشپاقا قېپىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ، دورىغا ئىشلىتىشكە ھاجەت بولغاندا، شورپىسىنى ئېلىپ ئىچىشكە بېرىلىسمۇ ياكى سوقۇپ مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ

[ئىشلىتىش مىقدارى] 18 ～ 35 گرام.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كورلا، باغراش كۆلى، سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## توخۇ گۆشى

(鸡肉 ji rou)

[ئەرەبچە نامى] لحم دجاج

[پارسچە نامى] گوشت مرغ

[ئوردۇچە نامى] مرغ کا گوشت

[لاتىنچە نامى] Musculus Gigeriae Galli

[ئىنگلىزچە نامى] Chicken

[تونۇش]

بۇ قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى هايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ گۆشىدىن ئىبارەت (27.2 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] 100 گرام توخۇ گۆشىدە 74 گرام سۇ، 23.3 گرام ئاقسىل، 1.2 گرام ياغ، 1.1 گرام كۈل ماددىسى، 11 مىللىگرام كالتسىي، 190 مىللىگرام فوسفور، 1.5 مىللىگرام تۆمۈر ۋە باشقا كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتا، ۋىتامىن A، C ۋە ۋىتامىن E قاتارلىق نۇرغۇن مىكرو ئېلېمېنتلار بار. توخۇ گۆشىنى كاۋاپ قىلغاندا، يېغىنىڭ تەركىبىدىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى ئاجرىلىپ چىقىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، يېڭى قان پەيدا قىلىش، يىلىكنى تولدۇرۇش، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاشۇرۇش، باهنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي ۋە سۈت پەيدا قىلىش، ئىشتىهانى ئېچىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، چىراينى ۋە ئاۋازنى ياخشىلاش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كەم قانلىق، قان ئازلىق، بەدەن ئاجىزلىق، مەنىي ئازلىق، ئىشتىها تۇتۇلۇش، ئېغىر دەرىجىدە چارچاش، ئۆپكە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. توخۇ گۆشىدە شورپا تەييارلاپ ئىچسە، باھ ھەم بەدەن ئاجىزلىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. توخۇ گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ يېسە، قان ئازلىق، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. توخۇ گۆشى، باچكا گۆشى، كەكلىك گۆشى، قۇشقاچ گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى قاتارلىقلارنىڭ گۆشىدىن 100 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇل لەھمى تەييارلاپ ئىچسە، قان ئازلىق، مەنىي كەملىك، ماغدۇرسىزلىق، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا مەنپە-ئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] سوغۇقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قارىمۇق، پىلپىل، زىرە.

[ئورۇنباسارى] ئۆردەك گۆشى، كەپتەر گۆشى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇل لەھمى.

# توّگە گوّشى

(骆驼肉 luo tuo rou)

[ئەرەبچە نامى] لحم الجمل

[پارسچە نامى] گوشت اشتر

[ئوردۇچە نامى] اونٹ کا گوشت

[لاتىنچە نامى] Musculus Cameli Camelus bactrianus Ferus

[ئىنگلىزچە نامى] Meat of bactrian camel

[تونۇش]

بۇ توّگە ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ھايۋانات قوش لوكىلىق توّگىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ گوّشى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ (27.3 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى ۋە يۇرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان كوّپەيتىش، يەللەرنى تارقىتىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، كونا ـ يېڭى باش ئاغرىقىنى قالدۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئاغرىق پەسەيتىش، قان توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، تەمرەتكە، قارا داغ، بوۋاسىر، خانازىر، ئىستىسقا، سەرتان، پالەچ، نىقرەس، رەئشە، ئىششىق، يىرىڭلىق جاراھەت ۋە يارا قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. گوّشىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ يېسە، باھنى ۋە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى مۇقەلىنى كوّدە سۈيىدە ئېرىتىپ، توّگە يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ سىرتتىن سۈركىسە، بوۋاسىر دانىلىرىنى يوقىتىدۇ.

3. توّگە جىگىرى مۇۋاپىق ھالدا ئىستېمال قىلسا، كوّزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كوّزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، بىنەپشە، سىركە، ئاچچىقسۇ.

[ئورۇنباسارى] بوّرە ئەرمىنى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇل لەھمى.

# ئۇلار گۆشى
(雪鸡 xue ji)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Tetrao gallus xinjiang Gould

[ئىنگلىزچە نامى]

[تونۇش]

بۇ، ئېگىز تاغلاردا ياشايدىغان مەشھۇر قۇش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېگىز تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ، كۆرۈنۈشى توخۇغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قارامتۇل كۈل رەڭ، گۆشى بەكمۇ لەززەتلىك كېلىدۇ. دورىغا گۆشى ۋە پوكۇنى ئىشلىتىلىدۇ (27.4 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، قۇۋۋەت تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئەتنى ئۆستۇرۇش، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەدەن ئاجىزلىقى، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ماغدۇرسىزلىق، بەل ـ پۇت ئاغرىش، ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇلار گۆشى، كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى، پاقلان گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 20 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇل لەھمى تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقى، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ئۇلار گۆشىنى ئوتتا پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا يېيىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مېۋە سۇلىرى.

[ئورۇنباسارى] كەكلىك گۆشى، كەپتەر گۆشى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇل لەھمى.

# قوي سۈتى
(羊乳 yang ru)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Lac caprae

[ئىنگلىزچە نامى] feta

[تونۇش]

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ سۈتى بولۇپ، «قوي سۈتى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] ھەر 100 گرام سۈتنىڭ تەركىبىدە 87 گرام سۇ، 3.8 گرام ئاقسىل، 4.1 گرام ياغ، 5 گرام كاربوھىدرات، ۋىتامىن A، C لار بار.

كالا سۈتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قوي سۈتىنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل ۋە ياغنىڭ مىقدارى مول بولىدۇ، ئۆچكە سۈتى بىلەن قوي سۈتىنىڭ تەركىبىدە ياغ كىسلاتاسى، پالمىتىك كىسلاتاسى (Palmitic acid) تېخىمۇ كۆپ. ئۆچكە سۈتىنىڭ تەركىبىدىكى مىرىستىك كىسلاتا (Myristicin acid) قوي سۈتىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، سەمرىتىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەدەن ئاجىزلىقى، بەدەن ئورۇقلاش، سىل كېسەللىكى، تۇتقاقلىق كېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. سۆئلەپ مىسرى، شاقاقۇل، بادام مېغىزى ھەر بىرى 10 گرامدىن، يۇمشاق سوقۇپ 100 گرام قوي سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەمرىتىدۇ، سىل كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

2. ئۈستقۇددۇس، لاچىندانە، قەلەمپۇر 10 گرامدىن، زەپەر 2 گرام، قوينىڭ سۈتى 150 گرام، ئۈستقۇددۇس، لاچىندانە، قەلەمپۇرنى يۇمشاق سوقۇپ، قوينىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا زەپەرنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلسا تۇتقاقلىق كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] باشقا زىيان قىلمىدۇ.

[ئورۇنباسارى] كالا سۈتى، ئۆچكە سۈتى.

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## قوي يېغى

(羊脂 yang zhi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Fat caprae

[ئىنگلىزچە نامى] Suet

[تونۇش]

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ھايۋان قوينىڭ يېغى بولۇپ، «قوي يېغى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[خىمىيىلىك تەركىبى] توڭغان ۋە توڭمىغان ياغ كىسلاتاسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، توڭمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ تەركىبىدە پالمىتىك كىسلاتا (Palmitic acid) بىلەن ستېئارىك كىسلاتا (Stearic acid) بار، توڭمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى ئولئېك كىسلاتاسى (Oleic acid) بار، قوينىڭ تېنىدىكى ياغ كىسلاتاسىنىڭ تەركىبىدە 4% مىرىستىك كىسلاتاسى (Myristic acid)، 28.3% پالمىتىك كىسلاتا، 50.8% ئوكتادىكا كىسلاتاسى (Octadecadienoic acid) قاتارلىقلار بار. قوي مېيى بىلەن كالا مېيىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئاساسەن ئوخشاش، لېكىن قوي مېيى نىسبەتەن قاتتىق ھەم تەركىبىدىكى توڭمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى كۆپ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەندە ياغ پەيدا قىلىش، سەمىرىتىش، تېرىنى قۇۋۋەتلەش، ئىچى سۇرۇشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، ئاغرىق توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەدەن ئورۇقلاش، ئىچى سۇرۇش سەۋەبىدىن بولغان ئۈچەي چىقىپ قېلىش، تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق مۇجۇپ ئاغرىش، يۈزدىكى داغ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوينىڭ يېغىدا هالۋا تەييارلاپ يەپ بەرسە، بەدەننى سەمىرىتىدۇ.

2. تاماقتا قوي يېغىنى ئېرىتىپ ئېمىتىۋېتىپ يېسە ياكى تامىقىنى قوي يېغىدا ئېتىپ يېسە، ئىچ سۈرۈشتىن بولغان ئۈچەي چىقىپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ، قاندىكى ماي ماددىسىنى ئۆرلىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] كالا يېغى.

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

## قوي گۆشى

(羊肉 yang rou)

[ئەرەبچە نامى] لحم الغنم، لحم الشاة

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى] بھیڑکا گوشت

[لاتىنچە نامى] Musculus Ovis

[ئىنگلىزچە نامى] Sheep Meat

[تونۇش]

بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق ھايۋان قوينىڭ گۆش بولۇپ، بۇ گۆشى «قوي گۆشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (7.27 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قوي گۆشىنىڭ تەركىبى قوينىڭ تۇرى، يېشى، ئورۇقلىنىش

ئەھۋالى، بەدەن شەكلى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئورۇق گۆشنىڭ تەركىبىدە 68% سۇ، 17.3% ئاقسىل، 13.6% ماي ۋە ئاز مىقداردا كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار بولىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى سەمرىتىش؛ باھنى، يۈرەكنى، ئومۇمىي بەدەننى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش؛ تەبىئىي ھارارەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قان كۆپەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، مەنىي ئازىيىش، يۈرەك ئاجىزلىقى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاجىزلىق، بەدەن ئاجىزلىق، سوغۇقتىن كېلىپ چىققان قۇسۇش، قېرىلاردىكى ھەزىم ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوي گۆشىدىن 500 گرامنى، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ پۇشۇرۇپ گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچسە، باھ ئاجىزلىقى، بەدەن ئاجىزلىقى ۋە ماغدۇرسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. مۇۋاپىق مىقداردىكى قوي گۆشنى زىخقا تارتىپ، ئۈستىگە پىلپىل، قارىمۇچ، ئاقمۇچ تالقانلىرىنى سېپىپ كاۋاپ قىلىپ يېسە، بەدەن ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كەپتەر گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى، كەكلىك گۆشى، قوي گۆشى قاتارلىقلاردىن 100 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مائۇل لەھمى تەييارلاپ ئىچسە، مەنىي كۆپەيتىدۇ. بەدەن ئاجىزلىقى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] قاندىكىماينى ئۆرلىتىۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] زىرە.

[ئورۇنباسارى] ئۆچكە گۆشى.

[چىقىش ئورنى] دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

# ئادەمگىياھ

(人参 ren shen)

[ئەرەبچە نامى] يبروج الصنم

[پارسچە نامى] مردم گیاه

[ئوردۇچە نامى] لقاح

[لاتىنچە نامى] Radix Ginseng

[ئىنگلىزچە نامى] Ginseng

[تونۇش]

بۇ ئاكانتو پاناكس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ئادەمگىياھ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى «رېنسېڭ» ياكى «ئادەمگىياھ» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكى 50 ~ 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ، يوپۇرمىقى ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىنچىكە كېلىدۇ، مېۋىسى قىزىل، چوڭلۇقى زەيتۇن چوڭلۇقىدا، گۈلى ئاق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۆسۈملۈك كېچىسى يالتىراپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بېشى كېسىلمىسە، قۇۋۋىتى 60 يىل تۇرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. چىشى رېنسېڭنىڭ رەڭگى قارا تەرەپكە مايىلراق بولىدۇ، ياغاچقا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئوسۇڭغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن بىرئاز كىچىكرەك، ياغلىشاڭغۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ، ئۆسۈملۈكى يەر ئۈستىگە يېيىلىپ تۇرىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ تۇۋىدە مېۋىسى بولۇپ، ئالمىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئالمىدىن كىچىكرەك، مېۋىسىنىڭ ئىچىدە ئامۇتنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئۇرۇقى بولىدۇ. چىشى رېنسېڭنىڭ يىلتىزى يوغان ئىككى ياكى ئۈچ دانە بولىدۇ، بىر - بىرىگە چاپلاشقان هالدا تۇرىدۇ، تاشقى تەرىپى قارا، ئىچكى تەرىپى ئاق، پوستى قېلىن، تېنىلىك بولىدۇ. ئىككىنچى ئەركەك رېنسىڭ: بەزىلەر بۇنى «موريۇن» دەپ ئاتايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى ئاق، سىلىق، يوغان، كەڭ، قىزىلچىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يىلتىزى چىشى رېنسېڭنىڭ ئىككى باراۋىرىدە كېلىدۇ، چوڭلۇقى پەتىنگان مىقدارىدا، رەڭگى زەپەرنىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئۆتكۈر، چارۋا باقىدىغان كىشىلەر بۇنى يەيدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، ئەركەك رېنسېڭنىڭ يىلتىزى ئايال كىشىنىڭ شەكلىدە، چىشىسىنىڭ يىلتىزى ئۇزۇنراق. يەنە بىر رېنسېڭ بار

بولۇپ، بۇ سايە جايلاردا، ئازگال جايلاردا ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كىچىك، لېكىن كەڭ، بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، بۇنىڭ يىلتىزىنىڭ چوڭلۇقى باش بارماق چوڭلۇقىدا ئۇزۇن، رەڭگى ئاق، بۇنىڭ گۈلى ۋە مېۋىسى بولمايدۇ، بۇ ھەممە خىل رېنسېڭلارنىڭ كۆچلۈكرەكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ رېنسېڭنىڭ ياخشىسى سېمىز ھەم چىڭ بولغىنىدۇر (8.27 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە پاناكسوزىد I ـ Ⅳ (Panaxosides) قاتارلىقلار بار. يەنە يىلتىزىدا 0.05% ئۇچۇچان ماي بولۇپ، بۇ ئادەمگىياھتىكى ئالاھىدە پۇراقتىن ئىبارەت، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پاناكسىنول (Panaxynol) رېنسېڭ كىسلاتاسى، ھەرخىل ئامىنو كىسلاتالار، ئۆت ئىشقارى (خولىن) پېپتىد تۈرىدىكىلەر بار، ئۈزۈم شېكىرى، مېۋە شېكىرى، قومۇش شېكىرى ۋە كۆپ خىلدىكى پانوز (Panose) مېۋە يىلىمى قاتارلىقلار، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$ نىكوتىن كىسلاتاسى قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: رېنسېڭ مەر-كىزىي نېرۋا سىستېمىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قىسىملىرىغا قارىتا ئالاھىدە تەسىرى بار، بولۇپمۇ تورمۇزلىنىش جەريانىنى كۈچەيتىدۇ، نېرۋا پائالىيىتى جەريانىنىڭ جانلىقلىقىنى ياخشىلايدۇ، رېنسېڭنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقىنى قوزغىتىش تەسىرى ئامفېتا-مىن، كوففېئىن، دىبازول، ترىخنىن قاتارلىقلاردىن كۈچلۈك. ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭ سەلبىي قوشۇمچە تەسىرى يوق. ئۇيقۇنى قاچۇرمايدۇ، بەلكى كەچتە ئىشلىگەندە ئەمگەك قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئىستېمال قىلىنسا، ھېچقانداق يامان ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ.

2. ئورگانىزمنىڭ رېئاكسىيەچانلىقىغا قارىتا تەسىرى: ئادەمگىياھ، ماسلاشتۇرۇش مەنبەئىسمان تەسىرگە ئىگە. يەنى ئورگانىزمنىڭ ھەر خىل زىيانلىق غىدىقلاشلاردىن مۇدا-پىئە قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، مەسىلەن: ئىت كۆپ مىقداردا قان يوقىتىپ ياكى بوغۇلۇپ سەكرات ھالىتىگە چۈشكەن ۋاقىتتا دەرھال رېنسېڭ ياسالمىلىرىنى ئوكۇل قىلىپ كىرگۈزۈلسە، تۆۋەن دەرىجىدىكى قان بېسىمىنى دەرھال مۇقىم ئۆرلىتىپ، ھايۋاننىڭ ياشاش مۇددىتىنى ئۇزارتىدۇ، ئۇزاق مۇددەت رېنسېڭ بىلەن بېقىلغان ئۆي توشقىنى ۋېنا تومۇرى ئارقىلىق ۋاكسىنا كىرگۈزۈشتىن كېلىپ چىققان قىزىتمىلار رېئاكسىيىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك سۈت، ئىسكاپىدار ئوكۇل قىلىش ياكى قۇلىقى يەرلىك ئۇششۇش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئومۇمىي بەدەنلىك ياللۇغلىنىش رېئاكسىيىسىنى يېنىكلىتە-

دۇ، ۋىتامىن $B_1$ ۋە $B_2$ يېتىشمەسلىكتىن، سادىر بولىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى ياكى زىيادە سېزىمچانلىق شوكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما روشەن تۇردىكى ئادرېنالىنغا ياكى ھىستامىنغا قارشىلىق تەسىرى يوق، ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىش قانۇنىيىتىنى ئېھتىمال رېنسىپگىنىڭ غىدىقلىشىغا جاۋاب قايتۇرۇش جەريانىدىكى رېئاكسىيىگە، بولۇپمۇ نېرۋا ھىپو- فىز بۆرەك ئۇستى بەز پوستلاق سىستېمىسىنىڭ تەسىرىگە باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

3. باشقا سىستېمىدىكىلەرگە قارىتا تەسىرى: ① جىنسىي بەزلەرگە قارىتا تەسىرى: رېنسىپگىنىڭ ئەرلىك بەزلىرىگە ئوخشاش تەسىرى يوق، ئەمما ھىپوفىزنىڭ جىنسىي بەز ھورمونى ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى ئالغا سۈرگۈچى، ھورمون ئاجرىتىشىنى تېزلىتىش ئارقىلىق چاشقانلارنىڭ جىنسىي جەھەتتىن بالاغەتكە يېتىلىش جەريانىنى ئۇزارتىدۇ ياكى جىنسىي جەھەتتىن يېتىلىپ بولغان چىشى چاشقاننىڭ كۆيلەش مەزگىلىنى ئۇزارتىدۇ؛ ② ئىچكى ئاجراتما بەزلىرىگە تەسىرى: رېنسىپگىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە زور مىقداردا ئىشلىتىلسە، توشقان قالقانسىمان بېزىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ، ئەمما ئۇنى ئۇزاقراق مۇددەت ئىشلەتـ- سە، قالقانبەز خىزمىتىنى تورمۇزلىشى مۇمكىن.

4. مادda ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان تەسىرى: ① قەنت ئالمىششقا بولغان تەسىرى: رېنسپنىڭ ئادرېنالىن ئوكۇل قىلىش، يۇقىرى سىرغىملىق گلۇكوزا ئوكۇل قىلىش توشقاندا يۈز بەرگەن قان قەنتى ئۆرلەشنى مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلايدۇ. تەجرىبە ئارقىلىق ئىنتا سادىر قىلىنغان دىئابېتقا ئىنسۇلىنى ئوكۇل قىلىش ئاساسىدا رېنسپنىڭ ئىستېمال قىلدۇرۇلسا قان قەنتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى مادda ئالمىشىش نۇقتىسىنى پۈتۈنلەي تۈزىتىپ كېتەلمەيدۇ. رېنسىپگىنىڭ شېكەر مادda ئالمىششقا بولغان تەسىر مېخانىزمى تېخى ئېنىقلانمى- غان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ توقۇلمىلارنىڭ نەپەسلىنىشىنى كۈچەيتىپ، شېكەر ماددىنىڭ ئېچىپ پارچىلىنىشىنى ئالغا سۈرۈپ، ئېنېرگىيە ئالمىششىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىكەن؛ ② قان بېسىمىغا تەسىرى: مەست قىلىنغان ھايۋانغا رېنسپگىنى تۆۋەن دوزىدا بېرىلسە، قان بېسىمى يەڭگىل دەرىجىدە ئۆرلەيدۇ، چوڭ دوزىدا بېرىلسە، قان بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ، بۇ قان تومۇرنىڭ كېڭىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئاتروپىن بۇنداق كېڭىيىشنى تورمۇزلىيالايدۇ. ھايۋانلارنىڭ تاجسىمان ئارتېرىيىسى مېڭە قان تومۇرلىرى ۋە كۆز ئاستى قان تومۇرلىرىنىمۇ كېڭەيتىدۇ، بۇنداق بولۇشى سىمپاتىك نېرۋىنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇنىڭ جىنسىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش تەسىرى ھايۋانات ئۈستىدە ئۆتكۈزۈلگەن سىناقلاردا مۇقىملاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدەك مۇنداق سىناقلار

بەدەننىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىگە كۈچلۈك تەسىر بېرىپ، بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئۆستۈرىدىغانلىقى ئېنىقلانغان. تەجرىبىلەردە ئېنىقلىنىشىچە، رېنسېڭ باش مېڭىنىڭ پوستلاق قىسمىغا ۋە پوستلاق ئاستى قىسىملىرىغا قوزغاتقۇچى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ بەدەننىڭ كېسەللىكلەرگە قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇزاق ئىستېمال قىلىنسا، بەدەندىكى ھەرخىل ئىششىقلارغا قارشىلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئۆت ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىدۇ. ئۆتنىڭ ئىچىدە ئۆتنىڭ قىزىل ماددىسى ۋە ئۆت كىسلاتاسىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزنىڭ نۇرلارغا بولغان سەزگۈرلۈكىنى، قاراڭغۇدا كۆرۈش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، مېڭە، باھنى قۇۋۋەتلەش؛ قان كۆپەيتىش، خىلىت ھاسىل قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تال ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

قان ئازلىق، دەم سىقىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆپ تەرلەش، ئىشتىھاسىزلىق، ماغدۇرسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، باھ ئاجىزلىقى، تېز ۋە ئاستا خاراكتېرلىك قان يوقىتىشتىن كېلىپ چىققان شوك، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئادەمگىياھ يىلتىزى بەش گرام، سۆرۈنجان 10 گرام، زەپەر 1.5 گرام، دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. يەتتە گرام ئادەمگىياھ يوپۇرمىقىنى ئېزىپ خېمىر قىلىپ كۆزگە چاپسا، كۆز ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئادەمگىياھ يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئادەمگىياھ يىلتىزى يەتتە گرام، مۇقەل 10 گرام، دورىلارنى قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىچسە، بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. 10 گرام ئادەمگىياھ يىلتىزىنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا، دانىخورەككە مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. بەش گرام ئادەمگىياھنى ھەسەل ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىچىشكە بېرىلسە زەھەر

قايتۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ـ 10 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۇزەتكۈچىسى] رەۋەن.

[دىققەت قىلىدىغان ئىشلار] خەربەق سىياھ بىلەن بىرىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، چاڭبەيشەن ۋە شىنجاڭ رايونلىرىدىن، چاۋشەن، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىشىشىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى رىنىسىڭ.

## كەكلىك گۆشى

(竹鸡 zhu ji)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Bambusicola thoracicae

[ئىنگلىزچە نامى] Bambusicola of meat

[تونۇش]

بۇ قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات كەكلىك بولۇپ، بۇ ھايۋاناتنىڭ گۆشى، يېغى، ئۆتى، مايىقى، قېنى، مېڭىسى ۋە تۇخۇمى قاتارلىقلار دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ (27. 9 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، جىگەرنى، بۆرەكنى، رەئىس ئەزالارنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش؛ ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، سەمرىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئارتۇق گۆشلەرنى يېيىش، بەدەننى قىزىتىش، قان تازىلاش، ئىششىق تارقىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

رەئىس ئەزالار ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، مېڭە، يۈرەك، جىگەر ۋە باھ ئاجىزلىقى،

ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، سەرئى، يەرقان، نامازشام قارىغۇسى، كۆز ياشاڭغىراش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئىچى سۈرۈش، كۆزگە ئارتۇق گۆش ئۆنۈپ قېلىش، ھەر خىل ئىششىق، تەمرەتكە، قوتۇر، قارا داغ، سەپكۈن قاتارلىقلاغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەكلىكنىڭ گۆشىنى سۆڭپياز بىلەن قورۇپ ياكى قەلەمپۇر، لاچىندانە، ئۇستىقۇدۇدۇس قاتارلىق دورىلار بىلەن شورپا تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. كەكلىكنىڭ پىشۇرۇلغان گۆشىنى يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن يەپ بەرسە، ئىچى سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ.

3. كەكلىكنىڭ مېڭىسىدىن ئۈچ گرامنى ئېزىپ، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئىچى سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ.

4. كەكلىكنىڭ ئۆتىنى كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈش، نامازشام قارىغۇسى ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كەكلىكنىڭ ئۆتىگە مۇۋاپىق مىقداردا تۆشۈكسىز مەرۋايىت، ئىپار قوشۇپ كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈش، ئارتۇق گۆش ئۆنۈپ قېلىش، كۆز ياشاڭغىراش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

6. كەكلىكنىڭ قورۇتۇلغان قېنىنى ئېزىپ پىلپىل ۋە ھەسەل بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قوتۇر ۋە تەمرەتكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. كەكلىكنىڭ گۆشىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى كۈندۈر بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ يېسە، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

8. كەكلىكنىڭ مايىقىنى سىركە بىلەن قوشۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، سەپكۈن ۋە قارا داغنى يوق قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركەنجىۋىل.

[ئورۇنباسارى] ئۆلار گۆشى، كەپتەر گۆشى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] ئەرقى مائۇل لەھمى.

# كەپتەر گۆشى
(鸽子 ge zi)

[ئەرەبچە نامى] حمام
[پارسچە نامى] كبوتر
[ئوردۇچە نامى] كبوتر
[لاتىنچە نامى] Columba Livia
[ئىنگلىزچە نامى] meatof pigeon
[تونۇش]

بۇ پاختەك، كەپتەر ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ياۋا كەپتەر، ئۆي كەپتىرى ۋە قىيالىق كەپتىرىنىڭ گۆشى ياكى پۈتۈن تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇشۇ ئۈچ خىل كەپتەرنىڭ گۆشى، يېغى، تۇخۇمى، تاشلىقى ۋە مايىقى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ (27. 10 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەپتەر گۆشى تەركىبىدە 75% سۇ، 22% ئاقسىل يەنە ماي ماي ماددىلىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، باھنى، بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنى چىڭىتىش؛ ساپ قان پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا، ئەزالار تىترەش، كونا باش ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، پۇت ـ قول ئاغرىقى، بۆرەك ۋە دوۋساق تاش كېسەللىكى، چاقا، غەلۋىرەك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەپتەر گۆشى، كەكلىك گۆشى، پاقلان گۆشى، قۇشقاچ گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 30 گرامدىن ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قائىدە بويىچە مائۇل لەھمى تەييارلاپ بەرسە، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، پالەچ، لەقۋا قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەپتەرنىڭ باچكىسىنى پىشۇرۇپ ياكى كاۋاپ قىلىپ يەپ بەرسە، ھاشارات ۋە يىلان

چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

3. باچكىنىڭ گۆشىنى كۇنجۇت يېغىدا پىشۇرۇپ يەپ بەرسە ياكى ياۋا كەپتەرنىڭ مايىقىنى سارغايتىپ قورۇپ، سوقۇپ تۇرۇپ سۈيى بىلەن ئىچسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى ئېزىپ چىقىرىدۇ.

4. كەپتەر مايىقىنى قىچا بىلەن خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، كونا باش ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كەپتەر مايىقىنى ئارپا سۈيىدە خېمىر قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

6. كەپتەر مايىقىدىن 15 گرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ كۆيگەن جايغا چاپسا، ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. كەپتەرنىڭ بېشىنى تۈكلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۆزگە تارتسا، كۆزدىكى پەردە، قاراڭغۇلۇق، شەپكورلۇقنى يوقىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] يۇمغاقسۈت، سىركە، غورا سۈيى.

[ئورۇنباسارى] پاختەك گۆشى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مائۇللەھمى.

## ئۆچكە گۆشى

(山羊肉 shan yang rou)

[ئەرەبچە نامى] لحم الماعز

[پارسچە نامى] گوشت بوز

[ئوردۇچە نامى] بكرى كاگوشت

[لاتىنچە نامى] Musculus Capra

[ئىنگلىزچە نامى] Goat Meat

[تونۇش]

كالا ئائىلىسىدىكى ھايۋانات بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشى دورا قىلىنىدۇ (11.27 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۆچكىنىڭ تۈرى، يېشى، ئوزۇقلىنىشى پەرقلىق بولغانلىقتىن تەركىبىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

گۆشىدە 68% سۇ، 17.3% ئاقسىل، 13.6% ماي بار، يەنە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كۈل ماددىسى، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ۋىتامىنلار، نىكوتىن كىسلاتاسى، خولېستېرىن قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق.

[خوسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ساپ قان پەيدا قىلىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسنى ياخشىلاش، باھنى قوزغاش.

[ئىشلىتىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر ئاجىزلىقى، قان ئازلىق، ھەر خىل ئىششىقلار، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىق، نەپەس قىيىنلىشىش، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

ئالتە ئايلىق بولغان ئۆچكىنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىقى كېسەللەرگە پايدا قىلىدۇ.

1. ئۆچكىنىڭ گۆشىنى تاڭسا زەربە تەگكەن، كۆكەرگەن، ھەر خىل سەۋەبتىن بولغان ئەزالار ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. ئۆچكىنىڭ مېڭىسىنى ئېرىتىپ سىرتتىن ياغلانسا، مېڭىگە قۇرۇقلۇق يېتىش، ئەزالار قاتتىقلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. ئۆچكە جىگىرىنى پارچىلاپ ئۆتكە ئارىلاشتۇرۇپ زەنجىۋىل، قارىمۇچ سېپىپ كاۋاپ قىلىپ يېسە ياكى تامغان سۈيىنى كۆزگە تارتسا، نامازشام قارىغۇسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. ئۆچكىنىڭ ئۇرۇقدىنىنى يېرىپ يۇمىلاق زىراۋەندە، توغرىغا، زىرە قوشۇپ قۇرۇقۇپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ 3.5 گرامدىن ئىچىپ بەرسە، باھ ئاجىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. ئۆچكىنىڭ ئۇرۇقدىنىنى سەئتەر، توغرىغا بىلەن قورۇپ 3.5 گرامدىن ياۋا سامساق سىركىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا، تال كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

6. تۆت ياشلىق بولغان جاغال ئۆچكىنى كۈز پەسلىدە بوغۇزلاپ ئوتتۇرىسىدىكى قېنىنى

قاچىغا ئېلىپ، ئۇيۇغاندا ئۇششاق پارچىلاپ قۇرۇتۇپ، ئىستېمال قىلسا ياكى سۇپۇپى ھەجرۇلىيەھۇد بىلەن قوشۇپ ئىچسە، بۆرەك، دوۋساق تاش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. ئۆچكە يېغى بىلەن گۇرۇچنى قوشۇپ ئاتىلا ئېتىپ ئىچسە، ئىچى سۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

8. ئۆچكىنىڭ چاۋا يېغىنى ئارپا ئۇنى بىلەن قوشۇپ كىلىزما قىلسا، ئۈچەيدىكى ھەر خىل يارىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئۇرۇقىدىنى 1.5 ~ 3 گرام، گۆشى 50 ~ 200 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] سەۋدا مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بادام، نارجىل، خورما.

[ئورۇنباسارى] تاغ تىكىسى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بېقىلىدۇ.

## پاختەك گۆشى

(斑鸠肉 ban jiu rou)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Caro Streptopelia Orientalis

[ئىنگلىزچە نامى] meat of rufous turtle dove

[تونۇش]

بۇ پاختەك كەپتەرلەر ئائىلىسىدىكى قۇش تاغ پاختىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى كۆل رەڭ، بۇينىدا قارا بويۇنچىقى بار، چوڭلۇقى ياۋا كەپتەردەك كېلىدۇ (12.27 - رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يەللەرنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، يىرىڭ توختىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

رەئشە، پالەچ، باھ ئاجىزلىقى، ئاقكېسەل (بەرەس) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. پاختەك مايىقىنى كۆيدۈرۈلگەن پىلە غوزىسى بىلەن شەپەرەڭ مايىقىغا قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردا قۇلاققا پۈركۈپ بەرسە، قۇلاق يىرىڭلىق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ.
2. پاختەك مايىقىنى سىركە بىلەن قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپلاپ بەرسە، ئاقكېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ.
3. قورۇپ پىشۇرۇلغان پاختەك گۆشىنى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، رەئشە ۋە پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] كۆپ ئىشلەتسە ۋەسۋەسە پەيدا قىلىدۇ. ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] بادام يېغى، گۈل يېغى.
[ئورۇنباسارى] كەپتەر گۆشى.
[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ.

## ئات گۆشى

(马肉 ma rou)

[ئەرەبچە نامى] لحم الفرس
[پارسچە نامى] گوشت اسب
[ئوردۇچە نامى] گھوڑے کے گوشت
[لاتىنچە نامى] Caro Equi
[ئىنگلىز نامى] Hovse meat
[تونۇش]
بۇ ھايۋانات ھەممىگە تونۇش بولغان ئات ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ھايۋان بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ گۆشى «ئات گۆشى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (13.27 ـ رەسىم).
[خىمىيىلىك تەركىبى] ئات گۆشى تەركىبىدە ھەر خىل ۋىتامىنلار بار.
[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
«تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، روھنى كۈچلەندۈرۈش، ئىچ سۈرۈشنى

توختىتىش، ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەش، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىش، بەدەن ھارارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

**[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]**

ئىچى سۈرۈش، مۇپاسىل، لەقۋا، ئۇچەي يىرىڭلىق جاراھەتلىرى، بوۋاسىر، باھ ئاجىزلىقى، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]**

1. ئاتىنىڭ تۇكى بىلەن گۆشىنى كۆيدۈرۈپ تالقان قىلىپ، ئۇنى مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپ سىرتتىن سەپسە، تېرىدىكى ھەر خىل داغلارنى يوقىتىدۇ.

2. ئاتىنىڭ قېنىنى يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ ۋە چىرايلىق قىلىدۇ.

3. ئاتىنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ تالقان قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۆلتۈرۈلگەن ھاك بىلەن بىرگە سىرىقماي قوشۇپ مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، كىچىك بالىلارغا ساقال، بۇرۇت چىقمايدۇ.

4. ئاتىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن گۆشىنى گۈڭگۈرت كۈشتىسى بىلەن قوشۇپ خېمىر قىلىپ چاپسا، تەمرەتكىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

5. كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشىنى مىس كۈشتىسى ۋە ئاقىرقەرھا بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىپ چاپسا، بوۋاسىر دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

6. كونا ياكى يېڭى ئىچ سۈرۈشلەرگە ۋە ئۇچەي جاراھەتلىرىگە كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشىنى ئانار ئۇرۇقىنىڭ تالقىنى بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ھەر خىل ئىچى سۈرۈش ھەم ئۇچەي جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

7. ئات گۆشىنىڭ سۈيى (زەردابى) بىلەن باشنى يۇسا، تاز يارىسىدىكى چاچنىڭ ئاق چىقىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**[ئىشلىتىش مىقدارى]** ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

**[زىيانلىق تەسىرى]** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**[تۈزەتكۈچىسى]** ئوبدان پىشۇرۇپ يەپ، ئۈستىدىن ئانار سۈيى ياكى دۇغ ئىچىش.

**[چىقىش ئورنى]** شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بېقىلىدۇ ھەم ياۋا ھالدىمۇ ياشايدۇ.

**[پىششىق دورا ياسالمىسى]** مەلھەمى جەرەپ.

# بۇغداي
(小麦 xiao mai)

[ئەرەبچە نامى] حنطة
[پارسچە نامى] گندم
[ئوردۇچە نامى] گيہوں
[لاتىنچە نامى] Ftuctus Semen Tritici aestiv
[ئىنگلىزچە نامى] Wheat Fruct
[تونۇش]

بۇ باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى مەشھۇر ئاشلىق بۇغداينىڭ دېنى ياكى ئۇنىڭ ئۇنى بولۇپ، بۇغداي نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇغداينىڭ سىرتقى يۈزى سۇس ساغۇچ بىغىررەڭ ياكى سېرىق رەڭلىك كېلىدۇ. قورسىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇرراق ئۇزۇن ئېرىقچىسى بار، ئۆزى قاتتىق، تەمى سۇس، پۇراقسىز كېلىدۇ. بۇغداي ئاشلىقلار ئىچىدە ھەممىدىن ياخشى دان، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ (27.14 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

سەمرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرايىنى پارقىرىتىش، ماددىلارنى تارقىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

كونا يۆتەل، دەم سىقىش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، داغ، سەپكۇن، دانخورەك، مودۇرچاقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بۇغداينى مۇۋاپىق مىقداردىكى بادام مېغىزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تاماق تەييارلاپ ئىچسە، ئورۇقلۇق، كونا يۆتەل، دەم سىقىش، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

2. بۇغداينى چايناپ دانخورەك، مۇدۇر ـ چاقىلارغا سۈركىسە، مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] قورساقنى ئىسسىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سىركە، ئاچچىقسۇ.

[ئورۇنباسارى] ئارپا.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

## كىرپە

(刺猬 ci wei)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Corium Erinacei Seu Hemie chini

[ئىنگلىزچە نامى] Hedgehogaſ meat

[تونۇش]

بۇ بىر خىل جانىۋار بولۇپ، بەدىنىنىڭ تۈكلىرى تىك، تىكەنگە ئوخشايدۇ، ئەگەر غەزىپى كەلسە، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈۋالىدۇ، ئۇ چاغدا خۇددى بىر تۇتام تىكەنگە ئوخشاپ قالىدۇ، تىكەنلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنى مىدىرلىتىدۇ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بەدىنىگە تەگسە زەخىملەندۈرىدۇ (27.15 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۈستۈنكى تېرە قەۋىتىدە ئاقسىل، ئاستىنقى تېرە قەۋىتىدە بولسا ماي، ئېلاستىكلىق ئاقسىل قاتارلىقلار بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، ھەزىم ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە تارقىتىش، ئىششىق تارقىتىش، ئۇچەيگە يات ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشنى توسۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باش ئاغرىقى، پالەچ، تەشەننۇج، پىل پۇت كېسىلى، چاچ چۈشۈش، سىل، سىيىپ يېتىش، ھەر خىل ئىششىق، بويۇن بەز سىلى، يىرىڭلىق جاراھەت، ھەر خىل قاناشلار، ماخاۋ، داغ، سەپكۈن قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

〔ئىشلىتىش ئۇسۇلى〕

1. كىرپىنىڭ تۆزلانغان گۆشىنى سىركەنجۇبىل بىلەن يېسە، باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

2. پىششىقلانغان كىرپە تېرىسىدىن 35 گرام، چاچ كۆمۈرىدىن 20 گرام ئېلىپ قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىمدا سەككىز گرامدىن كۈنىگە ئىككى قېتىم، قارا شېكەر بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، چوڭ تەرەتتىن قان كېلىش ۋە بالىياتقۇ قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. كىرپە تېرىسىنى سوقۇپ كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت گرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. كىرپە تېرىسى بىلەن تۇخۇمەك غۇنچىسىنىڭ ھەر بىرىدىن 35 گرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا سەككىز گرامدىن قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، بۇ بۇۋاسىرغا شىپا بولىدۇ.

5. كىرپە تېرىسىنى ئوتتا سارغايتىپ، 70 گرام ئېلىپ، سوقۇپ كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا سەككىز گرامدىن ئىچىپ بەرسە، كۆپ ئېھتىلام بولۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

〔ئىشلىتىش مىقدارى〕 گۆشىدىن 30 گرامغىچە بېرىلىدۇ.

〔زىيانلىق تەسىرى〕 كۆپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ۋە جىگەرگە زىيان قىلىدۇ، چىرايىنى بۇزىدۇ.

〔تۈزەتكۈچىسى〕 سۇ بىلەن ئوبدان پىشۇرۇپ، بادام يېغى ياكى ئەنجۈرنىڭ قاينىتىپ قىيام قىلغان سۈيى، سىركە ۋە كاسىنە بىلەن قوشۇپ يېيىش.

〔ئورۇنباسارى〕 كېلەر.

〔چىقىش ئورنى〕 ئېتىزلاردا ۋە داللاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن تېپىلىدۇ.

〔پىششىق دورا ياسالمىسى〕 سۆپۈپى سەنگى جاراھەت.

# يەرمەدىكى

(锁阳 suo yang)

[ئەرەبچە نامى] زب الارض،زب الرياح

[پارسچە نامى] بل شيان

[ئوردۇچە نامى] طراثيث

[لاتىنچە نامى] Herba Cynomorii Songarici

[ئىنگلىزچە نامى] Songaria Cynomorium Herb

[تونۇش]

بۇ يەرمەدىكى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك يەرمەدىكى بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى «تاراسىس» ياكى «يەرمەدىكى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان چۆپى ياپىلاق سىلىندىر شەكىللىك ياكى بىر ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ، سىرتقى يۈزى قىزىل خورما رەڭ ۋە توق قوڭۇر رەڭلىك، تەمى ئاچچىق ھەم قېرىق، ئازراق پۇراقلىق (16.27 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] بۇنىڭ تەركىبىدە ئانتوسىيانىن (Anthocyanin)، ترىتېرپىنوئىد ساپونىن (Triterpendid saponoin)، تاننىن، L ـ پرولىن (L—Prolnine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەرەت ھەيدەش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىچكى ئاجرىتىش سىستېمىسىنى كۈچەيتىش، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش، قېرىشنى تېزگىنلەش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش قاتارلىق تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قان كۆپەيتىش، تەر توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، جىگەر، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، بەدەندىكى قاتتىقلىقنى تارقىتىش، ھاردۇق چىقىرىش، پەي ۋە مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش،

ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، جىگەر قېتىشىش، ئىچى سۈرۈش، قاناش، دوۋساق يالللۇغى، چىقۇق، كىندىك چىقۇقى، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، كۆز چۆرىسىدىكى قوتۇر، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزگە سۇ چۈشۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يەرمەدىكىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى سوقۇپ بېلىق يېلىمى بىلەن قوشۇپ چاپسا، دوۋساق يالللۇغى، سېرىقئەتنىڭ يېرىلىش ۋە كىندىك چىقۇقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

2. يەر مەدىكىنىڭ ھۆلىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ كۆزگە تېمىتسا، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆز چۆرىسىدىكى قوتۇرنى ۋە كۆزدىكى ئاقنى ئالىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشنى توسايدۇ، بولۇپمۇ سۈرمىنى بۇنىڭ سۈيى بىلەن چەككىلەپ، ئاندىن ئىشلەتسە، مەنپەئىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

3. يەرمەدىكىنى يېڭى سىغىلغان ئۆچكە سۈتى بىلەن ئىچسە ياكى كالا قېتىقىدىن تەييارلانغان دۇغىنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئالتە گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئەزانى تۈيغۇسىز قىلىدۇ، پالەچ ۋە شوك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، كۆپ يېسە، قان سىيدۈرىدۇ، بۇنى تۇخۇم ياكى گۆش بىلەن قوشۇپ يېمەسلىك لازىم. يەرمەدىكىنىڭ زەھەرلىكىنى يەپ قالسا، سوغۇق تەرلەيدۇ، گالنى بوغىدۇ، بىھوش قىلىدۇ، ئاشقازاننى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئاچچىقسۇ، قىچا، تۇز، سېرىقچېچەك.

[ئورۇنباسارى] موزا، ئەرەب يېلىمى، ئاقاقىيا.

[چىقىش ئورنى] بۇ ئۆسۈملۈك كۆپىنچە يىلتىز ئۈستىدە پارازىتلارچە ئۆسىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۈپۈپى سۆئلەپ.

## زەپەر
(西红花 xi hong hua)

[ئەرەبچە نامى] زعفران،كركم
[پارسچە نامى] زعفران
[ئوردۇچە نامى] زعفران،كيسر
[لاتىنچە نامى] Stigma Groci Sativi
[ئىنگلىزچە نامى] Saffron Crocus Styleand Stigma
[تونۇش]

بۇ چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك زەپەر (Crocus Sativus) نىڭ ئانىلىق بىرىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە ئانىلىق تۇمشۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى تال چىۋىقسىمان كېلىدۇ، گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى قىزغۇچ رەڭدە، تەمى بىر ئاز ئاچچىق، پۇراقلىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئانىلىق تۇمشۇقى «زەپەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (17.27 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] زەپەرنىڭ تەركىبىدە كروتسىن (Crocin) بولۇپ، ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقىغا تۇز كىسلاتاسى قوشۇپ قايىنىتىلسا سۇدا ئېرىپ گلۇكوزىد يەنى زەپەر كىسلاتاسى كروتسېتىن (Crocetin) ۋە ئىككى مولېكۇلىلىق زەپەر قەنتى، كروكوزا (Crocose) ھاسىل بولىدۇ. گلۇكوزىدقا سۇلفات كىسلاتاسى تەسىر قىلدۇرسا، ئاۋۋال كۆك رەڭگە كىرىدۇ، تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، سۆسۈن، قىزىل، ئاخىرىدا جۇزە رەڭگىگە كىرىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە 3~0.4% ئۇچۇچان ماي، رىبوفلاۋىن (Riboflovine) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. قايناتمىسى قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ.

2. چوڭ دوزىسى باليياتقۇنى قوزغىتىدۇ، كىچىك دوزىسى باليياتقۇنى قىسقارتىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۆتتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەكنى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ھېس ـ تۇيغۇنى كۈچەيتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان قويۇق ئۇفۇنەتنى يوقى-

تش، خىلتلارنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشىنى تىزگىنلەش، تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، باھ، جىگەر ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، نەپەسلىنىشنى ياخشىلاش، بۆرەك ۋە دوۋساقنى تازىلاش، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى يۇرەككە ۋە باشقا ئەزالارغا يەتكۈزۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ھەر خىل ئىششىق، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى، بۇرۇن شىللىق پەردە ياللۇغى، جىگەر، تال، مېڭە توسۇلۇش، باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق، ھەيز كەلمەسلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. 30 گرام كۈنجۈت، 30 گرام زەپەرنى سوقۇپ، 5 گرام سۈت بىلەن كۈندە بىر قېتىم ئىچسە، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

2. 5 گرام قەلەمپۇر، 5 گرام سۇمبۇل، بىر گرام زەپەرنى سوقۇپ، بالىياتقۇغا قويسا، ئاق خۇننى توختىتىدۇ.

3. زەپەرنى چاي بىلەن دەملەپ ئىچسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. بەدىيان 10 گرام، سۆرۈنجان 20 گرام، زەپەر ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى سۈيۈپ قىلىپ، يېسە، بوغۇم ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

5. تۇتىيا بىر گرام، مەرۋايىت ئۈچ گرام، زەپەر ئۈچ گرام قاتارلىقلارنى سۈيۈپ قىلىپ، كۈندە بىر قېتىم كۆزگە تارتسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~2 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قان بېسىمنى ئۆرلىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] رۇم بەدىيان، سىركەنجۇبىل، زىرىشك.

[ئورۇنباسارى] ئۇترۇچ ئۇرۇقى، قۇستە، قەلەمپۇر.

[چىقىش ئورنى] ئىران، ھىندىستان، ئىتالىيە، مىسىر، ياپونىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ. ئىلگىرى زەپەر شىزاڭغا نېپال ۋە ھىندىستان ئارقىلىق كىرىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سېتىلاتتى، ھازىر ئېلىمىزنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىۋاتىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى مىشكى، داۋائى كۇركۇم، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى گاۋزىبان، ئەۋرىشىم شەربىتى.

# يۇمران بۇغا مۇڭگۈزى
(鹿茸 lu rong)

[ئەرەبچە نامى] قرن لايل
[پارسچە نامى] شاخ گوزن
[ئوردۇچە نامى] شاخ گوزن
[لاتىنچە نامى] CornuCervi pantotrichium
[ئىنگلىزچە نامى] Hairy Antler pilose antler
[تونۇش]

بۇ، بۇغا ئائىلىسىدىكى هايۋانات چىپار بۇغىنىڭ تېخى سۆڭەكلەشمىگەن قويۇق تۈكلۈك يۇمران مۇڭگۈزى بولۇپ، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ھەردىۋىلىپ، پىشقاندىن كېيىن، ئوتتا قاقلاپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ (27 . 18 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] شەرقىي شىمالدىن چىقىدىغان بۇغا مۇڭگۈزلىرىنىڭ خىمىيىۋى تەركىبىگە قاراپ ئالىي، ئوتتۇرا، ناچار دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلىنىدۇ.

| | ئالىي | ئوتتۇرا | ناچار |
|---|---|---|---|
| سۇ | 12.91% | 11.01% | 10.82% |
| ئورگانىك ماددىلار | 60.44% | 51.8% | 49.07% |
| سۇدا ئېرىيدىغان سىرغىما ماددىلار | 12% | 8.77% | 7.02% |
| ئىسپىرتتا ئېرىيدىغان سىرغىما ماددىلار | 1.16% | 0.64% | 0.61% |
| كۈل | 26.65% | 37.79% | 40.11% |

كۈلنىڭ تەركىبىدە كالتسىي (Ca)، فوسفور (P)، ماگنىي (Mg) قاتارلىق ئېلېمېنت-لار بار. سۇدا ئېرىيدىغان سىرغىما ماددىلىرىنىڭ كۆپ مىقداردا شىلىمشىق ماددىلار بار. ئاز مىقداردا ئىنرون (Oesterone) بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. يۈرەك قان تومۇرلارغا بولغان تەسىرى: سىبىرىيە چىپار بۇغىسىنىڭ يۇمران مۇڭگۈزىدىن چىقىرىپ ئېلىنغان يۇمران بۇغا مۇڭگۈزى جەۋھىرى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلسە، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەتراپ قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ.

2. پانتوكىرىن پۇتۇن بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسرىنى بېرىدۇ.

3. قارا تايغان بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ كەسمىسىنى فىزىئولوگىيىلىك ئاش تۇز ئېرىتمىسىگە چىلاپ، تەييارلانغان سۇيۇقلۇقتىن ئورۇقدىنى ئېلىپ تاشلانغان ئاق چاشقانغا كىرگۈزۈلگەندە، ئۇلاردا جىنسىي بەز هورمونلىرىدا كۆرۈنگەندەك جىنسىي بەز خىزمىتىنى قوزغىتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن.

4. يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئۇزاققىچە ساقايمىغان ۋە بىخلىما گۆش ئۇنۇپ چىقىش ناچار بولغان يارىلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ.

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[شىپالىق رولى]

«تەبىئەت» نى، باھنى، بۆرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، باھ قۇۋۋەتلەش، مەنىي تۇتۇش، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش، ئۈيقۇ كەلتۈرۈش، ئىشتىھانى ياخشىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، پەي ۋە سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، يۈرەك ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، ھەر خىل جاراھەتلەر، ھەر خىل سۇلۇق ئىششىقلار، پەي ۋە سىڭىرلەر بوشلۇقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، تاماق سىڭمەسلىك، ئۈچەي جاراھىتى، قۇلۇنجى، جىگەر ۋە تال ئاغرىقى، قىچىشقاق، بەرەس، ئاق داغ، قوتۇر، چىش كېسەللىكلىرى، ھەيز توسۇلۇش، سۈت كەلمەسلىك، بىقىن ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، تاباشىر، كەتىرا يەتتە گرامدىن ئېلىپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە كونا ئىسھالغا شىپا بولىدۇ.

2. سۆئەلەپ بىلەن بۇغا مۈڭگۈزىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئاقاقىيا، ئانارگۈلى، ئەنجىباھار، بۇغا مۈڭگۈزىدىن بەش گرامدىن ئېلىپ سۈپۈپ قىلىپ ئىچىپ بەرسە قان توختىتىدۇ.

4. مەرۋايىت بىلەن بۇغا مۈڭگۈزىنى كۆيدۈرۈپ سۈپۈپ قىلىپ سەپسە، ئېغىز يارىسىغا شىپا بولىدۇ.

5. گۆشنى سېرىقچىچەك بىلەن ياكى زىغىر يېغى بىلەن قورۇپ يېسە، باھنى قوزغايدۇ.
[ئىشلىتىش مىقدارى] 15 ياشتىن چوڭلارغا 4 ~ 8 گرام، كىچىك باللارغا بېرىلمەيدۇ.
[زىيانلىق تەسىرى] باش ئاغرىتىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] چىلان، بىنەپشە.
[ئورۇنباسارى] بۆكەن مۈڭگۈزى.
[چىقىش ئورنى] جۈڭگۈدىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] قۇرسى كەھرىۋا، شەربىتى ئەنجبار.

## گاسترودىيە ئوتى

(天麻 tian ma)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئۇيغۇرچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Rhizoma Gastrodiae
[ئىنگلىزچە نامى] Tall Gastrodia Rhizome
[تونۇش]

بۇ ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، تىرىكتاپ سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك گاسترودىيە ئوتىنىڭ يىلتىزسىمان غولىدىن بولۇپ، شەكلى چوڭراق ئاق بەھمەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ. رەڭگى ئاق، تەمى تاتلىق، ئازراق ئاچچىقى بار بولۇپ، «تيەنما» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (19.27 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەھرىۋا كىسلاتاسى، پاكىمىك كىسلاتاسى، گاترودىيە كۆپ قەنتى، كالتسىي (Ca)، تۆمۈر (Fe)، سىنىك (Sn) قاتارلىق كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنتلار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تىنچلاندۇرۇش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[شىپالىق رولى]

«تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، جىگەرنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش،

سپازمىنى بوشاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بەدەن ئاجىزلىق، لەقۋا، پالەچ، كۆز قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، جىگەرنىڭ قان ئايلىنىشى راۋان بولماسلىق، رېماتىزم، نېرۋا ئاجىزلىق، بەل ۋە پۇت تېلىپ ئاغرىش، پۇت ۋە قول ئۇيۇشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

لاچىندانە ھىندى، گاۋزىبان ھىندى، ئۇستقۇددۇس 10 گرامدىن، گاسترودىيە ئوتى 30 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، شەربەت تەييارلاپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى شەربەتنى ئەرقى بەدىيان بىلەن بىرگە ئىچىپ بەرسە، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى، جىگەر، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 10~3 گرامغىچە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] مەستىكى.

[ئورۇنباسارى] ئىزخىر.

[چىقىش ئورنى] ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] گاسترودىيە ئوتى دەملىمىسى.

## بۆدۈنە

(鹌鹑 an chun)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Caro Coturnicis

[ئىنگلىزچە نامى] meat of Common quail

[تونۇش]

بۇ ئۇچار قۇشلارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، بېشى كىچىك، قۇيرۇقى قىسقا، پەيلىرى بىغىرەڭ كېلىدۇ. ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ. ئورمانلىقلاردا، چاتقاللار ئارىسىدا ياشايدۇ، تېبابەتچىلىكتە بۆدۈنىنىڭ گۆشى، ۋە تۇخۇمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا بۆدۈنە «ۋىتتۇ-

لاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (27.20 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئاقسىل، ئامىنو كىسلاتا (amoni acid)، كالتسىي (Ca)، تۆمۈر (Fe) قاتارلىقلار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، سۆڭەكنى چىڭىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[شىپالىق رولى]

قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ تېرىلەرنى پارقىرىتىش، ئوزۇق بولۇش، ئىشتىھا قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

بوغۇملار ئىششىقى، سۆڭەك ئۆسۈپلىش، باھ ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، مەنىي تۇتالماسلىق، قان ئازلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بۆدۈننى ئۆلتۈرۈپ، پاكىز تازىلاپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، «تەبىئەت»نى قۇۋۋەتلەپ، بوغۇملاردىكى ئىششىقنى تارقىتىپ، ئاغرىق توختىتىدۇ؛ سۆڭەك ئۆسۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، قان كۆپەيتىدۇ.

2. بىر دانە بۆدۈنە گۆشىنى مۇۋاپىق مىقداردا سۇغا سېلىپ قاينىتىپ، شورپىسىغا ئاقىرقەرھا 10 گرام، سۆئلەب بەش گرام، شاقاقۇل 10 گرام، زەنجىۋىل 15 گرام، ئاقمۇچ 10 گرام، قارىمۇچ 15 گرامنى سېلىپ تاتلىقنى چىقىرىپ، ئىچىپ بەرسە، باھنى قۇۋۋەتلەپ، بالدۇر مەنىي كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردىكى پىشۇرۇلغان بۆدۈنە گۆشىنى 100 مىللىلىتىر تاتلىق ئانار سۈيى بىلەن يەپ بەرسە، قان كۆپەيتىپ ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] مۇۋاپىق مىقداردا.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرنىڭ بېلىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] قېتىق.

[ئورۇنباسارى] كەكلىك گۆشى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] دورىلىق شورپا.

# ئەنجۈر[1]

(无花果 wu hua guo)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى پىشۇرۇش، «تەبىئەت» نى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، چىرايىنى پارقىرىتىش، تەرلىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىششىق ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش.

# تۆمۈر[2]

(铁 tie)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، زەڭگەرنىڭ تەبىئىيتى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان كۆپەيتىش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش.

# پىششىق ئەگىرسۇناي[3]

(熟地黄 shu di huang)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قان كۆپەيتىش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىپ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش.

---

① تەپسىلاتى 3 ـ باب 2 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 6 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 6 ـ بابقا قاراڭ

## قۇرتئوت[1]

(冬虫夏草 dong chong xia cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، ئۆسمىگە قارشى تۇرۇش، ئۆپكە ۋە بۆرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، يىلىكنى تولۇقلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى تۇتۇش.

## پويىرارىيە يىلتىزى[2]

(葛根 ge gen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەكنى ۋە «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، تەرلىتىش، مۇسكۇللارنى بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش.

## رىگىماھى[3]

(沙龙子 sha long zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، پەينى ۋە «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، روھلاندۇرۇش.

---

① 6 ـ تەپسىلاتى بابقا قاراڭ

② 29 ـ تەپسىلاتى بابقا قاراڭ

③ 36 ـ تەپسىلاتى بابقا قاراڭ

## غاز توخۇمى[1]
(鹅蛋 e dan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى، باھنى، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش.

## ئاق پارپا[2]
(附子 fu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي ۋە مۇسكۇلنى چىڭىتىش، «تەبىئەت» نى قۇۋۋەتلەش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، جىنسىي قابىلىيەتنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش، ھۆللۇكنى يوقىتىش.

## قارا پارپا[3]
(飞燕草 fei yan cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

پەي، مۇسكۇللارنى، «تەبىئەت» نى، بالىياتقۇنى، توخۇمداننى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق

---

① تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 41 ـ بابقا قاراڭ

پەسەيتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش ۋە تىنچلاندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يۈرەك، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەپ، تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىش.

## ئىشەك سۈتى[1]

(驴乳 lu ru)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

ياللۇغ قايتۇرۇش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ھارارەت پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆپكىنى تازىلاپ، يۆتەل پەسەيتىش، ئۆپكە جاراھەتلىرىنى پۈتتۈرۈش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

## سەۋزە[2]

(胡萝卜 hu luo bo)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، يۈرەك ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ جىنسىي قۇۋۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئىششىق تارقىتىش.

---

① تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 15 ـ بابقا قاراڭ

## تاشتۇز[1]
(石盐 shi yan)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاساسلىقى يەل ھەيدەش، «تەبىئەت» نى، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۇندىن باشقا زىھىننى قۇۋۋەتلەش، شىلىمشىق بەلغەملەرنى تازىلاش، يەل تارقىتىش، قورساق ئىسسىقىنى پەسەيتىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش.

## لوبان[2]
(安息香 an xi xiang)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئۆپكە، كانايىنى قۇۋۋەتلەش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش.

① تەپسىلاتى 16 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 31 ـ بابقا قاراڭ

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

مېڭىنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ.

ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن مېڭىدە ئاجىزلاش يۈز بەرسە، ئورگانىزمدا ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە، مېڭە ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك كېسەللىكلەر (ئەقلىي ئىقتىدارى چېكىنىش، ئۇيقۇسىزلىق ياكى كۆپ ئۇخلاش، نېرۋا ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باش تېلىش، ئۇنتۇغاقلىق، ئىشتىھاسىزلىق، مالىخۇلىيا، جۇنۇن، سەرئى، لەقۋا، پالەچ، ئورنىغا سىيىپ يېتىش، ھىستىرىيە …) پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغاندا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغاچقا، ئىشلەتكەندە، كېسەللىك سەۋەبىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق ياكى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بۇ خىل دورىلار مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قوي مېڭىسى، بۇغىئوت يىلتىزى، جەزبۇزار، ياڭاق، ئالتۇن ۋاراق، كۈمۈش ۋاراق، ئەنبەر، قۇندۇز قەھرى، ئىپار، قۇشقاچ مېڭىسى، لاچىندانە ھىندى، بالەنگو ئۇرۇقى، كەرمان، چاي.

ئۇستىقۇددۇس، پىستە مېغىزى، گاۋزىبان ھىندى، بىستىپايانج، بادرەنجىبۇيا، تاغ بادرەنجى بۇيا، ئۇد سەلىب، سېرىق ھېلىلە، لاجۇۋەرد، كۆك چاي، ھەببى بىلسان، ئاسارۇن، ئەفتىمۇن، گاۋزىبان چىنى، ماگنىت تېشى، زۇرۇمبات، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك، زەھرەموھرە، ئادەمگىياھ، پاختاك گۆشى، كېۋەز چېچىكى، مارجان، لەئلى، زۇمرەت، ئۆشنە، سۇمبۇل ھىندى، سازەج ھىندى، مەرۋايىت، دورنەج ئەقرەبى، پەرەنجى مىشكى، ياقۇت، پەنەرمايە، جىگدە چېچىكى.

# قوي مېڭىسى
(洋脑 yang nao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Encephalon Caprae

[ئىنگلىزچە نامى] Goat Brain

[تونۇش]

بۇ بۇ قوي ئائىلىسىگە تەۋە هايۋانات قوينىڭ مېڭىسىدىن ئىبارەت.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي پەيدا قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ئاجىزلىقى، ئۇنۇتقاقلىق، مەنىي كەملىق، ھەر خىل زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قوينىڭ مېڭىسىنى سىرتتىن باشقا چاپسا، مېڭىنىڭ قۇرغاقلىقىنى يوقىتىدۇ ھەم سەرسامغا شىپا بولىدۇ.

2. قوينىڭ مېڭىسىنى يىرىقلارغا چاپسا، يەرلىك ئورۇننى ياخشىلايدۇ.

3. موينىڭ مېڭىسىنى مۇۋاپىق ھالدا يېسە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي پەيدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پۇدىنە، سىركە.

[ئورۇنباسارى] باشقا هايۋانلارنىڭ مېڭىسى.

[چىقىش ئورنى] رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ.

# بۇغىئوت يىلتىزى
(鹿蹄根 lu ti gen)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radixseu cortex Rhemni utilis

[ئىنگلىزچە نامى] Root or bark of chine sebuck thorn

[تونۇش]

بۇ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بۇغىئو-تىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، «بۇغىئوت يىلتىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

تىنچلاندۇرۇش، نېرۋىنى كۈچەيتىش، جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۇرغۇ-تۇش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ئىشتىھاسىزلىق، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇستۇقۇددۇس، گاۋزىبان، بىستىپايەج، بۇغىئوت يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە چايلىق دەملەپ ئىچسە، نېرۋا ئاجىزلىقىغا، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قارىئۆرۈك، ئارپىبەديان، بۇغىئوت يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىنى 10 گرامدىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە قايناتما تەييارلاپ، ئىككىگە بۆلۈپ، ئەتىگەندە، كەچتە ئىچسە، ئىشتىھاسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. بىنەپشە، نىلۇپەر، بۇغىئوت يىلتىزى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، چايلىق دەملەپ ئىچسە، باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] بەش مىللىلىتىر.

[زىيانلىق تەسىرى] باش قېيىش پەيدا قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] زەنجىۋىل.
[ئورۇنباسارى] ئادەمگىياھ.
[چىقىش ئورنى] تاغلارنىڭ سايە ۋە نەم جايلىرىدا، ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ، كۆپىنچە ئالتاي ۋە تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] بۇغىئوت يىلتىزى شەربىتى.

## جەزبۇزار

**(银莲花根** yin lian hua gen)

[ئەرەبچە نامى]
[پارسچە نامى]
[ئوردۇچە نامى]
[لاتىنچە نامى] Rhizoma Ane mones dichotomatis
[ئىنگلىزچە نامى] Dichotomous Ane mone Rhizome
[تونۇش]
بۇ ئېيىقتاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، جەزبۇزارنىڭ قۇرۇتۇلغان تۈگۈنسىمان يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «جەزبۇزار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، قان تازىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، قۇرت ئۆلتۈرۈش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
نېرۋا ئاجىزلىق، رېماتىزملىق يۈرەك كېسىلى، قىزىتما كېسەللىكلىرىدىكى ھوشسىزلىنىپ جۆيلۈش، غەلۋىرەك، ھەر خىل چاقىلار، قىچىشقاق، تەمرەتكە، ئىشتىھاسىزلىق، تۇتۇ مەددە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. ئۇستىقۇددۇس، بادرەنجى بۇيا، سۇمبۇل، لاچىندانە، جەزبۇزار، سازەج، ئۇدسەلىب

ھەر بىرى 10 گرامدىن، ئىپار 2 گرام، ھەسەل ئىككى ھەسسە، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، نېرۋا ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

2. چىلان، شاھتەررە، سەرسىبىل، جەزبۇزارنى 18 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈمبۇل، ھەسەل سۈيى.

[ئورۇنباسارى] ئاسارۇن.

[چىقىش ئورنى] تاغ، داللاردا، چاتقاللاردا، ئورمانلىقلار ئارىسىدا ئۆسىدۇ، ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

## ياڭاق

(核桃 he tao)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Semen Juglands

[ئىنگلىزچە نامى] walnut Meat

[تونۇش]

بۇ ياڭاق ئائىلىسىدىكى غازاڭ تاشلايدىغان دەرەخ ياڭاقنىڭ مېغىزى (Juglans regia) بولۇپ، مېغىزى شار شەكىللىك، ئىككى پارچىسى بىرىكىپ تۇرىدۇ، پۇرمە ئېرىقچىسى بار، سىرتىنى قوڭۇر رەڭلىك نېپىز پەردىسىمان ئۇرۇق پوستى ئوراپ تۇرىدۇ، تەمى قېرىق، پۇرىقى سۇس، بۇ دەرەخنىڭ مېغىزى «ياڭاق مېغىزى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (28. 4 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ياڭاق مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 40~50% مايلىق ياغ بار، يەنە 15.4% ئاقسىل، 10% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، كاروتىن، رىبوفلاۋىن قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] تەركىبىدە ياڭاق يېغى تۇتقان يېمەكلىكلەرنى ئىتقا بېرىلسە، بۇنىڭ بىلەن ئىتنىڭ تەن ئېغىرلىقى تېزلا ئاشىدۇ، قان شىرىسى ئاق ئاقسىلى كۆپىيىدۇ.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھ ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھېسسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش، ئىچنى يۇمشىتىش، ئىششىق تارقىتىش، پارقىرىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

باھ ئاجىزلىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، قەۋزىيەت، يۆتەل، ھەزىم بوزۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ياڭاق مۇرابباسى تەييارلاپ مۇۋاپىق ھالدا ھەسەل بىلەن قوشۇپ يېسە، بۆرەكنى سەمرىتىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، ئىچنى يۇمشىتىدۇ، ئۇچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. ياڭاق مېغىزىدا يالانچۇق تەييارلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن يالاپ بەرسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

3. ياڭاقنى سىركىگە چىلاپ يېسە، ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقىنى تۈگىتىدۇ.

4. ياڭاق مېغىزىنىڭ پوستىنى كۆيدۈرۈپ يېسە، بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

5. ياڭاقنىڭ يېلىمىنى يىرىڭلىق چاقىلارغا چاپسا ياكى ئېزىپ ئاغرىق چىشقا باسسا ئاغرىق توختىتىدۇ.

6. ياڭاق پوستىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئېغىزنى چايقىسا، چىشنىڭ تۈۋىدىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 12 ～ 24 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئانار سۈيى، بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] ھەببى تۇلخوزرا، چىلغوزا.

[چىقىش ئورنى] ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىن كۆپرەك چىقىدۇ.

[پىششىق دورا باسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، لوبۇبى سەغىر.

# ئالتۇن ۋاراق
(金箔 jin bo)

[ئەرەبچە نامى] ورق ذهب
[پارسچە نامى] ورق طلا
[ئوردۇچە نامى] سونكى ورق
[لاتىنچە نامى] Charta Aurum
[ئىنگلىزچە نامى] gold foil
[تونۇش]

بۇ سېرىق ئالتۇندىن سوقۇپ تەييارلانغان قەغەزسىمان نېپىز ھالەتتىكى ياپراقچىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئالتۇن ۋاراق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى سېرىق، پارقىراق، جۇلالىق كېلىدۇ (5.28 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى]
[غارماكولوگىيىلىك تەسىرى]
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىنى ساقلاش، زېھنىنى ئۆتكۈر قىلىش، ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاش، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش، ئۇنتۇغاقلىق، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىقى، كۆز ياشاڭغىراش، مالىخولىيا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئۇستىقۇددۇس، گاۋزىبان، بادرەنجى بۇيا، لاچىندانە 10 گرامدىن، زەپەر بىر گرام، ھەسەلدىن ئىككى ھەسسە، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ ئىچسە، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

2. مەرۋايىت بىلەن سۈرمىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ لايىقلاشتۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ ئالتۇن ۋاراق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىپ كۆزگە تارتسا كۆز ياشاڭغىراشقا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 5 ~ 10 دانە.
[زىيانلىق تەسىرى] سۈيدۈك يولىغا زىيان قىلىدۇ.
[تۈزەتكۈچىسى] ھەسەل، ئىپار، شاھى بەللۇت.
[ئورۇنباسارى] ئالتۇن، ياقۇت.
[چىقىش ئورنى] پاكىستاندىن چىقىدۇ.
[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋا ئىمىشكى، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، مۇپەررىھى ياقۇت، خېمىرى ئەبرىشىم، لوبۇبى كەبىر.

## كۈمۈش ۋاراق
(银箔 yin bo)

[ئەرەبچە نامى] ورق نقره
[پارسچە نامى] ورق سيم
[ئوردۇچە نامى] چاندی کی ورق
[لاتىنچە نامى] Arbentum Naturale Pre paratum
[ئىنگلىزچە نامى] Silver foil
[تونۇش]
بۇ تەبىئىي كۈمۈشنى سوقۇپ تەييارلانغان قەغەزدەك نېپىز ھالەتتىكى پارچىسى بولۇپ، ئەسلى مەدىنى (native Silver) ياكى «Argenti» دۇر. بۇ مەدەننىڭ قەغەزگە يالىتىلغان نېپىز پارچىلىرى «كۈمۈش ۋاراق» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى كۈمۈش رەڭلىك، يەڭگىل پارقىراق كېلىدۇ (6.28 ـ رەسىم).
[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش.
[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
مېڭە ئاغرىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، ھەر خىل ئاشقازان كېسەللىكى، كۆز ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. سۈيۈپى سۈئىلەپ بىلەن بىرگە ھەر كۈنى ئىككى دانىدىن ئىستېمال قىلسا، كۆڭۈلنى

ئاچىدۇ.

2. كۆمۈش ۋاراقنى كۆيدۈرۈلگەن سىماب بىلەن قوشۇپ قوتۇر ۋە قىچىشقاققا چاپسا، پايدا قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 5 دانە.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۆچەيدە قۇۋقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، ھەسەل، بادام مېغىزى.

[ئورۇنباسارى] كۆمۈشنىڭ داغمال سۆيى ياكى كۆمۈش كۆشتىسى.

[چىقىش ئورنى] ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] خېمىرى گاۋزىبان، داۋائى مىشكى.

## ئەنبەر

(龙涎香 long xian xiang)

[ئەرەبچە نامى] عنبراشهب

[پارسچە نامى] عنبر

[ئوردۇچە نامى] عنبر

[لاتىنچە نامى] Ambra Grisea

[ئىنگلىزچە نامى] Ambergris' Grdno Ambra

[تونۇش]

بۇ قارا كىت ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئىسغىرەم ۋىل ناملىق بىر خىل قارا كىتنىڭ ئۆچەي ئاجراتمىلىرىنىڭ قۇرۇتۇلغان ماددىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «ئەنبەر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ چۈرۈك ھەم يېنىك چاينىسا شامدەك چىشقا چاپلىشىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، خۇش پۇراق كېلىدۇ (28.7 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئەنبەرنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 25% ئەنبىرئىن (Anbrein) بار. يەنە ئۆچۈچان ماي ۋە ئائئورگانىك تۇزلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كىچىك دوزىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. چوڭ دوزىسى تورمۇزلايدۇ.

2. نەپەسلىنىش، قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: يۈرەكنى قوزغىتىدۇ،

ئەنبەر تىنكتورىسى توشقان ۋە ئىتنىڭ كۆك قان تومۇرىغا كىرگۈزۈلگەندە، قان بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ.

3. بالىياتقۇغا بولغان تەسىرى: بالىياتقۇنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قوزغىتىدۇ. ھامىلىدار بولغانلار، ھامىلىدار بولمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ.

4. باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى: ئەنبەر تىنكتورىسىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغىنى تەجرىبە نەتىجىسىدە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسىنى تورمۇزلايدۇ. بۇنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى پىنسىل بوكازولدىن كۈچلۈك.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلاش، پەي، مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە، نېرۋا ۋە يۈرەك كېسەللىرى، بولۇپمۇ يۈرەك قوزغىلىش، يۈرەك ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقى ئومۇمىي بەدەن سوۋۇپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى، بىھوشلۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئەنبەرنى نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ، يېنىدا ساقلاپ يۈراپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نېرۋىنى ياخشىلايدۇ.

2. ئىپار بىر گرام، ئەنبەر ئىككى گرام، پەنەرمايە 10 گرام، سۆلەپ مىسرى 20 گرام، خولىنجان 10 گرام، مەستىكى بەش گرامدىن، سوقۇپ ھەب تەييارلاپ، كۈندە بىر ۋاخ ئىككى دانىدىن ئىچسە، سۈرئىتى ئىنزالغا شىپا بولىدۇ. نېرۋىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئۇستقۇددۇس 10 گرام، بىستىپايەچ 10 گرام، ئەنبەر ئىككى گرام، ئىپار بىر گرام، قۇندۇز قەھرى ئىككى گرام، زەپەر ئىككى گرام، ھەسەلدىن 60 گرام، مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.1 ~ 0.3 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] جىگەر ۋە ئۈچەيگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەرەب يېلىمى، تاباشىر.

[ئورۇنباسارى] ئىپار، زەپەر.

[چىقىش ئورنى] شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي ئوكيانلاردىن چىقىدۇ. ھەم ئامېرىكا، ياپونىيە، بېنگال، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] جاۋارىش ئەنبەر، داۋائى مىشكى.

## قۇندۇز قەھرى

(海狸象 hai li xiang)

[ئەرەبچە نامى] جندبیدستر

[پارسچە نامى] آش سگ آبی

[ئوردۇچە نامى] جندبیدستر

[لاتىنچە نامى] Castoreum

[ئىنگلىزچە نامى] Castor

[تونۇش]

بۇ قۇندۇزلار ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ياۋروپا قامىسى (Castor fiber Linnacus) ياكى كانادا چوڭ قامىسىنىڭ يۇراقلىق ئۇرۇق خالتىسىنىڭ ئاجرالمىسى بولۇپ، بۇ ھايۋاننىڭ مۇشۇ يۇراقلىق ئۇرۇق خالتا ئاجرالمىسى «قۇندۇز قەھرى» ياكى «جۆندەبەدەستۇر» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق، خۇش يۇراق، بىر ئاز بەزلەشرەك كېلىدۇ (8.28 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] قۇندۇز قەھرىنىڭ تەركىبىدە كاستورىن (Castorin) بار، بۇ ئاساسلىقى كاستورامىن (Castoramin)، بېنزول ئالكوھول (Benzyl—Alcohol)، ئاتسىدوم بېنزوئىكوم (Acid Benzuic) قاتارلىق 18 خىل بىرىكمىلەردىن ئىبارەت.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بۇ قوزغاتقۇچى، تىنچلاندۇرغۇچى، سپازما قايتۇرغۇچى ۋە ھەيز ماڭدۇرغۇچى دورا بولۇپ، بۇنىڭ ھەرخىل ياسالمىلىرىنىڭ نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، باھ ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سپازم بوشىتىش، قۇرۇتۇش، قىزىتىش، پەيلەرنى چىڭىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]
مالىخولىيا، ھىستېرىيە، ئۇيقۇسىزلىق، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، چوڭ بوغۇم ئاغرى- قى (موپاسىل)، سەرئى، جىنسىي ئاجىزلىق، باش ئاغرىقى، ھەيز توتۇلۇش، نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]
1. 30 گرام قۇندۇز قەھرىنى سالايە قىلىپ، 100 مىللىلىتىر زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، 5-7 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، موپاسىلغا چېپىپ بەرسە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. توخۇم سېرىقى 3 دانە، سۈتلەپ، جۆز، قۇندۇز قەھرى، زەنجىۋىل، ئاقىرقەرھا 10 گرامدىن؛ قائىدە بويىچە تالقان قىلىپ ئىچسە، بۆرەك، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. ئودسەلىب، قۇندۇز قەھرى، ئاسارۇن 10 گرامدىن، ناۋات 7 گرام، قائىدە بويىچە تالقان قىلىپ ئىچسە، ئۇنتۇغاقلىققا شىپا بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 0.5 ~ 1 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە شەربىتى، ئەرقى گۈل.

[ئورۇنباسارى] ئىپار، ئەنبەر، زەپەر.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭدىن چىقىدۇ.

[يىشىشىق دورا ياسالمىسى] لوبۇبى كەبىر، مەجۇنى سۈتلەپ، خېمىرى مەرۋايىت.

## ئىپار

(麝香 she xiang)

[ئەرەبچە نامى] مسك

[پارسچە نامى] مشك

[ئوردۇچە نامى] كستورى

[لاتىنچە نامى] Moschus

[ئىنگلىزچە نامى] Forest musk

[تونۇش]
بۇ بۇغا ئائىلىسىدىكى ھايۋان ئىپار كېيىكنىڭ ئەرلىك جىنسىي پۇراقلىق بەز خالتىسى-

نىڭ قۇرۇتۇلغان سۆيۈقلۇقى بولۇپ، «ئىپار» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك، پۇرىقى خۇش پۇراق، سەل مايلاشراق (28.9 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئىپار تەركىبىدە تەخمىنەن %23~15 سۇ، كۆل ماددىسى بار ھەم ئازوتلۇق بىرىكمىلەردىكى ئازوتنىڭ مىقدارى تەخمىنەن %9 كېلىدۇ، يەنە خولېستېرول، يىرىك تالا، ماي كىسلاتاسى، ئىپار كىتونى (Mocone)، موسكو پىرىدىن (Muscopyridine)، قۇرۇتۇلغان ئىپارنىڭ تەركىبىدە ئادەتتە %70~50 سۇلۇق ئېرىتمە، %15~1 ئىسپىرتلىق ئېرىتمە بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مەركىزىي نېرۋا سېستىمىسىغا بولغان تەسىرى: كىچىك دوزىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. چوڭ دوزىسى تورمۇزلايدۇ.

2. نەپەسلىنىش، قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: ئىپار يۈرەكنى قوزغىتىدۇ، ئىپار تىنكتورىسى توشقان ۋە ئىتنىڭ كۆك قان تومۇرىغا كىرگۈزۈلگەندە، قان بېسىمىنى ئۆرلىتىدۇ. نەپەس قېتىمىنى كۆچەيتىدۇ.

3. باليىاتقۇغا بولغان تەسىرى: ئىپار باليىاتقۇنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قوزغىتىدۇ، ھامىلىدار بولغانلاردا ھامىلىدار بولمىغانلارغا قارىغاندا ئېنىقراق سەزگۈر كېلىدۇ.

4. باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى: ئىپار تىنكتورىسىنىڭ سۆيۈقلاندۇرۇلغىنى تەجرىبە نەيچىسىدە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسىنى تورمۇزلايدۇ، بۇنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى لىنپىل بوتازولدىن كۈچلۈك.

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتىش، ئىچكى ۋە تاشقى سەزگۈ قۇۋۋەتلەرنى قوزغىتىش، تەبئەتنى يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سپازما قايتۇرۇش، باھنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، مالىخولىيا، سەرئى، ھىستېرىيە، تەشەننۇج، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، لەقۋا، بىھوشلۇق، رەئشە، كۆكيۆتەل، پەي ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقى، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. ئىپارنى پۇرسا، مېڭىدىن كېلىدىغان سۇنى توختىتىدۇ ۋە ھوشىدىن كېتىشنى تۈزىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 1 گرام ئىپارنى يېنىدا ساقلاپ پۇراپ بەرسە، يۈرەك ۋە مېڭىگە خۇش پۇراق كەلتۈرىدۇ، نېرۋىنى ياخشىلايدۇ، زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. زەيتۇندىن يېغى 50 مىللىلىتىر، قۇندۇز قەھرىدىن 10 گرام، ئاقىرقەرھا بەش گرام، ئىپاردىن بىر گرامدىن ئېلىپ ئايرىم سالايە قىلىپ، ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، سەرئى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 125 ~ 250 مىللىگرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] ئەينۇلا، نىلۇپەر، قىزىلگۈل.

[ئورۇنباسارى] قۇندۇزقەھرى، سازەچ ھىندى.

[چىقىش ئورنى] جۇڭگو، نېپال، بىرما، رۇسىيە، ۋېيتنام، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائىمىشكى، جاۋارىش مىشكى، خېمىرى گاۋزىبان.

## قۇشقاچ مېڭىسى

(麻雀脑 ma que nao)

[ئەرەبچە نامى] دماغ العصافير

[پارسچە نامى] دماغ كنجك

[ئوردۇچە نامى] چڑیاکی دماغ

[لاتىنچە نامى] Encephalon passeris

[ئىنگلىزچە نامى] brain of spadger

[تونۇش]

بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ئاق قۇشقاچ (Stenneger Passer montanus saturatus) بولۇپ، بۇ قۇشنىڭ قۇرۇتۇلغان مېڭىسى «قۇشقاچ مېڭىسى» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئاقۇچ كۈل رەڭ، پارقىراق، تەمى تېتىقسىز، سەل ېيلىق پۇرىقى بار (28.10 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

بەدەننى قىزىتىش، سەمرىتىش، باھنى قوزغاش، مەنىيىنى كۆپەيتىش، ئىچى سۇرۇشنى

توختىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

پالەچ، ئىستىرخا، پۇت ـ قول قولۇشۇش، ھەر خىل بۆرەك ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، تولا چۈش كۆرۈش، تۇغماسلىق، قۇلاق گاسلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. قۇشقاچ مېڭىسىنى ياغ بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلسا، پالەچ، ئىستىرخا، ھەر خىل جىگەر كېسىلى، يەرقان، بۆرەك ۋە باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قۇشقاچ تۇخۇم سېرىقىنى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرگە قورۇپ يەپ بەرسە، مەنىي كۆپەيتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3. قۇشقاچ مېڭىسىنى زەپەر بىلەن قوشۇپ پەرجىگە ھومۇل قىلسا، تۇغمىغان ئاياللار ھامىلىدار بولىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزىتىكۈچىسى] ئانار، غورا سۈيى.

[ئورۇنباسارى] كەپتەر مېڭىسى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] مەجۇنى لوبۇبى كەبىر.

## لاچىندانە ھىندى

(印度豆蔻 yin du dou kou)

[ئەرەبچە نامى] قاقلە صغار

[پارسچە نامى] ھيل بوا

[ئوردۇچە نامى] الائچی خورد

[لاتىنچە نامى] Fructus Elett aria Majoris

[ئىنگلىزچە نامى] Indian Cardamon Fruit

[تونۇش]

بۇ زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك لاچىندانە (Elettaria Cardamomum Maton) بولۇپ، غوزا مېۋىسى يۇمىلاق، رەڭگى دەسلەپ كۆك، پىشقانسېرى

سېرىققا مايىل بولىدۇ، خۇش پۇراق، تەمى بىر ئاز ئاچچىق، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى «لاچىندانە» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (28 .11 ـ رەسىم).

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش؛ ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

جىگەر ئاجىزلىقى، مېڭە ئاجىزلىقى، ئېغىز پۇراش، قورساق ئېسىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق ئاغرىقى، كۆڭۈل ئېلىشىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، ھېق تۇتۇش، سوغۇقتىن بولغان يۈرەك چالاڭغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. لاچىندانە ھىندى بەش گرام، پىلپىل ئۈچ گرام، قائىدە بويىچە سوقۇپ بۇرۇنغا پۈركۈسە، چۈشكۈرتۈپ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. 10 گرام لاچىندانە ھىندىنى گۈلاب بىلەن قاينىتىپ، سۈيىنى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچسە، جىگەر توسۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. سۇمبۇل ھىندى، گاۋزىبان، ئۇستىقۇددۇس ئۈچ گرامدىن، لاچىندانە ھىندى، رەيھان ئۇرۇقى ئالتە گرامدىن، قائىدە بويىچە چايلىق قىلىپ ئىچىپ بەرسە، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. قارىمۇچ، پىلپىل، زەنجىۋىل، لاچىندانە ھىندى 10 گرامدىن، بەدىيان 5 گرام، قائىدە بويىچە چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، يەل تارقىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 1~10 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] كەتىرا، تاباشىر.

[ئورۇنباسارى] لاچىندانە، كاۋاۋچىن.

[چىقىش ئورنى] سىرلانكا، ھىندىنوپىيە، ھىندىستان، قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] داۋائى مىشكى، جاۋارىش ئەنبەر.

# بالەنگو ئۇرۇقى
(紫苏子 zi su zi)

[ئەرەبچە نامى] بزرالبالا

[پارسچە نامى] تخم بالنگو

[ئوردۇچە نامى] بالنگوکی بیج

[لاتىنچە نامى] Fructus Perillae Argutae

[ئىنگلىزچە نامى] Cultivated Purple Perilla Fruit

[تونۇش]

بۇ كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياماان غوللۇق ئۆسۈملۈك پۇرۇلمە ۋە ئۈچلۈق پۇرۇلمە يوپۇرماقلىق بالەنگو (بىر خىل رەيھان) نىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، «بالەنگو» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى يۇمىلاق شار شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى قارا، پارقىراق كېلىدۇ، تەمى سەل تاتلىق، پۇراقلىق كېلىدۇ (28.12 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە مايلىق ياغ (45.30%) ۋە ۋىتامىن $B_1$ قاتارلىقلار بار. غول يوپۇرماقىنىڭ تەركىبىدە ئۇچۇچان ماي بولىدۇ. مايىنىڭ ئاساسى تەركىبى پېرىل ئالدېھىدى (Perilh aldehyde) ھەم 55%~40 ئالاھىدە پۇراقلىق ئۇچۇچان ماي لىمونىن (Limonene) قاتارلىقلار بار. يەن پېرىللانىن (Perillanin)، ئورگىنىن (Orginin)، ئادېنىن (Adenine) قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] بالەنگۇدىن تەييارلانغان سۇيۇقلۇق ئاشقازاننى قىزىتىش ئارقىلىق ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەينىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىدۇ. كاناي شاخچىلىرىنىڭ شىللىق پەردىسىدىكى ئاجراتما ماددىلارنى ئازايتىدۇ. تارتىشىشنى بوشاشتۇرىدۇ.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىششىق ۋە يەل تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، ئۆتكۈر ئۇسسۇزلۇق، يۆتەل، ھەر خىل

تەپ، بەزگەك، ئىچى سۈرۈش، تولغاق، ئۈچەي جاراھىتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. بالەنگودىن شەربەت تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، ئۇيقۇسىزلىق ۋە نېرۋا ئاجىزلىققا شىپا بولىدۇ.

2. بالەنگو ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، ئودسەلىب، سۇمبۇل، لاچىنداندىن 10 گرامدىن ئېلىپ، چايلىق تەييارلاپ ئىچىپ بەرسە، مېگە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ~ 5 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] پىننە، بەديان، زىرە.

[ئورۇنباسارى] رەيھان ئۇرۇقى.

[چىقىش ئورنى] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

[پىششىق دورا ياسالمىسى] سۇپۇپى تىيىن.

## كەرمان

(远志 yang zhi)

[ئەرەبچە نامى]

[پارسچە نامى]

[ئوردۇچە نامى]

[لاتىنچە نامى] Radix Palygalae

[ئىنگلىزچە نامى] Thinleaf Milkwort Root

[تونۇش]

بۇ كەرمان ئائىلىسىدىكى ئېگىزلىكى 15 ~ 40 سانتىمېتىر ئۆسىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك كەرمان بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ۋە پۈتۈن چۆپى «كەرمان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (28.13 ـ رەسىم).

[خىمىيىلىك تەركىبى] كەرمان تەركىبىدە سوپۇن گلۇكوزىدى، پولگالىتول (كەرمان ئالكوھولى) (Poligalitol)، N ـ ئاتسىتىل گلۇكوزامىن (N—acetylgluco samine)، ئالكالوئىد تېنودىنى (كەرمان ئىشقارى) (Alka loid—Tenudine)، ياغ، سىمولا قاتارلىقلار بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] يالللۇغ قايتۇرۇش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلاش، قان تومۇرلاردىكى تۇرۇپ قالغان قان نوكچىسىنى ئېرىتىش رولى بار.

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۇرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ياخشىلاش، بەلغەم بوشىتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

يۇرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۇرەك سېلىش، ئۇنتۇقاقلىق، يۆتەل، بەلغەم تۇكۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

1. كەرمان، ئېگىر، ئارچا ئۇرۇقىدىن 12 گرامدىن ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، يۇرەك سېلىپ، بىئارام بولۇش ۋە ئۇنتۇقاقلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. كەرمان، قوڭغۇراقگۈل 12 گرامدىن، سوغىگۈلدىن 8 گرام ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچسە، يۆتەل ۋە بەلغەم تۇكۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 4 ～ 12 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئىسسىقجان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] بىنەپشە.

[ئورۇنباسارى] ئۇدسەلىب، مەرزەنجۇش.

[چىقىش ئورنى] كۆنگەي تاغ باغرى، شەمشادلىق ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ.

## چاي

(茶叶 cha ye)

[ئەرەبچە نامى] شاي صيني

[پارسچە نامى] چاىٔ ختائى

[ئوردۇچە نامى] چاىٔ چينى

[لاتىنچە نامى] Folium Gemmae Camelliae Sinensis

[ئىنگلىزچە نامى] leaf—bud Thea

[تونۇش]

بۇ چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ياكى ئۆسۈملۈك دەرەخ چاينىڭ

بىخ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ بىخ يوپۇرمىقى ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىنكى مەھسۇلاتى تېبابەتچىمىز ۋە خەلق ئارىسىدا «چاي» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ (28 . 14 ـ رەسىم) .

[خىمىيىلىك تەركىبى] چاي تەركىبىدە %5~1 كوففېئىن (caffeine) ، تېئوبرامىن (TheObromine) ، تېئوفىكىللىن (theophyline) ، كسانتىن (xahthine) ، تاننىن ۋە Vitc بار.

[فارماكولوگىيىلىك تەسىرى] 1. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كوففېئىن ئالىي نېرۋا مەركىزىنى قوزغىتىدۇ.

2. قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى: كوففېئىن، تېئوفىللىن، بىۋاستە يۈرەكنى قوزغىتىدۇ، تاجسىمان قان تومۇرنى كېڭەيتىدۇ.

3. سىلىق مۇسكۇللارغا بولغان تەسىرى: سىلىق مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرىدۇ.

4. تېئوفىللىن بۆرەك كانالچىلىرىنىڭ قايتا سۈمۈرۈشىنى تورمۇزلاپ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

5. چاي دەملىمىسى ياكى قايناتمىسى تەجرىبە نەيچىسىدە ھەر خىل تولغاق تاياقچە باكتېرىيىلىرىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

6. چاي تەركىبىدىكى تاننىن ماددىسىنىڭ ئاشقازان، ئۈچەينى قورۇش تەسىرى بار.

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، قىزىتما پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، تەرلىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش.

[ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر]

مېڭە ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى (خەفەقان) ، يۆتەل، زىققە، كۆزگە سۇ چۈشۈش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

[ئىشلىتىش ئۇسۇلى]

چاي تىرىپىنى پىشۇرۇپ، يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىـ

دۇ، بوۋاسىرنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

[ئىشلىتىش مىقدارى] 3 ~ 6 گرام.

[زىيانلىق تەسىرى] ئۈيقۇنى قاچۇرىدۇ، قورۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

[تۈزەتكۈچىسى] سۈت، شېكەر.

[ئورۇنباسارى] قەھۋە.

[چىقىش ئورنى] ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن چىقاتتى، ھازىر ئوتتۇرا ۋە غەربىي جەنۇبىي جۇڭگو، ھىندىستان، نېپال ۋە ياۋروپا قاتارلىق ئەللەردىن چىقىدۇ.

## ئۇستۇقۇددۇس[1]

(薰衣草 xun yi cao)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، مېڭىنى تازىلاش، پەي - نېرۋىلارنى قوزغىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنى تارقىتىش، بەلغەم بوشىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، يەل ھەيدەش.

## پىستە مېغىزى[2]

(阿月浑子 a yue hui zi)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، باھ، بۆرەك ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش؛ تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، بەدەننى سەمىرتىش، ئۈيقۇ كەلتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 3 - باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 38 - بابقا قاراڭ

## گاۋزىبان ھىندى[①]

(琉璃苣 liu li ju)

[تەبىئىتى] ىىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، كۆڭۈلنى ئېچىش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئىچنى يۇمشىتىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، سەپرا، سەۋدا خىلتلىرىنى پىشۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، قىزىتمىنى پەسەيتىش.

## بىستىپايەنج[②]

(水龙骨 shui long gu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى پىشۇرۇش، سۈرۈش، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئىششىق تارقىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، قان تازىلاش.

## بادرەنجى بۇيا چىنى[③]

(香青兰 xiang qing lan)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، تىنچلاندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، مېڭە، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش.

① تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

② تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ

## تاغ بادرەنجى بۆيسى[1]
(益母草 yi mu cao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

## ئۈد سەلب[2]
(赤芍 chi shao)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق تارقىتىش، پارقىرىتىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش.

## سېرىق ھېلىلە[3]
(诃子 he zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

غەيرىي تەبىئىي سەپرا، بەلغەم، سەۋدا خىلتىنى سۈرۈش؛ مېڭە، كۆز ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، قان تازىلاش.

---

① تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ
② تەپسىلاتى 3 ـ باب 3 § غا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 4 ـ باب 1 § غا قاراڭ

## لاجۇۋەرد[1]
## (青金石)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
غەيرىي تەبىئىي سەۋدا، بەلغەم خىلتىنى سۈرۈش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، غەم ـ ئەندىشىنى يوقىتىش، قويۇق گازلارنى يوقىتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش، داغ سەپكۈن يوقىتىش، قان توختىتىش، قۇرۇتۇش، قورۇش.

## كۆك چاي[2]
## (绿茶 lu cha)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.
[خۇسۇسىيىتى]
ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ھارارەت پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، مېڭە، يۈرەك نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش.

## ھەببى بىلسان[3]
## (麦加香脂树子 mai jia xiang zhi shu zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
[خۇسۇسىيىتى]
توسالغۇلارنى ئېچىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، قاننى جانلاندۇرۇش، مېڭىنى تازىلاش، بەلغەم بوشىتىش، نېرۋىنى قوزغىتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش،

① تەپسىلاتى 4 ـ باب 3 § غا قاراڭ
② تەپسىلاتى 1 ـ باب 2 § غا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

هۆللۈكنى قۇرۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاغرىق پەسەي-تىش.

## ئاسارۇن[1]
(细辛 xi xin)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىنى تەڭ-شەش، ماددىلارنى يۇمشىتىش، تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بۆرەك، جىگەر، تال ۋە پەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، مېڭە ۋە ئاشقازاننى تازىلاش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش.

## ئەفسەنتىن[2]
(苦艾 ku ai)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھا ياندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇرت ئۆلتۈرۈش.

## گاۋزىبان چىنى[3]
(倒提壶 dao ti hu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

قىزىتما قايتۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى، قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتنى

① تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 9 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 12 ـ بابقا قاراڭ

تەڭشەش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، يۆتەل توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇ-رۇش، قان توختىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش.

## ماگنىت تېشى[①]

(磁石 ci shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

تاش پارچىلاش، مېڭە، جىگەر، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، جاراھەت ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرۈش، ئاق خۇن ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش.

## زۇرۇمبات[②]

(郁金 yu jin)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، باھ ۋە پەيىنى قۇۋۋەتلەش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋان قىلىش.

## تاشقا ئايلانغان سۆڭەك[③]

(龙骨 long gu)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

---

① تەپسىلاتى 14 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 24 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، كۆپ تەرلەشنى توختىتىش، مەنىينى تىزگىنلەش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، تۇتۇش، جاراھەت ۋە يارا ئېغىزلىرىنى قۇرۇتۇش، گۆش ئۆندۈرۈش.

## زەھرەمۇھرە[①]

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

زەھەر قايتۇرۇش؛ يۈرەك، مېڭە، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش؛ باھنى قوزغاش، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەنىي تۇتۇش، بۆرەك ۋە تالنى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان توختىتىش.

## ئادەمگىياھ[②]

(人参 ren shen)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

«تەبىئەت» نى، مېڭە، باھنى قۇۋۋەتلەش؛ قان كۆپەيتىش، خىلىت ھاسىل قىلىش، تىنچلاندۇرۇش، زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تال ۋە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش؛ ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش.

## پاختەك گۆشى[③]

(斑鸠肉 ban jiu rou)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

---

① تەپسىلاتى 26 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 27 ـ بابقا قاراڭ

[خۇسۇسىيىتى]

يەللەرنى تارقىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، يىرىڭ توختىتىش.

## كېۋەز چېچىكى①

(棉花花 mian hua hua)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى، ۋەسۋەسچىلىك.

## مارجان②

(珊瑚 shan hu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆڭۈلنى ئېچىش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش.

## لەئلى③

(喇子 la zi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە ۋە نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قان توختىتىش.

---

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

## زۇمرەت[1]

(纯绿宝石 chun lu bao shi)

[تەبىئىتى] ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، كۆزنى قۇۋۋەتلەش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، جاراھەت پۈتتۈرۈش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش.

## ئۆشنە[2]

(松萝 song luo)

[تەبىئىتى] بىرىنچى دەرىجىدە، قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش.

## سۇنبۇل ھىندى[3]

(毛甘松 mao gan song)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، مېڭە، باھ ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، بەدەننى قىزىتىش، پەي ۋە نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى تازىلاش، بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچ قارايتىش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

## سازەج ھىندى[1]

(三条筋 san tiao jin)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

ئاشقازان، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش، ئۈچەيدىكى يەللەرنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئېغىزدىكى بەتبۇيلۇقنى يوقىتىش.

## مەرۋايىت[2]

(珍珠 zhen zhu)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى ئېچىش، قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، قان توختىتىش، تۇتۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، قاننى تازىلاش.

## دۇرنەج ئەقرەبى[3]

(印度多榔菊 yin du duo lang ju)

[تەبىئىتى] ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، پەي ۋە نېرىپنى قۇۋۋەتلەش؛ قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، يەلنى تارقىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھامىلىنى ساقلاش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ
③ تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

## پەرەنجىمىشكى[1]

(丁香罗勒 ding xiang luo le)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش؛ بۇرۇننىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يۇمشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، چىرىشكە قارشى تۇرۇش، يەل تارقىتىش، كېكىرتىش، ئىشتىھانى ئېچىش.

## ياقۇت[2]

(红宝石 hong bao shi)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

كۆڭۈلنى ئېچىش، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قان تازىلاش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش.

## پەنەرمايە[3]

(初乳 chu ru)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

مېڭە، بۆرەك، باھ، پەي، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش؛ سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، بۇرۇندىن كەلگەن قاننى توختىتىش، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى قىزىتىش، ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش.

---

① تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

② تەپسىلاتى 29 ـ بابقا قاراڭ

③ تەپسىلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ

# جىگدە چېچىكى[①]

(沙枣花 sha zao hua)

[تەبىئىتى] ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

[خۇسۇسىيىتى]

باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋا ۋە پەيلەرنى چىڭىتىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، باھنى قوزغاش، مەنىي تۇتۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش.

① تەپسلاتى 36 ـ بابقا قاراڭ

# ئاچقۇچ


ئابنۇس (2-كىتاب) …… 371
ئاپتاپپەرەس گۈلى (2-كىتاب) …… 205
ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى (1-كىتاب) …… 352
ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى (2-كىتاب) …… 193
ئاپتاپپەرەس يىلتىزى (2-كىتاب) …… 84
ئاپىلسىن (1-كىتاب) …… 63
ئات سۆتى قايمىقى (1-كىتاب) …… 153
ئاتقۇلاق (1-كىتاب) …… 362
ئاتقۇلاق ئۇرۇقى (2-كىتاب) …… 305
ئات گۆشى (2-كىتاب) …… 434
ئات يادا تېشى (2-كىتاب) …… 400
ئاچچىق ئانار (1-كىتاب) …… 90
ئاچچىق بادام (2-كىتاب) …… 187
ئاچچىق بادام يېغى (1-كىتاب) …… 120
ئاچچىقتاۋۇز (1-كىتاب) …… 221
ئاچچىق قوستە (3-كىتاب) …… 468
ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى (3-كىتاب) …… 525
ئادەمگىياھ (2-كىتاب) …… 424
ئادراسمان ئۇرۇقى (3-كىتاب) …… 441
ئادراسمان ئۇرۇقى يېغى (3-كىتاب) …… 444
ئادراسمان (3-كىتاب) …… 445
ئارپا (1-كىتاب) …… 131
ئارپا ئۇندۇرمىسى (3-كىتاب) …… 179
ئارپىبەدىيان (1-كىتاب) …… 147
ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى (3-كىتاب) …… 177
ئارچا مېۋىسى (2-كىتاب) …… 202
ئارچا يوپۇرمىقى (1-كىتاب) …… 367
ئارچا يوپۇرمىقى (1-كىتاب) …… 396
ئازغان مېۋىسى (2-كىتاب) …… 315
ئاسارۇن (1-كىتاب) …… 409
ئاغىچە (2-كىتاب) …… 199
ئاقاقىيا (2-كىتاب) …… 328
ئاق بەھمەن (3-كىتاب) …… 268
ئاق پارپا (3-كىتاب) …… 414
ئاق تېرەك قوۋزىقى (1-كىتاب) …… 306
ئاق تىكەن (1-كىتاب) …… 479
ئاقچەشكە (1-كىتاب) …… 444
ئاق چوغلۇق (3-كىتاب) …… 463
ئاق خەربەق (2-كىتاب) …… 209
ئاق سەندەل (3-كىتاب) …… 38
ئاق شېكەر (3-كىتاب) …… 83
ئاق قېيىن قوۋزىقى (3-كىتاب) …… 107
ئاق قىچا ئۇرۇقى (3-كىتاب) …… 489
ئاق كۇنجۇت (3-كىتاب) …… 341
ئاق لەيلىگۈلى (1-كىتاب) …… 488
ئاق لەيلى ئۇرۇقى (2-كىتاب) …… 59

ئاق لەيلى يىلتىزى (1ـ كىتاب) ...... 483
ئاق ماش (3ـ كىتاب) ...... 239
ئاق مەۋسەل (3ـ كىتاب) ...... 11
ئاق موم (2ـ كىتاب) ...... 6
ئاقمۇچ (3ـ كىتاب) ...... 176
ئاق ئۇجمە (1ـ كىتاب) ...... 116
ئاقىرقەرھا (3ـ كىتاب) ...... 261
ئالا كۆلۈك (3ـ كىتاب) ...... 474
ئالتۇن شاخ (1ـ كىتاب) ...... 466
ئالتۇن (3ـ كىتاب) ...... 45
ئالتۇن ۋاراق (2ـ كىتاب) ...... 459
ئالقات مېۋىسى (1ـ كىتاب) ...... 133
ئالقات يىلتىزى پوستى (3ـ كىتاب) ...... 212
ئالما (3ـ كىتاب) ...... 14
ئالۇچا (1ـ كىتاب) ...... 89
ئام (1ـ كىتاب) ...... 333
ئامۇت (1ـ كىتاب) ...... 75
ئامىلە (3ـ كىتاب) ...... 158
ئانار پوستى (2ـ كىتاب) ...... 370
ئانار گۈلى (1ـ كىتاب) ...... 371
ئانار ئۇرۇقى (2ـ كىتاب) ...... 314
ئانىماررىنا (2ـ كىتاب) ...... 38
ئەپيۇن (2ـ كىتاب) ...... 289
ئەترگۇل (2ـ كىتاب) ...... 88
ئەدەس (2ـ كىتاب) ...... 183
ئەرەب يېلىمى (3ـ كىتاب) ...... 138
ئەرمۇدۇن دەرىخى قوۋزىقى (3ـ كىتاب) ...... 452
ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى (3ـ كىتاب) ...... 437
ئەرۋسە ياپرىقى (3ـ كىتاب) ...... 127
ئەزپارەتتىپ (2ـ كىتاب) ...... 230
ئەفتىمۇن (1ـ كىتاب) ...... 253
ئەفتىمۇن ئۇرۇقى (1ـ كىتاب) ...... 201
ئەفسەنتىن (1ـ كىتاب) ...... 411
ئەڭلىكئوت (1ـ كىتاب) ...... 481
ئەمەن (1ـ كىتاب) ...... 406
ئەنبەر (2ـ كىتاب) ...... 461
ئەنجۇدان ئۇرۇقى (2ـ كىتاب) ...... 197
ئەنجۇدان يىلتىزى (1ـ كىتاب) ...... 434
ئەنجۇر (1ـ كىتاب) ...... 182
ئەنجبار (1ـ كىتاب) ...... 370
ئەنزىرۇت (2ـ كىتاب) ...... 369
ئەينۇلا (1ـ كىتاب) ...... 137
بابۇنە (1ـ كىتاب) ...... 185
بادام شاكىلى (3ـ كىتاب) ...... 390
بادام مېغىزى (1ـ كىتاب) ...... 118
بادرەنجى بۇيا چىنى (1ـ كىتاب) ...... 197
بادرەنجى بۇيا ھىندى (1ـ كىتاب) ...... 184
باشاق مۇڭگۈزى (3ـ كىتاب) ...... 322
باقىلە (2ـ كىتاب) ...... 185
بالادۇر (3ـ كىتاب) ...... 426
بالا ھەمراھى (3ـ كىتاب) ...... 329
بالەنگو ئۇرۇقى (2ـ كىتاب) ...... 469
بالەنگۇ چۆپى (2ـ كىتاب) ...... 283
بالدىرغان (2ـ كىتاب) ...... 247
بالىلار سۆيدۈكى (2ـ كىتاب) ...... 391
بانان (2ـ كىتاب) ...... 117

بايناق (3ـ كىتاب) …… 238
بەرەنگى كابىلى (2ـ كىتاب) …… 176
بەرخۇت دەرىخى قوۋزىقى (3ـ كىتاب) …… 236
بەزرۇلبەنجى (2ـ كىتاب) …… 293
بەسباسە (3ـ كىتاب) …… 266
بەللۇت (2ـ كىتاب) …… 309
بەلىلە (1ـ كىتاب) …… 212
بەنگرە (1ـ كىتاب) …… 414
بوزتىكەن (2ـ كىتاب) …… 263
بوزۇغا (3ـ كىتاب) …… 422
بوزىدان (3ـ كىتاب) …… 453
بۇدۇشقاق (1ـ كىتاب) …… 485
بۇرجۇن (3ـ كىتاب) …… 222
بۇزۇن (3ـ كىتاب) …… 409
بۇغا قېنى (3ـ كىتاب) …… 255
بۇغا مۈڭگۈزى (1ـ كىتاب) …… 378
بۇغداي (2ـ كىتاب) …… 436
بۇغتاپان (3ـ كىتاب) …… 410
بۇغئوت يىلتىزى (2ـ كىتاب) …… 455
بۇقا چۈيىسى (3ـ كىتاب) …… 296
بۇيا ئۈرۈقى (1ـ كىتاب) …… 468
بۆدۈنە (2ـ كىتاب) …… 446
بۆرە سويمىسى يىلتىزى پوستى (3ـ كىتاب) …… 407
بۆكەن مۈڭگۈزى (3ـ كىتاب) …… 284
بۆلجۈرگەن (1ـ كىتاب) …… 71
بېدە ئۇرۇقى (3ـ كىتاب) …… 254
بېدە (2ـ كىتاب) …… 128
بېلىق مېڭە تېشى (2ـ كىتاب) …… 107
بېھى (1ـ كىتاب) …… 73
بېھى ئۇرۇقى (3ـ كىتاب) …… 137
بىدمىشكى (3ـ كىتاب) …… 21
بىستىپايەنج (1ـ كىتاب) …… 196
بىلسان ياغىچى (1ـ كىتاب) …… 415
بىلسان يېغى (3ـ كىتاب) …… 502
بىنەپشە (1ـ كىتاب) …… 168
پاختەك گۆشى (2ـ كىتاب) …… 433
پاقا شىرىسى (2ـ كىتاب) …… 386
پاقىيوپۇرمىقى (1ـ كىتاب) …… 128
پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى (2ـ كىتاب) …… 319
پالەك ئۇرۇقى (2ـ كىتاب) …… 91
پالەك (2ـ كىتاب) …… 129
پالما مەرىزى (2ـ كىتاب) …… 83
پەرەنجمىشكى (3ـ كىتاب) …… 34
پەربۇن (2ـ كىتاب) …… 5
پەمىدۇر (1ـ كىتاب) …… 66
پەنەرمايە (3ـ كىتاب) …… 287
پويرارىيە يىلتىزى (3ـ كىتاب) …… 41
پۇنۇس ئۇرۇقى (1ـ كىتاب) …… 291
پېلىكئوت (2ـ كىتاب) …… 81
پىچانگۈل يىلتىزى (3ـ كىتاب) …… 214
پىچەكگۈل (3ـ كىتاب) …… 172
پىدىگەن (1ـ كىتاب) …… 328
پىدىگەن يىلتىزى (1ـ كىتاب) …… 289
پىرسىياۋشان (1ـ كىتاب) …… 204
پىستە مېغىزى (3ـ كىتاب) …… 348
پىستىگۈل يىلتىزى (3ـ كىتاب) …… 180

پىششىق ئەگرسۇناي (1ـكىتاب) ........ 316
پىلە غوزىسى (3ـكىتاب) ........ 17
پىلە قۇرتى مايىقى (2ـكىتاب) ........ 248
پىلە قۇرتى (3ـكىتاب) ........ 86
پىلپىل (1ـكىتاب) ........ 108
پىلپىل يىلتىزى (1ـكىتاب) ........ 110
پىندۇق (3ـكىتاب) ........ 344
پىننە (3ـكىتاب) ........ 187
پىياز ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 256
پىياز (3ـكىتاب) ........ 195
پىيزەك ئامۇت (3ـكىتاب) ........ 219
پىيزەك (2ـكىتاب) ........ 116
تاباشىر (2ـكىتاب) ........ 329
تاتلىق ئانار (1ـكىتاب) ........ 332
تاتلىق بادام يېغى (3ـكىتاب) ........ 464
تاتلىق شاپتۇل مېغىزى (3ـكىتاب) ........ 108
تاتلىق ئۈرۈك مېغىزى (3ـكىتاب) ........ 109
تاجگۈل ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 365
تاجگۈل (2ـكىتاب) ........ 322
تارانتاس (3ـكىتاب) ........ 240
تازىلانغان شور (2ـكىتاب) ........ 333
تاشپاقا قېپى (2ـكىتاب) ........ 415
تاشتۇز (2ـكىتاب) ........ 140
تاشچېچىكى (3ـكىتاب) ........ 403
تاشقا ئايلانغان سۆڭەك (2ـكىتاب) ........ 338
تاشئوت (2ـكىتاب) ........ 55
تاغ بادرەنجى بۇيىسى (1ـكىتاب) ........ 199
تاغ پىيىزى (3ـكىتاب) ........ 132
تاغ دېنى (3ـكىتاب) ........ 168
تاغ سامسىقى (2ـكىتاب) ........ 158
تاغ سۇنبۇلى (3ـكىتاب) ........ 6
تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 488
تال غازىڭى (1ـكىتاب) ........ 442
تالك (2ـكىتاب) ........ 43
تاماكا يوپۇرمىقى (2ـكىتاب) ........ 278
تاۋۇزەك (2ـكىتاب) ........ 89
تاۋۇز (1ـكىتاب) ........ 70
تاۋۇز ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ........ 71
تەبىئىي مىس (2ـكىتاب) ........ 374
تەرەنجىبىن (1ـكىتاب) ........ 251
تەرخەمەك ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ........ 87
تەرخەمەك (3ـكىتاب) ........ 81
تەسۇقوناق (3ـكىتاب) ........ 232
تەڭگىيوپۇرماق گۈلى (3ـكىتاب) ........ 105
تەلق (2ـكىتاب) ........ 376
تەمرى ھىندى (1ـكىتاب) ........ 215
تەنكار (1ـكىتاب) ........ 438
توخۇ تاشلىقى پوستى (3ـكىتاب) ........ 186
توخۇ گۆشى (2ـكىتاب) ........ 416
تورموس (2ـكىتاب) ........ 186
توشقانزەدكى (3ـكىتاب) ........ 253
توشقانقۇلاق (3ـكىتاب) ........ 288
توشقانكالپۇك (1ـكىتاب) ........ 373
توشقانئوتى (1ـكىتاب) ........ 392
تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى (3ـكىتاب) ........ 398
تومۇر دورىسى (1ـكىتاب) ........ 498

تۇتىيا (3ـكىتاب) ........................ 367
تۇخۇمەك مېۋىسى (1ـكىتاب) ........................ 395
تۇخۇم سېرىقى (3ـكىتاب) ........................ 260
تۇخۇم شاكىلى (1ـكىتاب) ........................ 381
تۇخۇم ئېقى پەردىسى (2ـكىتاب) ........................ 377
تۇخۇم ئېقى (2ـكىتاب) ........................ 14
تۇدەرى (3ـكىتاب) ........................ 347
تۇربۇت (1ـكىتاب) ........................ 219
تۇرۇپ ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ........................ 211
تۇرۇپ (2ـكىتاب) ........................ 77
تۆگە گۆشى (2ـكىتاب) ........................ 418
تۆگە يېغى (3ـكىتاب) ........................ 449
تۆگىتاپان (2ـكىتاب) ........................ 228
تۆگىقۇشى (2ـكىتاب) ........................ 151
تۆمۈر (1ـكىتاب) ........................ 313
تۆمۈر كېپىكى (1ـكىتاب) ........................ 330
تۇلكە (3ـكىتاب) ........................ 251
تېرىق (1ـكىتاب) ........................ 135
تېزەكچى قوڭغۇز (2ـكىتاب) ........................ 264
تىرېمولىت تېشى (3ـكىتاب) ........................ 327
تىزغا (3ـكىتاب) ........................ 104
تىكەنلىك لېپەكگۈل (2ـكىتاب) ........................ 8
تىللا ئوت (2ـكىتاب) ........................ 100
جاغجاقئوت (2ـكىتاب) ........................ 3
جامكا (2ـكىتاب) ........................ 4
جاۋاشىر (1ـكىتاب) ........................ 404
جەرەن (3ـكىتاب) ........................ 250
جەزبۇزار (2ـكىتاب) ........................ 456
جويۇز (3ـكىتاب) ........................ 424
جۇزنەك (2ـكىتاب) ........................ 194
جۇڭگو ماڭدارى (3ـكىتاب) ........................ 218
جۇۋنە (3ـكىتاب) ........................ 189
جۆئدە (1ـكىتاب) ........................ 403
جىغان مېۋىسى (3ـكىتاب) ........................ 181
جىگدە چېچىكى (3ـكىتاب) ........................ 294
جىگدە (2ـكىتاب) ........................ 310
جىنتىيانا (3ـكىتاب) ........................ 66
جىنچاقىلى يىلتىزى (3ـكىتاب) ........................ 451
جىنكېۋىزى ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........................ 492
چاچراتقۇ (1ـكىتاب) ........................ 227
چاچ كۆمۈرى (1ـكىتاب) ........................ 391
چارپاقا (2ـكىتاب) ........................ 358
چار يىلان (1ـكىتاب) ........................ 271
چاغىرچاي (1ـكىتاب) ........................ 359
چاققاقئوت ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........................ 486
چاققاقئوت (3ـكىتاب) ........................ 485
چاكا مۇخ (2ـكىتاب) ........................ 385
چاكاندا (2ـكىتاب) ........................ 221
چال موگرا (1ـكىتاب) ........................ 301
چالموگرا يېغى (3ـكىتاب) ........................ 476
چامغۇر (3ـكىتاب) ........................ 116
چايان (2ـكىتاب) ........................ 401
چاي (2ـكىتاب) ........................ 471
چەشمى خورۇس (3ـكىتاب) ........................ 300
چوڭ چىلان (3ـكىتاب) ........................ 59
چوڭ سۇتلۇكئوت (1ـكىتاب) ........................ 143

چوك يوپۇرماقلىق جىنتىيانا (3ـكىتاب) … 397
چۇپۇرشاڭ (1ـكىتاب) … 475
چۇغۇندان (3ـكىتاب) … 102
چۇقا (1ـكىتاب) … 477
چۇلۇك دەرىخى قوۋزىقى (2ـكىتاب) … 304
چۆپچىن (1ـكىتاب) … 268
چۆل رەيھىنى (1ـكىتاب) … 413
چۆل رەيھىنى (3ـكىتاب) … 101
چۆل يالپۇزى (1ـكىتاب) … 478
چۇچۇكبۇيا يىلتىزى (1ـكىتاب) … 179
چۈژگۈن ئۈندۈرمىسى (3ـكىتاب) … 166
چۇمۇلە (3ـكىتاب) … 420
چىغىرتماق گۈلى (2ـكىتاب) … 11
چىغىرتماق ئۇرۇقى (1ـكىتاب) … 426
چىغىرتماق يىلتىزى (1ـكىتاب) … 496
چىگىت مېغىزى (3ـكىتاب) … 335
چىگىت يېغى (3ـكىتاب) … 515
چىڭگىلىك (3ـكىتاب) … 396
چىلاپا (1ـكىتاب) … 236
چىلان (1ـكىتاب) … 172
چىلغوزا (3ـكىتاب) … 345
چىنار ئۇرۇقى (2ـكىتاب) … 406
چىنىگۈل (2ـكىتاب) … 79
خام ئەگىرسۇناي (1ـكىتاب) … 462
خەرنۇب (1ـكىتاب) … 417
خوخا (1ـكىتاب) … 149
خورما (1ـكىتاب) … 322
خولىنجان (3ـكىتاب) … 161
خۇنسىياۋشان (1ـكىتاب) … 387
خىنىگۈل (1ـكىتاب) … 296
خىنىگۈلى ئۇرۇقى (3ـكىتاب) … 483
خىيارشەنبەر (1ـكىتاب) … 249
دارچىن (1ـكىتاب) … 99
دارچىن يوپۇرمىقى (1ـكىتاب) … 102
دەرمەنە تۇركى (2ـكىتاب) … 195
دولانا (3ـكىتاب) … 70
دۇرنەج ئەقرەبى (3ـكىتاب) … 31
دېڭىزىيا (1ـكىتاب) … 505
دىبىق (2ـكىتاب) … 229
دىپساكۇس (3ـكىتاب) … 323
راتىيانەج (3ـكىتاب) … 122
رال (2ـكىتاب) … 363
رەۋەن (3ـكىتاب) … 72
رەيھان (1ـكىتاب) … 113
رەيھان ئۇرۇقى (3ـكىتاب) … 37
روشەنگۈل (2ـكىتاب) … 394
رۇبىي سۇس (3ـكىتاب) … 121
رۇسۇت (3ـكىتاب) … 372
رۇم بەدىيان (1ـكىتاب) … 97
رىگ ماھى (3ـكىتاب) … 280
زاراڭزا چېچىكى (2ـكىتاب) … 201
زاراڭزا مېغىزى (2ـكىتاب) … 146
زاراڭزا يېغى (2ـكىتاب) … 242
زاغۇن ئۇرۇقى (3ـكىتاب) … 269
زەپەر (2ـكىتاب) … 441
زەرچىۋە (2ـكىتاب) … 147

زەرنەپ (3ـكىتاب ) …… 78
زەرنىخ (2ـكىتاب ) …… 366
زەمچە (3ـكىتاب ) …… 373
زەنجىۋىل (1ـكىتاب ) …… 95
زەنجىۋىل شامى (1ـكىتاب ) …… 424
زەھەرمۆھرە (2ـكىتاب ) …… 403
زەيتۇن مېۋىسى (2ـكىتاب ) …… 120
زەيتۇن يېغى (3ـكىتاب ) …… 429
زۇپا (3ـكىتاب ) …… 100
زۇپتى رۇمى (3ـكىتاب ) …… 417
زۇرۇمبات (3ـكىتاب ) …… 42
زۇلۇك (1ـكىتاب ) …… 273
زۇمرەت (3ـكىتاب ) …… 12
زىرە (2ـكىتاب ) …… 159
زىرىق (3ـكىتاب ) …… 225
زىغىر ئۇرۇقى (3ـكىتاب ) …… 133
زىغىر يېغى (3ـكىتاب ) …… 135
سازاڭ (1ـكىتاب ) …… 275
سازەج ھىندى (3ـكىتاب ) …… 24
سالاجىت (2ـكىتاب ) …… 331
سامساق (3ـكىتاب ) …… 479
سانا (1ـكىتاب ) …… 225
سانجىقئوت يىلتىزى (2ـكىتاب ) …… 405
سەبرى (1ـكىتاب ) …… 223
سەپدە گۈل (1ـكىتاب ) …… 126
سەپرائوت يىلتىز پوستى (3ـكىتاب ) …… 209
سەدەپ (1ـكىتاب ) …… 383
سەئدى كوفى (3ـكىتاب ) …… 84
سەئدى (3ـكىتاب ) …… 74
سەرەس (3ـكىتاب ) …… 361
سەرپىستان (1ـكىتاب ) …… 191
سەرتان بەھرى (2ـكىتاب ) …… 357
سەرتان نەھرى (2ـكىتاب ) …… 355
سەرخەس (1ـكىتاب ) …… 304
سەقەنقۇر (3ـكىتاب ) …… 282
سەكبىنەج (1ـكىتاب ) …… 437
سەمەكتۇس سەيدا (3ـكىتاب ) …… 291
سەنگى جاراھەت (2ـكىتاب ) …… 361
سەنگىيا (1ـكىتاب ) …… 285
سەۋزە ئۇرۇقى (3ـكىتاب ) …… 271
سەۋزە (2ـكىتاب ) …… 118
سوقمۇنىيا (1ـكىتاب ) …… 257
سۇ بۆلجۈرگىنى (3ـكىتاب ) …… 217
سۇزاپ ئۇرۇقى (2ـكىتاب ) …… 149
سۇزاپ (3ـكىتاب ) …… 450
سۇڭپىياز (1ـكىتاب ) …… 350
سۇماق (1ـكىتاب ) …… 129
سۇنبۇل چىنى (3ـكىتاب ) …… 8
سۇنبۇل ھىندى (3ـكىتاب ) …… 22
سۇندۇرۇس (3ـكىتاب ) …… 76
سۆرۈنجان (2ـكىتاب ) …… 235
سۆگەتگۈل (2ـكىتاب ) …… 20
سۆگەت (2ـكىتاب ) …… 53
سۆئەلەب مىسرى (3ـكىتاب ) …… 248
سۆئەلەپ چىنى (1ـكىتاب ) …… 385
سۇرمە (3ـكىتاب ) …… 359

سۆزە (1ـكىتاب) ........ 154
سېرىق ھېلىلە (1ـكىتاب) ........ 210
سېغىزخان (3ـكىتاب) ........ 364
سېغىنچىچىكى (2ـكىتاب) ........ 9
سېمىزئوت (1ـكىتاب) ........ 124
سېمىزئوت ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ........ 317
سىركە (2ـكىتاب) ........ 56
سىسالىيۇس (3ـكىتاب) ........ 164
سىماب (1ـكىتاب) ........ 282
سىماقۇلئەبغەيىن (2ـكىتاب) ........ 335
سىيادان (3ـكىتاب) ........ 500
سىيادان يېغى (3ـكىتاب) ........ 508
شاپتۇل (1ـكىتاب) ........ 68
شاپتۇل مېغىزى (3ـكىتاب) ........ 526
شاپتۇل مېغىزى يېغى (3ـكىتاب) ........ 528
شاتارى (1ـكىتاب) ........ 465
شاترەنجى (3ـكىتاب) ........ 504
شاتۇت (3ـكىتاب) ........ 378
شاخار (3ـكىتاب) ........ 191
شاخ دارچىن (1ـكىتاب) ........ 100
شادىنەج (1ـكىتاب) ........ 382
شازاندىرا (2ـكىتاب) ........ 284
شاقاقۇل مىسرى (3ـكىتاب) ........ 302
شاقايىقۇننۇئمان (2ـكىتاب) ........ 41
شاكال بەدىيان (2ـكىتاب) ........ 143
شاھتەررە چىنى (1ـكىتاب) ........ 173
شاھتەررە ھىندى (1ـكىتاب) ........ 303
شەپەرەڭ (1ـكىتاب) ........ 440
شەپەرەڭ مايىقى (1ـكىتاب) ........ 443
شەھدان (2ـكىتاب) ........ 390
شەۋكىران (2ـكىتاب) ........ 267
شۇمبۇيا (3ـكىتاب) ........ 413
شۇمشا ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 128
شېكەرتىغال (3ـكىتاب) ........ 130
شېكەر قومۇشى (1ـكىتاب) ........ 327
شىرخىشت (1ـكىتاب) ........ 259
شىقىلداق يىلتىزى (3ـكىتاب) ........ 145
شىنجاڭ قانتېپەرى (3ـكىتاب) ........ 234
شىۋاق (1ـكىتاب) ........ 432
غاپەس (1ـكىتاب) ........ 241
غارغار (3ـكىتاب) ........ 516
غارىقۇن (1ـكىتاب) ........ 239
غازتاپان (1ـكىتاب) ........ 379
غاز تۇخۇم شاكىلى (2ـكىتاب) ........ 336
غاز تۇخۇمى (3ـكىتاب) ........ 292
غاز قانىتىئوتى (1ـكىتاب) ........ 390
غاز قېنى (2ـكىتاب) ........ 388
غاز گۆشى (3ـكىتاب) ........ 293
غۇنچىئۈزۈم (3ـكىتاب) ........ 215
فەرپىيۇن (3ـكىتاب) ........ 439
فۇپەل (2ـكىتاب) ........ 181
فىروزە (2ـكىتاب) ........ 396
قاپاق (1ـكىتاب) ........ 76
قاپاق ئۇرۇقى (1ـكىتاب) ........ 115
قاپاق يېغى (1ـكىتاب) ........ 78
قارا پارپا (3ـكىتاب) ........ 432

قارا چېكەتكە (3ـكىتاب ) ………… 297
قارا خەربەق (3ـكىتاب ) ………… 496
قارادان (2ـكىتاب ) ………… 2
قارا شېكەر (1ـكىتاب ) ………… 337
قارا كۆز بەدىيان مايىسى (2ـكىتاب ) ………… 213
قارا كۆز بەدىيان (2ـكىتاب ) ………… 243
قارا كۈنجۈت (3ـكىتاب ) ………… 339
قارا ھېلىلە (1ـكىتاب ) ………… 300
قارا ئۆجمە (1ـكىتاب ) ………… 325
قار لەيلىسى (1ـكىتاب ) ………… 493
قارلىغاچ چاڭگىسى (3ـكىتاب ) ………… 146
قارىمۇچ (1ـكىتاب ) ………… 106
قارىمۇق (3ـكىتاب ) ………… 334
قارىئۆرۈك (1ـكىتاب ) ………… 138
قاشتېشى (3ـكىتاب ) ………… 44
قاشلىقئوت (1ـكىتاب ) ………… 363
قاغىتىرنىقى (2ـكىتاب ) ………… 39
قاقىرا تۇمشۇق (3ـكىتاب ) ………… 416
قاقىلە (3ـكىتاب ) ………… 183
قامچىئوت (1ـكىتاب ) ………… 471
قامچىئوت يىلتىزى (1ـكىتاب ) ………… 315
قانتېپەر (1ـكىتاب ) ………… 321
قاندالا (2ـكىتاب ) ………… 324
قايماق (1ـكىتاب ) ………… 165
قەردىمانە (3ـكىتاب ) ………… 473
قەسبۇززەرىرە (1ـكىتاب ) ………… 298
قەشقەر ئۆپپىسى (2ـكىتاب ) ………… 373
قەغەز كۆلى (1ـكىتاب ) ………… 377
قەلەمپۇر (1ـكىتاب ) ………… 103
قەلەمپۇر يېغى (3ـكىتاب ) ………… 435
قەلەي (2ـكىتاب ) ………… 364
قەنبىل (2ـكىتاب ) ………… 179
قەنتەرىيۇن (1ـكىتاب ) ………… 233
قەھۋە (2ـكىتاب ) ………… 276
قوغۇن (1ـكىتاب ) ………… 324
قوغۇن ساپىقى (2ـكىتاب ) ………… 110
قوغۇن ئۇرۇقى (2ـكىتاب ) ………… 108
قوڭغۇراقگۈل يىلتىزى (3ـكىتاب ) ………… 125
قومۇش يىلتىزى (3ـكىتاب ) ………… 208
قوي جىگىرى (3ـكىتاب ) ………… 61
قوي سۈتى (2ـكىتاب ) ………… 420
قوي قېرىنى (3ـكىتاب ) ………… 175
قويكۆزى ئوت (1ـكىتاب ) ………… 365
قوي گۆشى (2ـكىتاب ) ………… 422
قوي مېڭىسى (2ـكىتاب ) ………… 454
قوي ئۆپكىسى (3ـكىتاب ) ………… 110
قوي ئۆتى (3ـكىتاب ) ………… 362
قوي يېغى (2ـكىتاب ) ………… 421
قوي يىلىكى (1ـكىتاب ) ………… 161
قۇرتئوت (1ـكىتاب ) ………… 319
قۇشقاچ مېڭىسى (2ـكىتاب ) ………… 466
قۇلماق (3ـكىتاب ) ………… 173
قۇندۇز قەھرى (2ـكىتاب ) ………… 463
قۇندۇزئوت (3ـكىتاب ) ………… 124
قۇنۇن (2ـكىتاب ) ………… 265
قېتىق (1ـكىتاب ) ………… 65

قېتىق سۈزمىسى (3ـكىتاب) …… 163
قېرىقىز (2ـكىتاب) …… 51
قىرغاۋۇل (3ـكىتاب) …… 394
قىرىقئاياغ (2ـكىتاب) …… 407
قىرىقبوغۇم (1ـكىتاب) …… 354
قىزىلبۆغداش (1ـكىتاب) …… 162
قىزىلچا (3ـكىتاب) …… 184
قىزىل چۈپچىنى (1ـكىتاب) …… 269
قىزىل سەندەل (3ـكىتاب) …… 39
قىزىل سىر (1ـكىتاب) …… 280
قىزىل قىچا (3ـكىتاب) …… 506
قىزىلگۈل (1ـكىتاب) …… 175
قىزىلگۈل يېغى (2ـكىتاب) …… 18
قىزىلمۈچ (2ـكىتاب) …… 219
قىزىل ئۈزۈم (1ـكىتاب) …… 335
قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى (2ـكىتاب) …… 303
كاپۇر (2ـكىتاب) …… 268
كات ھىندى (3ـكىتاب) …… 388
كاسنە ئۇرۇقى (1ـكىتاب) …… 171
كاسنە (3ـكىتاب) …… 223
كاسنە يىلتىزى (1ـكىتاب) …… 402
كاشىم (3ـكىتاب) …… 431
كاكتۇس (2ـكىتاب) …… 393
كاكىنەچ (1ـكىتاب) …… 486
كالا سۈتى (1ـكىتاب) …… 163
كالا ئۆتى (2ـكىتاب) …… 398
كاللەكبەسەي (2ـكىتاب) …… 74
كالىقۇلاق (1ـكىتاب) …… 366
كالىي زىرە (3ـكىتاب) …… 491
كاۋا ئۇرۇقى (2ـكىتاب) …… 178
كاۋاۋچىنى (3ـكىتاب) …… 391
كەبابە (3ـكىتاب) …… 387
كەپە (2ـكىتاب) …… 138
كەپتەر گۆشى (2ـكىتاب) …… 430
كەپرەس (1ـكىتاب) …… 287
كەتمەنقوڭغۇز (1ـكىتاب) …… 347
كەتىراچىنى (2ـكىتاب) …… 350
كەتىرا (3ـكىتاب) …… 140
كەرەپشە (1ـكىتاب) …… 427
كەرەپشە ئۇرۇقى (2ـكىتاب) …… 85
كەرەپشە يىلتىزى (1ـكىتاب) …… 445
كەركىدان مۈڭگۈزى (2ـكىتاب) …… 352
كەرمان (2ـكىتاب) …… 470
كەرۋىيا (2ـكىتاب) …… 155
كەسلەنچۈك (2ـكىتاب) …… 153
كەكرە (1ـكىتاب) …… 290
كەكرى ئۇرۇقى (1ـكىتاب) …… 429
كەكلىك گۆشى (2ـكىتاب) …… 428
كەندىر ئۇرۇقى (2ـكىتاب) …… 295
كەھرىۋا (2ـكىتاب) …… 326
كەۋرەك (3ـكىتاب) …… 461
كۆتىكى (1ـكىتاب) …… 502
كۆچۈلا (3ـكىتاب) …… 447
كۆلى بېھىسى (3ـكىتاب) …… 194
كۆندۈر (2ـكىتاب) …… 312
كۆندۈش (3ـكىتاب) …… 399

كۆپىكى دەريا (3ـكىتاب) ...... 385
كۆك ئەمەن (3ـكىتاب) ...... 503
كۆكتاش (2ـكىتاب) ...... 353
كۆك چاي (1ـكىتاب) ...... 92
كۆك كاۋا شاپىقى (2ـكىتاب) ...... 73
كۆك كاۋا (2ـكىتاب) ...... 124
كۆكمارال (2ـكىتاب) ...... 323
كۆك ماش (3ـكىتاب) ...... 228
كۆكنار پوستى (2ـكىتاب) ...... 233
كۆكنار ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ...... 342
كۆممىقوناق ساقىلى (2ـكىتاب) ...... 75
كۇدە ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ...... 152
كۇدە (2ـكىتاب) ...... 126
كۇمۇش (3ـكىتاب) ...... 46
كۇمۇش ۋاراق (2ـكىتاب) ...... 460
كۇنجۇت يېغى (3ـكىتاب) ...... 498
كېلەر (2ـكىتاب) ...... 142
كېۋەز ئانىسى (1ـكىتاب) ...... 81
كېۋەز ئانىسى ئۇرۇقى (1ـكىتاب) ...... 474
كېۋەز چېچىكى (3ـكىتاب) ...... 3
كېيۇرە (1ـكىتاب) ...... 156
كېيىك قېنى (1ـكىتاب) ...... 394
كىچىك چىلان (1ـكىتاب) ...... 345
كىچىك خوخا (1ـكىتاب) ...... 361
كىچىك سۇتلۇكئوت (1ـكىتاب) ...... 145
كىرەش (3ـكىتاب) ...... 2
كىرپە (2ـكىتاب) ...... 437
كىشمىش (1ـكىتاب) ...... 213
كىلىپىمىل تېشى (3ـكىتاب) ...... 520
گاستىرودىيە ئوتى (2ـكىتاب) ...... 445
گاۋزىبان چىنى (2ـكىتاب) ...... 46
گاۋزىبان ھىندى (1ـكىتاب) ...... 194
گەج (2ـكىتاب) ...... 360
گۇرەل (1ـكىتاب) ...... 159
گۇڭگۇرت (1ـكىتاب) ...... 278
گۇلەمبەر (2ـكىتاب) ...... 175
گۇلدارچىن (3ـكىتاب) ...... 160
گۇلى گاۋزىبان (3ـكىتاب) ...... 47
گۇل ياسمەن (3ـكىتاب) ...... 221
گىلاس (1ـكىتاب) ...... 86
گىلى مەختۇم (2ـكىتاب) ...... 346
لاجۇۋەرد (1ـكىتاب) ...... 255
لاچىندانە چىنى (3ـكىتاب) ...... 197
لاچىندانە ھىندى (2ـكىتاب) ...... 467
لەكى مەغسۇل (3ـكىتاب) ...... 62
لەئلى (3ـكىتاب) ...... 10
لەھىيەتۇتتىس (1ـكىتاب) ...... 388
لوبان (3ـكىتاب) ...... 119
لوپنۇر كەندىرى (2ـكىتاب) ...... 50
لوفاھ (2ـكىتاب) ...... 271
لوكات (2ـكىتاب) ...... 48
لېپەكگۇل (3ـكىتاب) ...... 324
لىمون (1ـكىتاب) ...... 62
مارجان (3ـكىتاب) ...... 5
مازارىيۇن (1ـكىتاب) ...... 237
ماگنولىيە (3ـكىتاب) ...... 167

ماگنىت تېشى (2ـكىتاب) ........ 103
مالكەنگنى (3ـكىتاب) ........ 428
مالىنا (3ـكىتاب) ........ 289
مامچەمەك (2ـكىتاب) ........ 22
مامىرانچىنى (1ـكىتاب) ........ 495
مامسا (2ـكىتاب) ........ 307
مامكاپ (1ـكىتاب) ........ 472
ماھۇدانە (2ـكىتاب) ........ 15
ماھى زەھرەج (1ـكىتاب) ........ 234
مەدەستان (2ـكىتاب) ........ 347
مەرزەنجۇش (3ـكىتاب) ........ 26
مەرۋايىت (3ـكىتاب) ........ 29
مەرۋايىت (3ـكىتاب) ........ 65
مەستىكى رۇمى (3ـكىتاب) ........ 192
مودەنگۇل يىلتىز پوستى (2ـكىتاب) ........ 44
موزا (3ـكىتاب) ........ 381
موزايۋپشى (1ـكىتاب) ........ 436
مۇرچۇبە (3ـكىتاب) ........ 111
مۇرمەككى (3ـكىتاب) ........ 383
مۇشكىتارامىش (2ـكىتاب) ........ 145
مۇشكىدانە (2ـكىتاب) ........ 245
مۇغاس (1ـكىتاب) ........ 422
مۇقەل (1ـكىتاب) ........ 421
مىئە سائىلە (3ـكىتاب) ........ 379
مىس دېتى (3ـكىتاب) ........ 470
نارجىل (3ـكىتاب) ........ 264
نارگۇل ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 326
نارمىشكى (3ـكىتاب) ........ 32
نەرگىس گۇلى ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 519
نەرگىس (2ـكىتاب) ........ 173
نەغەز گۇلى يىلتىزى (1ـكىتاب) ........ 460
نوقۇت (3ـكىتاب) ........ 263
نۆشۇدۇر (3ـكىتاب) ........ 477
نىلۇپەر گۇلى (1ـكىتاب) ........ 169
نىلۇپەر ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 211
نىشاستە (3ـكىتاب) ........ 117
ھايۋاناتلارنىڭ تىلى (3ـكىتاب) ........ 233
ھەببەتۇلخۇزرا (3ـكىتاب) ........ 351
ھەببۇلئاس (2ـكىتاب) ........ 349
ھەببۇلبان (2ـكىتاب) ........ 191
ھەببۇلغار (3ـكىتاب) ........ 411
ھەببۇلمۇلۇك (2ـكىتاب) ........ 169
ھەببۇلمۇلۇك يېغى (2ـكىتاب) ........ 172
ھەببى بىلسان (1ـكىتاب) ........ 408
ھەببى رىشاد (3ـكىتاب) ........ 353
ھەببى زەلەم (3ـكىتاب) ........ 352
ھەببى قەلقەل (3ـكىتاب) ........ 299
ھەجرۇلىيەھۇد (2ـكىتاب) ........ 106
ھەرە كۆنىكى (2ـكىتاب) ........ 389
ھەسەل (3ـكىتاب) ........ 285
ھەشقىپىچەك گۇلى (1ـكىتاب) ........ 433
ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى (1ـكىتاب) ........ 261
ھەلىيۇن ئۇرۇقى (3ـكىتاب) ........ 258
ھەمىشىباھار ئۇرۇقى (1ـكىتاب) ........ 490
ھۆپۈپ گۆشى (3ـكىتاب) ........ 363
ھېقىق (3ـكىتاب) ........ 16

ھىلڭ (3-كىتاب) ........................ 418
ئوچاق چالمىسى (2-كىتاب) ........................ 332
ئوردان (3-كىتاب) ........................ 494
ئوسما يوپۇرمىقى (3-كىتاب) ........................ 523
ئوسما يىلتىزى (3-كىتاب) ........................ 376
ئوسۇڭ (1-كىتاب) ........................ 84
ئوسۇڭ ئۇرۇقى (2-كىتاب) ........................ 281
ئوغرىتىكەن (2-كىتاب) ........................ 104
ئۇترۇچ (1-كىتاب) ........................ 87
ئۇچارچاشقان مايىقى (1-كىتاب) ........................ 348
ئۇچقۇن پاقا (1-كىتاب) ........................ 276
ئۇد سەلب (1-كىتاب) ........................ 202
ئۇد ھىندى (3-كىتاب) ........................ 79
ئۇزبەر (2-كىتاب) ........................ 280
ئۇزۇنچاق زىراۋەندە (3-كىتاب) ........................ 405
ئۇسرۇل (2-كىتاب) ........................ 274
ئۈلار گۆشى (2-كىتاب) ........................ 419
ئۆچكە گۆشى (2-كىتاب) ........................ 431
ئۆرۈك مېغىزى (1-كىتاب) ........................ 117
ئۆرۈك مېغىزى يېغى (2-كىتاب) ........................ 122
ئۆرۈك (2-كىتاب) ........................ 123
ئۆشەق (2-كىتاب) ........................ 156
ئۆشنە (3-كىتاب) ........................ 19
ئۈجمە يوپۇرمىقى (1-كىتاب) ........................ 500
ئۈجمە يىلتىزى پوستى (3-كىتاب) ........................ 143
ئۈچقات (1-كىتاب) ........................ 461
ئۇستقۇددۇس (1-كىتاب) ........................ 193
ئۇستقۇدرىيۇن (2-كىتاب) ........................ 24
ئېشەكقومۇشى (3-كىتاب) ........................ 337
ئېشەكيېلىمى (1-كىتاب) ........................ 318
ئېگىر (1-كىتاب) ........................ 419
ئېۋكوممىيە دەرىخى قوۋزىقى (3-كىتاب) ........ 64
ئېيىقئۈزۈمى (1-كىتاب) ........................ 229
ئىپار (2-كىتاب) ........................ 464
ئىتئۈزۈمى (1-كىتاب) ........................ 508
ئىتياڭىقى گۈلى (2-كىتاب) ........................ 297
ئىتياڭىقى ئۇرۇقى (2-كىتاب) ........................ 240
ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى (2-كىتاب) ........................ 299
ئىزخىر مەككى (3-كىتاب) ........................ 58
ئىسپىغۇل (1-كىتاب) ........................ 491
ئىشەك سۈتى (3-كىتاب) ........................ 142
ئىكلىلمەلىك (2-كىتاب) ........................ 17
ئىلى سوغىگۈلى (3-كىتاب) ........................ 114
ئىنەكپىتى ئۇرۇقى (2-كىتاب) ........................ 238
ئىنەكپىتى يېغى (1-كىتاب) ........................ 231
ياچۇۋەك تۇخۇمى (2-كىتاب) ........................ 337
ياز غازىڭى (1-كىتاب) ........................ 430
ياقۇت (3-كىتاب) ........................ 35
ياڭاق كۆك پوستى (1-كىتاب) ........................ 507
ياڭاق (2-كىتاب) ........................ 457
يالپۇز جەۋھىرى (2-كىتاب) ........................ 250
يالپۇز (2-كىتاب) ........................ 231
يالغان ئادەمگىياھ (1-كىتاب) ........................ 374
يانتاق (2-كىتاب) ........................ 12
ياۋا ئامۇت (3-كىتاب) ........................ 171
ياۋا پۇرچاق (2-كىتاب) ........................ 217

ياۋا توشقان گۆشى (3ـكىتاب) ............ 401

ياۋا زاغۇن (2ـكىتاب) ............ 261

ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ............ 101

ياۋا سۆپۈرگە ئۇرۇقى (1ـكىتاب) ............ 295

ياۋا كەشمىر (2ـكىتاب) ............ 80

ياۋا كۆنجۈت (3ـكىتاب) ............ 338

يەر توزغىقى (1ـكىتاب) ............ 470

يەرلىك توغرىغا (2ـكىتاب) ............ 139

يەرلىك سوپۇن (1ـكىتاب) ............ 294

يەرمەدىكى (2ـكىتاب) ............ 439

يەر ياڭىقى (3ـكىتاب) ............ 354

يەر ياڭىقى يېغى (3ـكىتاب) ............ 281

يۇلغۇن مېۋىسى (1ـكىتاب) ............ 369

يۇلغۇن (2ـكىتاب) ............ 302

يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى (2ـكىتاب) ............ 443

يۇمغاقسۇت (1ـكىتاب) ............ 83

يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى (2ـكىتاب) ............ 320

يۇمىلاق قاقىلە (3ـكىتاب) ............ 169

يۆگىمەچىئوت (3ـكىتاب) ............ 226

يېسسىمۇق (1ـكىتاب) ............ 157

يېكەن توزغىقى (1ـكىتاب) ............ 375

يىڭنە بېلىق (3ـكىتاب) ............ 303

يىلان قاسىرىقى (1ـكىتاب) ............ 503

يىلان ئۆتى (3ـكىتاب) ............ 113

يىلپىز سۆڭىكى (3ـكىتاب) ............ 404



قارادان
连翘
1.11- رەسىم



جامكا
浮萍
3.11- رەسىم



پەربۇن
紫胡
4.11- رەسىم



ئاق موم
蜂蜡
5.11- رەسىم



تىكەنلىك لىپەكگۈل
倒扣草
6.11- رەسىم



چىغىرتماق گۈلى
马蔺花
8.11- رەسىم



يانتاق
骆驼刺
9.11- رەسىم



تۇخۇم ئېقى
鸡蛋白
10.11- رەسىم



ماھۇدانە
千金子
11.11- رەسىم



ئىكلىلمىلىك
野苜蓿
12.11- رەسىم




قىزىل گۈل يېغى
玫瑰花油
13.1.1- رەسىم



سۆگەتگۈل
夹竹桃
14.11- رەسىم



ئانېماررىنا
知 母
رەسىم -1.12



قاغىترنىقى
光 兹 姑
رەسىم -2.12



شاقايىقۇننۇئمان
白 头 翁
رەسىم -3.12



تالك
滑 石
رەسىم -4.12



مودەنگۈل يىلتىزى پوستى
杜 丹 皮
رەسىم -5.12



گاۋزىبان چىنى
倒 提 壶
رەسىم -6.12



لوكات
枇 杷 果
7.12- رەسىم



لوپنۇر كەندىرى
罗 布 麻
8.12- رەسىم



قېرىقىز
牛 蒡 子
9.12- رەسىم



تاشئوت
银紫胡
11.12- رەسىم



سىركە
葡 萄 醋
12.12- رەسىم



ئاق لەيلى ئۇرۇقى
蜀 葵 子
13.12- رەسىم



تاۋۇز ئۇرۇقى
西 瓜 子
1.13- رەسىم



كۆك كاۋا شاپىقى
冬 瓜 皮
2.13- رەسىم



كاللەكبەسەي
卷 心 菜
3.13- رەسىم



كۆممىقوناق ساقىلى
玉 米 须
4.13- رەسىم



تۇرۇپ
萝 卜
5.13- رەسىم



پىلىكئوت
灯 心 草
8.13- رەسىم



پالما مەرىزى

9.13- رەسىم

猪 苓



كەرەپشە ئۇرۇقى

11.13- رەسىم

旱 芹 子



تەرخەمەك ئۇرۇقى

12.13- رەسىم

黄 瓜 子



ئەتىرگۇل

13.13- رەسىم

月 季 花



تاۋۇزەك

14.13- رەسىم

野 西 瓜 苗



پالەك

15.13- رەسىم

菠 菜 子



تىللا ئوت　1.14- رەسىم
金 钱 草



ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى　2.14- رەسىم
野胡萝卜子



ماگنىت تېشى　3.14- رەسىم
磁 石



ئوغرىتىكەن　4.14- رەسىم
刺蒺藜



ھەجرۇليەھۇد　5.14- رەسىم
吉多果化石



بېلىق مېڭە تېشى　6.14- رەسىم
鱼 脑 石



قوغۇن ئۇرۇقى
甜 瓜 子
رەسىم -7.14



قوغۇن ساپىقى
甜 瓜 蒂
رەسىم -8.14



پىيزەك
三 棱
رەسىم -1.15



بانان
香 蕉
رەسىم -2.15



سەۋزە
胡 萝 卜
رەسىم -3.15



زەيتۇن مېۋىسى
橄 榄
رەسىم -4.15




ئۆرۈك مېغىزى يېغى
杏仁油
5.15- رەسىم



ئۆرۈك
杏子
6.15- رەسىم



كۆك كاۋا
冬瓜
7.15- رەسىم



كۆدە
韭菜
8.15- رەسىم



بېدە
苜蓿
9.15- رەسىم



كەپە
刺山柑果
1.16- رەسىم



يەرلىك توغرىغا
胡 桐 泪
2.16- رەسىم



تاشتۇز
石 盐
3.16- رەسىم



كېلەر
蛤 蚧
4.16- رەسىم



شاكال بەديان
八角茴香
5.16- رەسىم



مۇشكتارامىش
欧亚薄荷
6.16- رەسىم



زاراڭزا مېغىزى
红 花 子
7.16- رەسىم



زەرچۇۋە 8.16- رەسىم

姜黄



سۇزاپ ئۇرۇقى 9.16- رەسىم

芸香子



تۆگىقۇش 10.16- رەسىم

鸵鸟



كۇدە ئۇرۇقى 11.16- رەسىم

韭菜子



كەسلەنچۈك 12.16- رەسىم

蜥蜴



كەرۋىيا 13.16- رەسىم

藏茴香



ئۆشەق
阿摩尼亚脂
رەسىم -14.16



تاغ سامسىقى
山 蒜
رەسىم -15.16



زىرە
孜 然
رەسىم -16.16



ھەببۇلمۇلۇك
巴 豆
رەسىم -1.17




ھەببۇلمۇلۇك يېغى
巴 豆 油
رەسىم -2.17



نەرگىس
水 仙 根
رەسىم -3.17



بەرەنگى كابىلى
白花酸藤果子
5.17- رەسىم



كاۋا ئۇرۇقى
南 瓜 子
6.17- رەسىم



قەنبىل
卡马拉
7.17- رەسىم



فۇپەل
槟 榔
8.17- رەسىم



باقىلە
豌 豆
10.17- رەسىم



ئاچچىق بادام
苦巴旦杏仁
12.17- رەسىم



ھەببۇلبان
苦 楝 子
1.18- رەسىم



ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقى
向日葵叶
2.18- رەسىم



جۇزنەك
泽 兰
13.18 - رەسىم



ئەنجۇدان ئۇرۇقى
阿 魏 子
5.18- رەسىم



ئاغىچە
丝瓜络
6.18- رەسىم



زاراڭزا چېچىكى
红 花
7.18- رەسىم



ئارچا مېۋىسى
8.18- رەسىم
侧 柏 仁



ئاپتاپپەرەس گۈلى
9.18- رەسىم
向日葵花



ئاق خەربەق
1.19- رەسىم
白 黎 芦



تۇرۇپ ئۇرۇقى
2.19- رەسىم
莱 菔 子



قارا كۆز بەدىيان مايسىسى
3.19- رەسىم
莳 萝 苗



ياۋا پۇرچاق
1.20- رەسىم
望 江 南



قىزىلمۇچ
辣 椒
2.20- رەسىم



چاكاندا
麻 黄
3.20- رەسىم



دبىق
桑寄生
2.21- رەسىم



ئەزپا رەتتىپ
文 蛤
3.21- رەسىم



يالپۇز
薄 荷
4.21- رەسىم



كۆكنار پوستى
罂票壳
5.21- رەسىم



سۆرۈنجان
秋水仙
6.21- رەسىم



ئىنەكپىتى ئۇرۇقى
蓖麻子
7.21- رەسىم



ئىتياڭقى ئۇرۇقى
曼陀罗子
8.21- رەسىم




زاراڭزا يېغى
红花子油
9.21- رەسىم



قارا كۆز باديان
莳萝子
10.21- رەسىم



مۇشكدانە
黄葵子
11.21- رەسىم



بالدىرغان
藁 本
12.21 - رەسىم



پىلە قۇرتى مايىقى
蚕 沙
13.21 - رەسىم



يالپۇز جەۋھىرى
薄 荷 脑
14.21 - رەسىم



ياۋا زاغون
白 屈 菜
1.22 - رەسىم



بوز تىكەن
败 酱 草
2.22 - رەسىم



تېزەكچى قوڭغۇز
蜣 螂
3.22 - رەسىم



قونون
钩 藤
4.22- رەسىم



شەۋكىران
葫蔓藤
5.22- رەسىم




كاپۇر
樟 脑
6.22- رەسىم



لوفاھ
颠茄草
7.22- رەسىم



ئۇسرۇل
萝芙木
8.22- رەسىم



قەھۋە
咖 啡
9.22- رەسىم



تاماكا يوپۇرمىقى
烟 草
رەسىم -10.22



ئۆزبەر
荆 芥
رەسىم -11.22



ئوسۇڭ ئۇرۇق
茼 苣 子
رەسىم -12.22



بالەنگو چۆپى
紫 苏
رەسىم -13.22



شازاندىرا
五 味 子
رەسىم -14.22



ئەپيۇن
雅 片
رەسىم -1.23



بەزرۇلبەنجى
天 仙 子
رەسىم -2.23



كەندىر ئۇرۇقى
火 麻 仁
رەسىم -3.23



ئىتياڭىقى گۈلى
洋 金 花
رەسىم -4.23



ئىتياڭىقى يوپۇرمىقى
曼陀罗叶
رەسىم -5.23



يۇلغۇن
柽 柳
رەسىم -1.24



قىزىل ئۈزۈم ئۇرۇقى
红 葡 萄 子
رەسىم -2.24



چۇلۇك دەرىخى قوۋزىقى
椿白皮
رەسىم -3.24



ئاتقۇلاق ئۇرۇقى
酸模子
رەسىم -4.24



مامسا
丽春花
رەسىم -5.24



بەللۇت
橡实
رەسىم -6.24



جىگدە
沙枣
رەسىم -7.24



كۈندۈر
乳香
رەسىم -8.24



ئانار ئۇرۇقى
石榴子
9.24- رەسىم



ئازغان مېۋىسى
蔷薇果
10.24- رەسىم



سېمىز ئوت ئۇرۇقى
马齿苋子
11.24- رەسىم



پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى
车前子
12.24- رەسىم



يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى
芫荽实
13.24- رەسىم



تاجىگۇل
鸡冠花
14.24- رەسىم



قاندالا
升 麻
16.24-رەسىم



كەھرىۋا
琥 珀
17.24-رەسىم



ئاقاقىيا
阿拉伯胶树汁
18.24-رەسىم



تاباشىر
天 竺 黄
19.24-رەسىم



سالاجىت
20.24-رەسىم



ئوچاق چالمىسى
伏 龙 肝
21.24-رەسىم



تازىلانغان شور
硝　石
رەسىم -22.24



سما قۇلئەبغەيىن
五 倍 子
رەسىم -23.24



ياچۇۋەك توخۇمى
桑 螵 蛸
رەسىم -25.24



تاشقا ئايلانغان سۆگەك
龙　骨
رەسىم -26.24



گىلى مەختۇم
赤 石 脂
رەسىم -1.25



مەدەستان
密 陀 僧
رەسىم -2.25



ھەببۇلئاس
3.25 - رەسىم
香桃木实



كەتراچىنى
4.25 - رەسىم
黄 氏



كەركدان مۈڭگۈزى
5.25 - رەسىم
犀 牛 角



كۆكتاش
6.25 - رەسىم
胆 矾



سەرتان نەھرى
7.25 - رەسىم
河 蟹



سەرتان بەھرى
8.25 - رەسىم
海 蟹



9.25- رەسىم
چارپاقا
蟾 蜍



10.25- رەسىم
گەج
石 膏



1.25- رەسىم
سەنگى جاراھەت
硅 酸 镁



12.25- رەسىم
رال
沙罗双树



13.25- رەسىم
قەلەي
锡



14.25- رەسىم
زەرنىخ
雄 黄



ئەنزىرۇت
甘草味胶
15.25 - رەسىم



ئانار پوستى
石榴皮
16.25 - رەسىم



ئابنۇس
乌木屑
17.25 - رەسىم



قەشقەر ئۆپىسى
碳酸铅
18.25 - رەسىم



تەبىئىي مىس
自然铜
19.25 - رەسىم



تەلق
云母石
20.25 - رەسىم



پاقا شىرىسى
蟾 酥
2.26- رەسىم



غاز قېنى
鹅 血
3.26- رەسىم



ھەرە كۆنىكى
蜂 房
4.26- رەسىم



كاكتۇس
仙 人 掌
7.26- رەسىم



روشەنگۈل
千 里 光
8.26- رەسىم



كالا ئۆتى
牛 胆
10.26- رەسىم



ئات يادا تېشى
马 宝
11.26 - رەسىم



چايان
全 蝎
12.26 - رەسىم



زەھرە موھرە
花蕊石
13.26 - رەسىم



چىنار
梧 桐
15.26 - رەسىم



قىرىقئاياق
蜈 蚣
16.26 - رەسىم



تاشپاقا قېپى
龟 甲
1.27 - رەسىم



توخۇ گۆشى
鸡　肉
2.27- رەسىم



تۆگە گۆشى
骆驼肉
3.27- رەسىم



ئۇلار گۆشى
雪　鸡
4.27- رەسىم



قوي گۆشى
羊　肉
7.27- رەسىم



ئادەمگىياھ
人　参
8.27- رەسىم



كەكلىك گۆشى
竹　鸡
9.27- رەسىم



كەپتەر گۆشى
鸽 子
10.27 - رەسىم



ئۆچكە گۆشى
山 羊 肉
11.27 - رەسىم



پاختەك گۆشى
班 鸠 肉
12.27 - رەسىم



ئات گۆشى
马 肉
13.27 - رەسىم



بۇغداي
小 麦
14.27 - رەسىم



كىرپە
刺 猬
15.27 - رەسىم



16.27 - رەسىم يەرمەدىكى
锁 阳



17.27 - رەسىم زەپەر
西 红 花



18.27 - رەسىم يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى
鹿 茸



19.27 - رەسىم گاسترودىيە ئوتى
天 麻



20.27 - رەسىم بۆدۈنە
鹌 鹑



4.28 - رەسىم ياڭاق
胡 桃 仁



ئالتۇن ۋاراق
金 箔
5.28- رەسىم



كۆمۈش ۋاراق
银 箔
6.28- رەسىم



ئەنبەر
龙 涎 香
7.28- رەسىم



قۇندۇز قەھرى
海 狸 香
8.28- رەسىم



ئىپار
麝 香
9.28- رەسىم



قۇشقاچ مېڭىسى
麻 雀 脑
10.28 - رەسىم



لاچىندانە ھىندى

印度豆蔻

11.28 - رەسىم



بالەنگو ئۇرۇقى

紫苏子

12.28 - رەسىم



كەرمان

远 志

13.28 - رەسىم



چاي

茶 叶

14.28 - رەسىم



كىرەش

当 归

1.29 - رەسىم



مارجان

珊 瑚

3.29 - رەسىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىدرىس باقى
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى

مەسئۇل كوررېكتورى: رەيھان نۇر

# ئۇيغۇر تىبابىتى خام دورىلار ئىلمى

(ئىككىنچى توم)

تۈزگۈچىلەر: (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇللا ئابدۇرېشىت،
ئەلى ھاجى قۇربانىنياز ئەمچى، ئەركىن قاسىم، نۇرغۇن ئۆمەر،
تۇنساگۈل مەتقاسىم، رۇقىيە سادىق، زاھىدە توختى،
غالىپ تۇردى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى،
ئوبۇلقاسىم مۇھەممەتسىدىق، ئوبۇل تۇردى

*

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورۇ، پوچتا نومۇرى 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
787×1092 مىللىمېتىر، 16 فورمات
باسما تاۋىقى: 102، قىستۇرما بېتى: 130
2006 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3500

*

ISBN7-5372-4065-5
ئومۇمى باھاسى (ئۈچ توم): 198.00 يۈەن